# ۋە 300، 304، 320، 324، B350
# 2C-354 تراكتور مودېللىرى ئۈچۈن
# مەشغۇلاتچى قوللانمىسى

مەشغۇلاتچى قوللانمىسى

JOHNDEERE 30 ~ 35 ئات كۈچى يۈرۈشلۈك
چاقلىق تراكتورلىرى (2016 يانۋار)

(UYGHUR) A6 مەسىلە OMSU44812

John Deere (Ningbo) Agricultural Machinery Co.
.Ltd
PRINTED in China

## كىرىش سۆز

بۇ قوللانمىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ماشىنىنى قانداق ئىشلىتىش ۋە ئاسراشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بولمىسا، ئادەم يارىلىنىش ياكى ماشىنا بۇزۇلۇش كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ ماشىنىغا ئائىت قوللانما ۋە بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنىڭ باشقا تىلدىكى نۇسخىلىرىمۇ بار. (ئۇلارنى جون دىئېر سودىگىرىدىن سېتىۋېلىڭ. )

بۇ قوللانما بۇ ماشىنىغا نىسبەتەن زۆرۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇبادا بۇ ماشىنىنى باشقىلارغا ساتسىڭىز، مەزكۇر قوللانمىنى ماشىنىنىڭ يېڭى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭ.

مەزكۇر قوللانمىدىكى بارلىق ئۆلچەملەر مېترىك ۋە ئۇنىڭغا تەڭداش بولغان ئادەتتىكى قىممەتلەر بويىچە بېرىلدى. پەقەت توغرا سەپلىمە زاپچاسلار ۋە مىخلارنى ئىشلىتىڭ. مېتىر ۋە دېئۇم ئۆلچىمىدىكى چىڭىتقۇچلارغا ئالاھىدە كۆلۈچ لازىم بولۇشى مۇمكىن.

«ئوڭ تەرەپ» ۋە «سول تەرەپ» تىراكتور ئالدىغا قاراپ ماڭغان يۆنىلىشكە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.

«تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر» ياكى «پەرقلەندۈرۈش نومۇرى» دېگەن بۆلەككە مەھسۇلات پەرقلەندۈرۈش نومۇرىنى (PIN) خاتىرىلەپ قويۇڭ.
ماشىنىنىڭ بارلىق نومۇرلىرىنى توغرا خاتىرىلىگەندە، مۇبادا ماشىنا ئوغرىلىنىپ كەتسە ئۇنى تېپىشقا ئاسان بولىدۇ. سىز زاپچاس زاكاز قىلغاندا، ساتقۇچىغا شۇ نومۇرلار لازىم بولىدۇ. پەرقلەندۈرۈش نومۇرلىرىنى ماشىنىدىن ئايرىم بىخەتەر جايدا ساقلاڭ.

يېقىلغۇ يەتكۈزۈش لىنىيىسىگە زاۋۇت بېكىتكەن ئۆلچەمدىن باشقا ھەر قانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە، ماشىنىنىڭ ئات كۈچىنى بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشۇرۇشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن بۇ ماشىنا ئۈچۈن بېرىلگەن كاپالەت ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

بۇ ماشىنىنى تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن، سودىگەر مال تاپشۇرۇشتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. دەسلەپكى 100 مەشغۇلات سائىتىدىن كېيىن، تىراكتورنىڭ ئىقتىدارىنى ئەڭ ياخشى قىلىش ئۈچۈن، ساتقۇچى بىلەن ۋاقىتنى ئالدىن دېيىشىپ سېتىشتىن كېيىنكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىڭ.

بۇ تىراكتور پەقەت ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك ياكى ئوخشاش مەشغۇلاتلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن (مەقسەتلىك ئىشلىتىش). بۇ ماشىنىنى باشقا جەھەتلەرگە ئىشلىتىش مەقسەتلىك ئىشلىتىشكە خىلاپلىق قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل خاتا ئىشلىتىشتىن كېلىپ چىققان بۇزۇلۇش ياكى ئادەم يارىلىنىشقا نىسبەتەن ئىشلەپچىقارغۇچى ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، قىلغان تەۋەككۈلچىلىككە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە ماشىنىنى ئىشلىتىش، ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش، بەلگىلەنگەن ئىشلىتىش دائىرىسىدىكى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق مۇھىم نۇقتىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تىراكتور چوقۇم ماشىنىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە ئالاقىدار بىخەتەرلىك قائىدىلىرى بىلەن
تەربىيەلەنگەن خادىملار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىشى، ئاسرىلىشى ۋە رېمونت قىلىنىشى كېرەك. ۋەقەدىن مۇداپىئە كۆرۈش ھەققىدىكى بارلىق بەلگىلىمىلەرگە، زۆرۈر بولغان باشقا تىببىي-سەھىيە قائىدىلىرىگە ۋە شۇنداقلا بىخەتەر يۈرۈش قائىدىلىرىگە چوقۇم ھەر ۋاقىت رىئايە قىلىش كېرەك. مەزكۇر تراكتورغا ئۆز مەيلىچە ھەر قانداق ئىسلاھات كىرگۈزۈش ئىشلەپچىقارغۇچىنى ئاقىۋەتتە كېلىپ چىققان ھەر قانداق زىيان ياكى يارىلىنىشنىڭ جاۋابكارلىقىدىن خالاس قىلىدۇ.

بۇ تراكتورنىڭ ئۈنۈمدارلىق ئۆلچىمى Q/NTJ 1162-2015
JOHNDEERE 30 ~ 35 ئات كۈچى يۈرۈشلۈك چاقلىق تراكتوردىن ئىبارەت.

N400041,0001F50-UG-11MAR15-1/1

## پەرقلەندۈرۈش دىئاگراممىسى



N4A0003859—UN—10NOV14

ئىزاھات: كۆرسىتىلگەن تىراكتورنىڭ بەلكىم تاللاشقا بولىدىغان ئۈسكۈنىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

N400041,0001F51-UG-11MAR15-1/1

## قوشۇمچە ئۇچۇرغا قاراڭ

قوللانمىلار نەشىردىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، خېرىدارلار بەزىدە يېڭى ياكى تۈزىتىلگەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشى مۇمكىن. سىزنى ئەڭ يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، تولۇقلىمىلار تەييارلىنىپ ماشىنىنىڭ نەشر بۇيۇملىرى بىلەن بىللە سىزگە ئەۋەتىلىشى مۇمكىن.

تولۇقلىما نەشىر بۇيۇملىرى تۆۋەندىكى شەكىلدە ۋە تېمىلاردا ھازىرلىنىدۇ:

- تەسۋىرلەش قەغىزى
- ئورنىتىش كۆرسەتمىلىرى
- تولۇقلىما نەشر بۇيۇملىرى

بۇ قوللانمىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن، ماشىنىنىڭ نەشر بۇيۇملىرى بولىقىغا قاراپ، قوشۇمچە ئۇچۇر تەمىنلەنگەنمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. ئەگەر بار بولسا، ئاۋۋال بۇ يېڭىلانغان ياكى تۈزىتىلگەن ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ چىقىپ، قايسى مەشغۇلات قائىدىسىنىڭ يېڭىلانغان ياكى تۈزىتىلگەنلىكىنى بىلىۋېلىڭ.

«دىققەت» ۋە «مۇھىم» دېگەن مەزمۇنلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ. «دىققەت» دېگەن بايانلار سىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بىخەتەرلىكى شۇنداقلا ماشىنىنى بىخەتەر مەشغۇلات قىلىش ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن ئىبارەت. «مۇھىم» دېگەن بايانلار ماشىنىنى تەڭشەش، تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئىشلىتىش قوللانمىسى يىلدا بىر قېتىم تۈزىتىلىدۇ. تۈزىتىلگەندە، قوشۇمچە ئۇچۇرلار قوللانمىغا بىۋاسىتە قوشۇۋېتىلىدۇ، ئايرىم نەشر قىلىنمايدۇ.

N400041,0001F52-UG-11MAR15-1/1

# مۇندەرىجە


بەت

**بىخەتەرلىك ئۇچۇرلىرى**

بىخەتەرلىك ئۇچۇرلىرىنى پەرقلەندۈرۈش 05-1
سىگنال سۆزلىرىنى چۈشىنىش 05-1
بىخەتەرلىك تەلىملىرىگە ئەگىشىش 05-1
جىددىي ئەھۋاللارغا هازىرلىق كۆرۈش 05-2
مۇداپىئە كىيىمىنى كىيىش 05-2
شاۋقۇنغا قارشى مۇداپىئەلىنىش 05-2
يېقىلغۇنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش — ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش 05-3
قوزغىتىش سۇيۇقلۇقىنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش 05-3
ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش 05-3
ئوت كەتكەن ئەھۋالدا 05-4
ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلمىسى (ROPS) نى جايىغا ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش 05-4
قاتلىنىدىغان ROPS ۋە ئورۇندۇق كەمىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش 05-4
ئايلىنىۋاتقان ھەيدەش شافتىلىرىدىن يىراقراق تۇرۇڭ 05-5
پەلەمپەيلەر ۋە قول رېلىسلىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش 05-5
ISOBUS دېھقانچىلىق جابدۇقى مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنى ئوقۇش 05-6
ئورۇندۇق كەمىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش 05-6
تراكتورنى بىخەتەر مەشغۇلات قىلدۇرۇش 05-7
ئۆرۈلۈپ كېتىش قازالىرىدىن ساقلىنىڭ! 05-8
ئورمانچىلىق مەشغۇلاتىدا ئىشلىتىش چەكلىملىرى 05-8
يۈكلىگۈچ تراكتورنى بىخەتەر ھەيدەش 05-8
ماشىنىغا مىنگىشىۋالغانلارنى چۈشۈرۈۋېتىش 05-9
تەربىيىچى ئورۇندۇقى 05-9
بىخەتەرلىك چىراغلىرى ۋە قۇرۇلمىلىرىنى ئىشلىتىش 05-9
سۆرۈلىدىغان دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى بىخەتەر سۆرىئەتتە توشۇش 05-10
يانتۇلۇقلاردا ۋە ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەر شەكلىدە ئېھتىيات قىلىش 05-10
يېتىپ قالغان ماشىنىنى تارتىپ ئېچىقىش 05-11
هاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشتىن ساقلىنىش 05-11
هاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىلىرىنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش 05-12
باتارېيىنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش 05-13
بېسىملىق سۇيۇقلۇق لىنىيىلىرىنىڭ يېنىدا قىزدۇرۇشىدىن ساقلىنىش 05-14
كەپشەرلەش ياكى قىزدۇرۇشتىن ئاۋۋال سىرنى چىقىرىۋېتىش. 05-14
ئېلېكترونىك دېتاللار ۋە تېرەكلەرنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش 05-14
بىخەتەر پەرۋىش ئىلىپ بېرىش مېتودلىرى 05-15
قىزىق ئېگزوستىن ساقلىنىش 05-15
ئېگزوس فىلتىرىنى بىخەتەر تازىلاش 05-16
خىزمەت يېرىدە هاۋانىڭ ياخشى ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىنى ساقلاش 05-17
ماشىنىنى مۇۋاپىق تىرەش 05-17
ماشىنا قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش 05-17
ماشىنىنى بىخەتەر پارك قىلىش 05-18
تراكتورنى بىخەتەر توشۇش 05-18
سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى بىخەتەر ئاسراش 05-18
ئاككومۇلياتور سىستېمىسىنى بىخەتەر ئاسراش 05-19
بالونلارنى بىخەتەر ئاسراش 05-19
ئالدى چاقى ھەيدىلىدىغان تراكتورنى بىخەتەر ئاسراش 05-19
چاقنىڭ تۇتتۇرما بولتىلىرى / گايكىلىرىنى چىڭگىتىش 05-20
يۇقىرى بېسىملىق سۇيۇقلۇقلاردىن ساقلىنىش 05-20
يۇقىرى بېسىملىق يېقىلغۇ سىستېمىسىنى قەتئىي ئاچماسلىق 05-20
قوشۇلمىلارنى بىخەتەر ئامبارلاش 05-21
ئەخلەتلەرنى مۇۋاپىق بىر ياقىلىق قىلىش 05-21
بىخەتەرلىك زەنجىرىنى ئىشلىتىش 05-21

**بىخەتەرلىك بەلگىلىرى**

بۇزۇلغان ياكى يوقاپ كەتكەن بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنى ئالماشتۇرۇڭ 10-1
مەشغۇلاتچى قوللانمىسى 10-1
مىنگۈچىلەر 10-1
PTO ھەيدەش شافتىسىدىن يىراقراق تۇرۇش 10-2
تەۋرەنمە بىلەك شافتا كونتروللىغۇچى 10-2
رادىياتور 10-3
باتارىيە 10-3

**كونترول قۇرۇلمىلىرى ۋە ئەسۋابلار**

تراكتور كونترول قۇرۇلمىلىرى 15-1
پرىبور تاختىسى 15-3

**چىراغلار**

چىراغ ئۈزچاتىنىڭ ئورنى 20-1
ئالدى چىراغلار ۋە خىزمەت چىرىغىنى ئىشلىتىش 20-3
يىراقنى يورۇتۇش ئىندىكاتورىنى ئىشلىتىش 20-4
قۇيرۇق چىراغلىرى، بوشلۇق چىراغلىرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرىنى ئىشلىتىش 20-5
بۇرۇلۇش سىگنال چىراغلىرىنى ئىشلىتىش 20-6
7 يىنلىق روزېتكا 20-7

**مەشغۇلاتچى سۇپىسى**

ئورۇندۇق تەگشەش 25-1
ئورۇندۇق كەمىرىنى ئىشلىتىش 25-1

**قىتلاندۇرۇش مەزگىلى**

موتورنى ئىشلىتىش پىرىنسىپلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىڭ 30-1
قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدىكى ئاسراش 30-2

**قوزغىتىشتىن ئاۋۋالقى تەكشۈرۈش**

قوزغىتىشتىن ئاۋۋالقى كۈندىلىك تەكشۈرۈش 35-1

**ماتورنى مەشغۇلات قىلدۇرۇش**

ماتورنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن 40-1
ئاچقۇچ ئۈزچاتىنىڭ ئورنى 40-2
ماتورنى قوزغىتىش 40-2
موتور قوزغالغاندىن كېيىن، پرىبورنى تەكشۈرۈڭ 40-3
ماي بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى 40-4
باتارېيە زەرەتلىنىش ئىندىكاتورى 40-4
هاۋا بېسىمى ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى 40-5
سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ 40-5
ماتورنىڭ سۈرئىتىنى ئالماشتۇرۇش 40-6



**داۋامى كېيىنكى بەتتە**


ئەسلى يوليورۇق. بۇ قوللانمىدىكى بارلىق ئۇچۇرلار، قىستۇرما رەسىملەر ۋە كۆرسەتمىلەر نەشىر قىلىنغاندىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغان. ئەسكەرتىش بەرمەي خالىغان ۋاقىتتا ئۆزگەرتىش هوقۇقى بىزدە.


COPYRIGHT © 2016
DEERE & COMPANY
Moline, Illinois
All rights reserved.
A John Deere ILLUSTRUCTION™ Manual
Previous Editions
Copyright © 2015

بەت

ماتورنى قىزىتىش ... 40-6
ئۆچكەن ماتورنى قايتا ئوتالدۇرۇش ... 40-6
موتورنى تۆۋەن ئايلىنىش سۈرئىتىدە ماگدۇرۇشتىن ساقلىنىڭ ... 40-6
ماتورنىڭ مەشغۇلات سۈرئىتى ۋە تۆۋەن قۇرۇق مېڭىش
سۈرئىتىنى كۆزىتىش ... 40-6
ماتورنى ئۆچۈرۈش ... 40-7

**تراكتورنى ھەيدەش**

مەشغۇلاتچى تەربىيەلىنىشى لازىم ... 45-1
يوللاردا ھەيدەش ... 45-1
دۆڭدە ئېھتىيات قىلىڭ ... 45-2
چىشلىق چاق ساندۇقىنى ئىشلىتىڭ ... 45-3
چىشلىق چاق ساندۇقىنىڭ خوتىنى يۆتكەش ... 45-3
خوت تاللاش ... 45-3
تورمۇزنى قوللىنىش ... 45-4
دىففېرېنسىئال قۇلۇپىنى ئىشلىتىش ... 45-4
MFWD نى مەشغۇلات قىلدۇرۇش ... 45-5
تىراكتورنى توختىتىڭ ... 45-6

**تەۋرەنمە يەلكە شافتىسى ۋە 3 نۇقتىلىق ئېسىش قۇرۇلمىسى**

تىراكتورنىڭ قۇۋۋىتى چاتما سايمانغا ماس كېلىشى لازىم ... 50-1
ئۈچ پۇتلۇق چاتقۇچ زاپچاسلىرى ... 50-1
تەۋرەنمە يەلكە شافتا كونترول دەستىسى ... 50-2
تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ ئورۇن كونتروللىغۇچىنى
ئىشلىتىش ... 50-2
تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ تارتىش كونتروللىغۇچىنى
ئىشلىتىش ... 50-3
تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ تۆۋەنلەش سۈرئىتىنى تەڭشەش ... 50-3
دېھقانچىلىق جابدۇقىنى تەييارلاش ... 50-4
سايماننى 3 پۇتلۇق چاتقۇچقا ئورنىتىڭ ... 50-4
توختاتقۇچ زەنجىرىنى تەڭشەش ... 50-5
ئېسىش قۇرۇلمىسىنى تەكشىلەش ... 50-5

**سۆرەش تايىقى ۋە PTO شافتىسى**

چاتقۇچنىڭ يۈك كۆتۈرۈش چېكىگە دىققەت قىلىڭ ... 60-1
لىڭشىما سۆرەش تايىقىنى ئىشلىتىش ... 60-1
سۆرەش تايىقىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ... 60-1
پىرقىرايدىغان ھەيدەش لىنىيىلىرىدىن يىراق تۇرۇش ... 60-2
PTO ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دېھقانچىلىق
جابدۇقىنى چېتىش ... 60-2
تىراكتورنىڭ PTO ئوقىنى ئىشلىتىڭ ... 60-2
PTO مۇفتىسىنىڭ كونترول دەستىسىنى تەڭشەش ... 60-3

**تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىقى**

ماكسىمۇم ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە ئېرىشىڭ ... 65-1
تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچنى ئېھتىيات بىلەن تاللاڭ ... 65-1
تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئېغىرلىقنى يۈككە ماسلاشتۇرۇش ... 65-1
تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئېغىرلىقنى تەكشۈرۈش ... 65-1
ئارقا چاقنىڭ تېيىلىش نىسبىتىنى ئۆلچەش - قول بىلەن ... 65-2
تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچنىڭ چېكى ... 65-3
توشۇش ئۈچۈن ئالدىغا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىقى قوشۇش ... 65-3
تراكتورغا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق قوشۇش ... 65-3
ئارقىنىڭ ئەڭ چوڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىقىغا ھۆكۈم
قىلىش ... 65-4
ئالدىنىڭ ئەڭ چوڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش يۈكىنى بەلگىلەش ... 65-4
چويۈن تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئىشلىتىڭ ... 65-4
ئارقا چويۈن تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقنى ئورنىتىش ... 65-5

**چاقلار، بالونلار ۋە چاق ئارىلىقى**

بالونلارنى بىخەتەر تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىڭ ... 70-1
سايمان-بالون ئارىلىقىنى تەكشۈرۈڭ ... 70-1
بالوننىڭ يەل بېسىمىنى تەكشۈرۈڭ ... 70-2
بالون يەل بېسىم جەدۋىلى ... 70-2
چاق (ئوق) چىڭگىتقۇچلىرىنى توغرا چىڭگىتىڭ ... 70-2
گايكىلارنى چىڭگىتىش - ئارقا ئاكسىل ... 70-3
گايكىلارنى چىڭگىتىش - MFWD ئاكسىل ... 70-3
گايكىلارنى چىڭگىتىش - 2WD ئاكسىل ... 70-3
چاق ئارىلىقى تەڭشەكلىرى - كۆپ ئورۇنلۇق ئارقا چاقلار ... 70-3
ئالدى چاق ئارىلىقىنى تەڭشەش (2WD) ... 70-5
كالاكنى تەكشۈرۈش ... 70-6
ئىچ كالاكنى تەڭشەش (2WD) ... 70-6
ئىچ كالاكنى تەڭشەش ( MFWD- ئەگەر سەپلەنگەن بولسا) ... 70-7

**توشۇش**

بىخەتەرلىك چىراغلىرى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىڭ ... 75-1
بىخەتەرلىك زەنجىرىنى ئىشلىتىڭ ... 75-1
تراكتورنى يولدا ھەيدەش ... 75-1
يۆتكەش ئۈچۈن تۆز سۇپىلىق يۈك ئاپتوموبىلى ئىشلىتىش ... 75-4

**يېقىلغۇلار، سىلىقلىغۇچىلار ۋە سوۋۇتقۇچلار**

يېقىلغۇنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش — ئوتتىن ساقلىنىش ... 80-1
سۇيۇقلۇقنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىڭ - ئوت كېتىشتىن
ساقلىنىڭ ... 80-1
دىزېل يېقىلغۇسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ساقلاش ... 80-1
سوغۇق ھاۋادا مەشغۇلات قىلىش ... 80-2
ئىسسىق ھاۋادا مەشغۇلات قىلىش ... 80-2
دىزېل ... 80-3
دىزېلنىڭ سىلىقلاش دەرىجىسى ... 80-3
دىزېلنى سىناپ بېقىڭ ... 80-4
يېقىلغۇ باكىغا يېقىلغۇ قۇيۇڭ ... 80-4
تاللاشقا بولىدىغان ۋە سۈنئىي سىلىقلىغۇچ ... 80-4
سىلىقلاش مېيىنى ساقلاش ... 80-5
دىزېل موتورنىڭ قىتلاندۇرۇش ئاپتولى ... 80-5
دىزېل موتور ئاپتولى ... 80-6
ماتور ماي فىلتىرى ... 80-6
ئېغىر تىپلىق دىزېل موتورىنىڭ سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى ... 80-7
سۇيۇق سوۋۇتقۇچ تەكشىگۈچ ... 80-8
ترانسمىسسىيون ۋە گىدراۋلىك مېيى ... 80-8
سىلىقلاش-گىدراۋلىك مېيىنىڭ سۈزگۈچىنى توغرا ئىشلىتىڭ ... 80-9
سىلىقلاش مېيى ... 80-9

**پەرۋىش ۋە ئاسراش ئىنتېرۋاللىرى**

قوشۇمچە ئاسراش ئۇچۇرلىرى ... 85-1
تىراكتورغا نىسبەتەن بىخەتەر ئاسراش ئېلىپ بېرىڭ ... 85-1
ئاسراش ئىنتېرۋالى جەدۋىلى - كۈندە ياكى 250، 50، 10
مەشغۇلات سائىتىدە ... 85-2
ئاسراش ئىنتېرۋالى جەدۋىلى — 500 مەشغۇلات سائىتى —
1000 مەشغۇلات سائىتى — ھەر يىلى — 2 يىل ياكى
2000 مەشغۇلات سائىتى ... 85-3
دەسلەپكى 100 مەشغۇلات سائىتىدىن كېيىنكى ئاسراش ... 85-3
مۇۋاپىق سىلىقلىغۇچ ئىشلىتىش ... 85-3

**ئومۇمىيلىك پەرۋىش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش**

بارلىق ھاۋا سۈزگۈچلەرنى تازىلاڭ ... 90-1
ھاۋا سۈمۈرۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش ... 90-1
سۇ ئايرىغۇچىنى تەكشۈرۈش ... 90-2
تورمۇز پېدالىنىڭ ئەركىن تاكتىنى تەڭشەش ... 90-3
مۇفتا پېدالىنىڭ ئەركىن مۇساپىسىنى تەڭشەش ... 90-4
ماتور جەينەكلىك شافتىسىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۇرۇبىسىنى
تازىلاش ... 90-5
ماتورنىڭ قۇرۇق ئايلىنىش سۈرئىتىنى تەكشۈرۈش ... 90-5
ماتور كلاپان بوشلۇقىنى تەڭشەش ... 90-5

داۋامى كېيىنكى بەتتە

بەت

بارلىق شىلانكىلار ۋە شىلانكا قىسقۇچلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە چېكىتىش ..... 90-5
مىخلارنىڭ چىڭ-بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش ..... 90-6
نىيترال قوزغىتىش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش ..... 90-7
ئورۇندۇق كەمىرىنى تەكشۈرۈش ..... 90-7
ئېقىم كلاپانىنى تەكشۈرۈش ..... 90-8
بالونلارنى تەكشۈرۈش ..... 90-8

**مايلاش**
مۇۋاپىق سىلىقلاش مېيى ئىشلىتىڭ ..... 95-1
ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ ..... 95-1
ماتور مېيى ۋە فىلتىرىنى ئالماشتۇرۇش ..... 95-2
ترانسمىسسىيون / گىدراۋلىك سىستېما مېيىنىڭ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش ..... 95-3
گىدراۋلىك سىستېما ماي فىلتىرىنى / سۈزگۈچنى ئاسراش ..... 95-4
رولنىڭ ئاساسىي شافتىسىنى مايلاش (2WD) ..... 95-4
رولنىڭ ئاساسىي شافتىسىنى مايلاش (MFWD) ..... 95-5
3 نۇقتىلىق ئېسىش قۇرۇلمىسىنىڭ سىگارىيان دەستىسىنى مايلاش ..... 95-5
ئارقا ئوق قازىنىنى مايلاڭ ..... 95-5
MFWD ئالدى ئاكسىلنىڭ لىڭشىش تەختىنى مايلاش ..... 95-6
MFWD ئالدى ئاكسىل ساندۇقىدىكى ماي سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش ..... 95-6
ترانسمىسسىيون / گىدراۋلىك سىستېمىسىنىڭ مېيىنى ئالماشتۇرۇش ..... 95-6
ترانسمىسسىيون / گىدراۋلىك مېيىنى توشقۇزۇش ..... 95-8
رول سىستېمىسى گىدراۋلىك مېيىنىڭ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش ..... 95-8
رول سېستىمىسى گىدراۋلىك مېيىنى ئالماشتۇرۇش ..... 95-9
MFWD ئالدى ئاكسىل ساندۇقىنىڭ مېيىنى ئالماشتۇرۇش ..... 95-10

**پەرۋىش قىلىش — سوۋۇتۇش سىستېمىسى**
موتور سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ زاپچاسلىرى ..... 100-1
ئالدى سېتكا ۋە رادىياتورنى تازىلاڭ ..... 100-2
سوۋۇتقۇچ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈڭ ..... 100-2
سوۋۇتۇش سىستېمىسىدا ئېقىپ قېلىش بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ ..... 100-3
سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى چايقاش ..... 100-4
قىشتا پەرۋىش قىلىش ..... 100-5

**پەرۋىش قىلىش — يېقىلغۇ سىستېمىسى**
يېقىلغۇ سىستېمىسىدىن گاز قويۇپ بېرىڭ ..... 105-1
چۆكمە قاچىسىنى تەكشۈرۈش ..... 105-2
چۆكمە قاچىسىنى يەڭگۈشلەش ..... 105-2
يىقىلغۇ باكى هاۋا ئۆتۈشتۈرۈش فىلتىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تازىلاش ..... 105-2
يېقىلغۇ فىلتىرىدىن سۇ ۋە چۆكمىنى ئېقىتىۋېتىش ..... 105-2
يېقىلغۇ فىلتىرىنى ئالماشتۇرۇش ..... 105-3
يېقىلغۇ سىستېمىسىنى ھەرگىز ئىسلاھ قىلماڭ ..... 105-3

**پەرۋىش قىلىش— ئېلېكتىرىك سىستېما**
ئېلېكتىر سىستېمىسىنى ئاسراش ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىگە رىئايە قىلىڭ ..... 110-1
ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ / شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى تەكشۈرۈش ..... 110-1
ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ / شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى ئالماشتۇرۇش ..... 110-2
ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئورنى ..... 110-2
باتارېيىنى زەرەتلەش ..... 110-3
ئاككۇمۇلياتورنى تازىلاڭ ..... 110-3
ئاككۇمۇلياتورنىڭ ھالىتىنى تەكشۈرۈڭ ..... 110-4
ئاككۇمۇلياتورنى چىقىرىپ ئېلىڭ ..... 110-4
ئاككۇمۇلياتورنى تەلەپ قىلىنغان تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر بويىچە ئالماشتۇرۇڭ ..... 110-4
ئاككۇمۇلياتورنى ئاسراڭ ..... 110-5
ئالدى چىراغلارنى تەڭشەڭ ..... 110-5
ئالدى چىراغلارنى توغرىلاش ..... 110-6
ئالدى چىراغ لامپۇچكىلىرىنى ئالماشتۇرۇڭ ..... 110-7
قۇيرۇق چىراغ / ئارقا بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغى / تورمۇز چىراغ لامپۇچكىلىرىني ئالماشتۇرۇش ..... 110-7
بىخەتەرلىك سىملىرىنىڭ ئورنىنى تېپىڭ ..... 110-7
بىخەتەرلىك سىمىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى ۋە فۇنكسىيىلىرى ..... 110-8

**كاشىلىنى چىقىرىپ تاشلاش**
تېزلىك كوروپكىسىدىكى كاشىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ..... 115-1
گىدراۋلىك سىستېمىدىكى كاشىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ..... 115-2
تورمۇز سىستېمىسىدىكى كاشىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ..... 115-3
ئېلېۋاتور ۋە 3 نۇقتىلىق ئېسىش قۇرۇلمىسىنىڭ كاشىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ..... 115-4
ئېلېكتىر سىستېمىسىنىڭ كاشىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ..... 115-6

**ساقلاش**
تىراكتورنى ئامباردا ساقلاش ..... 120-1
تراكتورنى ئامباردىن ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىش ..... 120-2

**تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر**
تىراكتورنىڭ ئاساسىي تېخنىكىلىق پارامېتىرلىرى ..... 125-1
ماكسىمۇم كونترول كۈچى ..... 125-5
مىنىمۇم ئايلىنىش رادىئۇسى ..... 125-5
PTO شافتىسىنىڭ خاسلىقى ..... 125-5
تارتىش كۈچىنىڭ خاسلىقى ..... 125-5
گىدراۋلىك لەيلىتىش سىستېمىسىنىڭ خاسلىقى ..... 125-6
تۆكۈش سىغىمى (L) ..... 125-6
تىراكتورنىڭ سىلىقلاش ۋە گىدراۋلىك قوش ئىقتىدارلىق مېيىنىڭ ئاساسىي سۈپەت كۆرسەتكۈچلىرى ..... 125-7
مۇھىم زاپچاسلارنىڭ چىڭىتقۇچلىرىنىڭ چىڭىتىش ئايلىنىش مومېنتى ..... 125-7
مېترىك بولتا ۋە ۋىنتىنىڭ مومېنت قىممەتلىرى ..... 125-8
ئىنگلىز سىستېمىسىدىكى بولتا ۋە ۋىنتىنىڭ ئايلىنىش مومېنتىنىڭ قىممىتى ..... 125-9

**پەرقلەندۈرۈش نومۇرى**
پەرقلەندۈرۈش تاختىسى ..... 130-1
تىراكتورنىڭ رەت نومۇرىنى خاتىرىلەڭ ..... 130-1
تەگلىكنىڭ رەت نومۇرىنى خاتىرىلەڭ ..... 130-1
موتورنىڭ رەت نومۇرىنى خاتىرىلەڭ ..... 130-1

**مايلاش ۋە ئاسراش ئەھۋالىنى خاتىرىلەش جەدۋىلى**
250 ،50 ۋە 500 مەشغۇلات سائىتىدىكى ئاسراش ئەھۋالى جەدۋىلى ..... 135-1
1000 مەشغۇلات سائىتىدىكى ئاسراش ئەھۋالى جەدۋىلى ..... 135-2
يىللىق ئاسراش جەدۋىلى ..... 135-3
2000 مەشغۇلات سائىتىدىكى ئاسراش ئەھۋالى جەدۋىلى ..... 135-4
ئېھتىياجغا ئاساسەن ئاسراش جەدۋىلى ..... 135-5

**ئوراش تىزىمى**
تېخنىكىلىق ھۆججەتلەر ..... 140-1
ھەمراھ سايمانلار ..... 140-1
تەمىنلەنگەن دېتاللار ۋە قوشۇمچە زاپچاسلار ..... 140-2

**قوشۇمچە دېھقانچىلىق جابدۇقلىرى**
قوشۇمچە سايمانلار ..... 145-1



T81389—UN—28JUN13

## بىخەتەرلىك ئۇچۇرلىرىنى پەرقلەندۈرۈش

بۇ بولسا خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى. ماشىنىڭىزدا ياكى بۇ قوللانمىدا مۇشۇ بەلگىنى كۆرسىڭىز ئادەم يارىلىنىش يۈز بەرمەسلىك ئۈچۈن سەگەك تۇرۇڭ.

تەۋسىيە قىلىنغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ۋە بىخەتەر مەشغۇلات پراكتىكىسىغا ئەگىشىڭ.

N400041,0001F53-UG-11MAR15-1/1




TS187—UG—24JAN15

## سىگنال سۆزلىرىنى چۈشىنىش

خەتەرلىك، ئاگاھلاندۇرۇش، ياكى دىققەت دېگەنگە ئوخشاش سىگنال سۆزلىرى بىخەتەرلىك سەگەكلەشتۈرۈش سىمۋوللىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. خەتەرلىك سۆزى ئىنتايىن ئېغىر يارىلىنىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزەن ئالاھىدە خەتەرلىك ئورۇنلارغا خەتەرلىك ياكى ئاگاھلاندۇرۇش سىمۋوللىرى جايلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. دىققەت دېگەن سىمۋوللارنىڭ ئاستىغا ھەممىباب ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى يېزىلغان بولىدۇ. مەزكۇر قوللانمىدىكى دىققەت سۆزى سىزگە بىخەتەرلىك ئۇچۇرلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشىڭىزنى ئەسكەرتىدۇ.

N400041,0001F54-UG-11MAR15-1/1




TS201—UN—15APR13

بىخەتەرلىككە ئەكىس تەسىر كۆرسىتىشى ۋە شۇنداقلا ماشىنىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىشى مۇمكىن.

مەزكۇر قوللانمىنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمىنى چۈشىنەلمىسىڭىز ۋە ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولسىڭىز، John Deere سودىگىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

## بىخەتەرلىك تەلىملىرىگە ئەگىشىش

مەزكۇر قوللانمىدىكى ۋە ماشىنىڭىزدىكى بىخەتەرلىك بەلگىلىرىدە بېرىلگەن بارلىق بىخەتەرلىك ئۇچۇرلىرىنى تەپسىلى ئوقۇپ چىقىڭ. بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنى ياخشى ھالىتىدە ساقلاڭ. يوقاپ كەتكەن ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنى يەڭگۈشلەڭ. يېڭى ئۈسكۈنىنىڭ دېتاللىرى ۋە رېمونت زاپچاسلىرىدا ھازىرقى بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنىڭ بولىشىغا جەزىم قىلىڭ. سەپلەنمە بىخەتەرلىك بەلگىلىرىگە John Deere سودىگىرىڭىز ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ.

باشقا تەمىنلىگۈچىلەردىن كەلگەن زاپچاسلار ۋە دېتاللاردا بۇ قوللانمىدا سۆزلەنمىگەن قوشۇمچە بىخەتەرلىك ئۇچۇرلىرى بولىشى مۇمكىن.

ماشىنىدا قانداق مەشغۇلات قىلىشنى ۋە كونتروللارنى قانداق قىلىپ توغرا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. تەربىيەلەنمىگەن خادىملارنىڭ مەزكۇر تراكتورنى مەشغۇلات قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماڭ.

ماشىنىڭىزنى ياخشى خىزمەت ھالىتىدە ساقلاڭ. ماشىنىغا رۇخسەتسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ماشىنىنىڭ فۇنكسىيىلىرىگە ۋە ياكى

N400041,0001F55-UG-11MAR15-1/1

## جىددىي ئەھۋاللارغا ھازىرلىق كۆرۈش



TS291—UN—15APR13

تاساددىپىي ئوت كېتىشكە قارشى ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇش كېرەك.

جىددىي قۇتقۇزۇش چامادانى ۋە ئوت ئۆچۈرگۈچنى ئاسان قولغا چىقىدىغان جايغا قويۇپ قويۇش كېرەك.

دوختۇرلار، قۇتقۇزۇش مۇلازىمىتى، دوختۇرخانا، ۋە ئوت ئۆچۈرۈش تارماقلىرىنىڭ جىددىي ئەھۋال نومۇرىنى تېلېفونىڭىزنىڭ يېنىدا ساقلاڭ.

N400041,0001F56-UG-11MAR15-1/1

## مۇداپىئە كىيىمىنى كىيىش



TS206—UN—15APR13

خىزمەتكە قولايلىق بىخەتەرلىك جابدۇقلىرى ۋە بەدەنگە ھىم كىيىملەرنى كىيىڭ.

ئۇسكۈنىنى بىخەتەر مەشغۇلات قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەشغۇلاتچى دىققىتىنى ئىنتايىن مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك. ماشىنىنى مەشغۇلات قىلدۇرغان ۋاقىتتا، ھەرگىزمۇ قۇلىقىڭىزغا مۇزىكا ياكى رادىئو ئاڭلىغۇچىنى تاقىماڭ.

N400041,0001F57-UG-11MAR15-1/1

## شاۋقۇنغا قارشى مۇداپىئەلىنىش



TS207—UN—23AUG88

ئۇزۇن مۇددەت شاۋقۇن بىلەن ئۇچرىشىش ئاڭلاش ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزۈشى ياكى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىن.

قۇلاق ئاسرىغۇچ ياكى قۇلاق ئەتكۈچكە ئوخشاش مۇۋاپىق ئاڭلاش ئىقتىدارىنى قوغداش قۇرۇلمىلىرىنى تاقىۋېلىش ئارقىلىق قاتتىق شاۋقۇندىن مۇداپىئەلىنىڭ.

N400041,0001F58-UG-11MAR15-1/1

## يېقىلغۇنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش — ئوتتىن مۇداپىيەلىنىش

يېقىلغۇنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش: يېقىلغۇ ئىنتايىن كۆيۈشچان. تاماكا چېكىۋاتقاندا، يالقۇن ياكى ئۇچقۇنغا يېقىن يەردە قەتئىي ماشىنىغا يېقىلغۇ قاچىلىماڭ.

ماشىنىغا يېقىلغۇ قاچىلاشتىن ئاۋال ھەمىشە ماتورنى توختىتىڭ. يېقىلغۇ باكىغا ئۆي سىرتىدىكى مۇھىتتا يېقىلغۇ قاچىلاڭ.

ماشىنىنى ئەخلەت، سىلىقلىغۇچ ۋە قالدۇقلار يىغىلىپ قېلىشتىن خالىي پاكىزە تۇتۇش ئارقىلىق، ئوت كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ. تۆكۈلۈپ كەتكەن يېقىلغۇنى دائىم سۈرتۈۋېتىڭ.

كۆيۈشچان سۇيۇقلۇقلارنى توشۇش ئۈچۈن پەقەت تەستىقلانغان يېقىلغۇ تۇڭى ئىشلىتىڭ.

پلاستىك تەگلىك ھىملىگۈچى بولغان كامىيون ئۈستىدە تۇرۇپ يېقىلغۇ تۇڭىنى توشقۇزۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. يېقىلغۇ تۇڭىنى توشقۇزۇشتىن بۇرۇن، ئۇنى ھەمىشە يەرگە قويۇڭ. تۇڭنىڭ قاپقىقىنى ئاچماي تۇرۇپ، يېقىلغۇ قاچىلاش تاپانچىسىنىڭ پۈركۈش ئۇچىنى يېقىلغۇ تۇڭىغا تەگكۈزۈڭ. توشقۇزۇش جەريانىدا تەگكۈزۈپ تۇتۇڭ.

يېقىلغۇ تۇڭىنى ھەرگىزمۇ ئوچۇق يالقۇن ياكى ئۇچقۇننىڭ يېنىدا، ۋە ياكى سۇ ئىسسىتقۇچ ياكى باشقا ئۈيغۇنلانمىنىڭ ئىچىدىكىدەك ياردەمچى چىراغ بولغان جايدا ساقلىماڭ.



TS202—UN—23AUG88

N400041,0001F59-UG-11MAR15-1/1

## قوزغىتىش سۇيۇقلۇقىنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش

قوزغىتىش سۇيۇقلۇقى ئىنتايىن كۆيۈشچان.

ئۇنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا بارلىق ئوت-ئۇچقۇن مەنبەلىرىدىن يىراق تۇرۇڭ. قوزغىتىش سۇيۇقلۇقىنى باتارىيەلەر ۋە كابىللاردىن يىراق تۇتۇڭ.

يۇقىرى بېسىملىق قوزغىتىش سۇيۇقلۇق باكىنى ئامبارلاش ۋاقتىدا، تاساددىپىي ئېقىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئېغىزى چوقۇم ئېتىلگەن بولىشى كېرەك. تۇڭنى چوقۇم سوغۇق ۋە بىخەتەر بىر جايدا ساقلاش كېرەك.

قوزغىتىش سۇيۇقلۇق باكىنى ھەرگىزمۇ كۆيدۈرمەڭ ياكى تېشىۋەتمەڭ.



TS1356—UN—18MAR92

N400041,0001F5A-UG-11MAR15-1/1

## ئوتتىن مۇداپىيەلىنىش

ئوت كېتىش خەۋپىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، تراكتورنى دائىم تەكشۈرۈپ ۋە تازىلاپ تۇرۇڭ.

- قۇشقاچلار ياكى باشقا ھايۋانلار ماتور بۆلۈمچىسىگە ياكى ئېگزوس سىستېمىسىغا چاڭگا تىزىۋېلىشى ياكى باشقا كۆيىدىغان ماتېرىياللارنى تاشلاپ قويۇشى مۇمكىن. تراكتورنى ھەركۈنى تۇنجى ئىشلىتىشتىن ئاۋال تەكشۈرۈڭ ۋە تازىلاڭ.
- نورمال مەشغۇلات جەريانىدا بوغۇز، زىرائەت ياكى قالدۇقلار يىغىلىپ قىلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئىنتايىن قۇرغاق شارائىتلاردا ياكى توزۇيدىغان زىرائەت ماتېرىياللىرى ياكى زىرائەت توپا-چاڭلىرى بولغان مۇھىتلاردا مەشغۇلات قىلغاندا مۇشۇنداق ئەھۋاللار كۆپ كۆرىلىدۇ. ماشىنا فۇنكسىيىسىنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئوت كېتىش خەۋپىنى ئازايتىش ئۈچۈن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يىغىلىپ قالغان نەرسىلەرنى چوقۇم ئادالىۋېتىش لازىم. ھەركۈنى تراكتورنى چوقۇم قەرەللىك تەكشۈرۈش ۋە تازىلاپ تۇرۇش كېرەك.
- تراكتورنى مەشغۇلاتچى قوللانمىسىدا بېرىلگەن ئادەتتىكى پەرۋىش قىلىش تەرتىپلىرى بويىچە قەرەللىك ۋە تولۇق تازىلاش لازىم. بۇنداق قىلغاندا ئوت كېتىش ۋە قىممەتكە توختايدىغان ماشىنا بۇزۇلۇپ يېتىپ قىلىش خەۋپىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.
- يېقىلغۇ تۇڭىنى ھەرگىزمۇ ئوچۇق يالقۇن ياكى ئۇچقۇننىڭ يېنىدا، ۋە ياكى سۇ ئىسسىتقۇچ ياكى باشقا ئۈيغۇنلانمىنىڭ ئىچىدىكىدەك ياردەمچى چىراغ بولغان جايدا ساقلىماڭ.
- يېقىلغۇ لىنىيىلىرى، يېقىلغۇ باكى، قاپقاقلار ۋە كوننېكتورلاردا بۇزۇلۇش، يېرىلىش ياكى ئېقىش بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر تېپىلسا يەڭگۈشلەڭ.

ماشىنا ۋە مەشغۇلاتچى قوللانمىسىدىكى بارلىق مەشغۇلات ۋە بىخەتەرلىك تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلىڭ. تەكشۈرۈش ۋە تازىلاش جەريانىدا، قىزىق ماتور ۋە ئېگزوس دېتاللىرىدىن سەگەك تۇرۇڭ. ھەرقانداق تەكشۈرۈش ياكى تازىلاش ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋال، ماتورنى چوقۇم ئۆچۈرۈش كېرەك. خوت ساندۇقىنى پاركقا تەڭشەڭ ياكى پارك تورمۇزىنى قوللىنىڭ ۋە ئاچقۇچنى چىقىرىۋېلىڭ. ئاچقۇچنى چىقىرىۋالغان چاغدا، تەكشۈرۈش ۋە تازىلاش جەريانىدا باشقىلارنىڭ تراكتورنى قوزغىتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

N400041,0001F5B-UG-11MAR15-1/1

## ئوت كەتكەن ئەھۋالدا



TS227—UN—15APR13

**⚠ ئاگاھلاندۇرۇش: خەتەرگە تەۋەككۇل قىلماڭ ۋە يارىلىنىشتىن ساقلىنىڭ. ئەگەر ئوت تولىمۇ كۈچلۈك بولسا، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنماڭ.**

ئوت ئالامىتىنى بايقىغان ھامان ماشىنىنى دەرھال توختىتىڭ. كۆيۈك پۇرىقى، ئىس ياكى يالقۇن بولسا ئوت كەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئوتنى بىخەتەر ئۆچۈرۈشكە كۆزىگىز يەتسە، چوقۇم ئوت ئۆچۈرگۈچتىكى تەلىماتلارغا ئەگىشىڭ. ئەگەر ئوت ئۆچۈرگۈچىدە تەلىماتلار بولمىسا، تۆۋەندىكى ھەممىباب پرىنسىپلىرىدىن پايدىلىنىڭ:

1.ئوت ئۆچۈرگۈچنى رامكىدىن چىقىرىڭ.
2.شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئوتقا يېقىنلىشىڭ.
3.ئوت ئۆچۈرگۈچنىڭ بىخەتەرلىك پىنىنى تارتىڭ.
4.ئوت ئۆچۈرگۈچنىڭ سىپىدىن تۇتۇڭ. شلانكىنى يالقۇننىڭ مەركىزىگە قارىتىڭ.
5.ئوت ئۆچۈرگۈچنىڭ سېپىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئاگېنتىنى پۈركەپ چىقىرىڭ.
6.ئۆچۈرۈش ئاگېنتىنىڭ يالقۇننى يېپىشى ئۈچۈن، پۈركەش ئېغىزىنى ئالدىغا ۋە ئارقىغا يۆتكەڭ.

N400041,0001F5C-UG-11MAR15-1/1

## ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلمىسى (ROPS) نى جايىغا ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش



TS212—UN—23AUG88

ROPS نى ھەر قانداق شەكىلدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش چوقۇم ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشىشى كېرەك.

ناۋادا ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلمىسى (ROPS) ھەر قانداق سەۋەپ تۈپەيلىدىن بوشاپ قالغان ياكى ئېلىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ بارلىق زاپچاسلىرىنى قايتىدىن توغرا بېكىتىلگەن بولىشىغا جەزىم قىلىڭ. بېكىتىش بولتىلىرىنى تەلەپ قىلىنغان مومېنتقا چېڭگىتىڭ.

مەسىلەن ئۆرۈلۈپ كېتىش ھادىسىسىگە يولۇقۇش ياكى كەپشەرلەش، ئېگىش، تېشىش ياكى كېسىشكە ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ROPS نىڭ قۇرۇلمىسى ناۋادا زەخمىلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ مۇھاپىزەت قىلىش فۇنكسىيىسى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. زەخمىلەنگەن ROPS نى قەتئىي قايتا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئۇنى چوقۇم ئالماشتۇرۇۋېتىش لازىم.

ئورۇندۇق بولسا ROPS نىڭ بىخەتەرلىك بەلۋېغىنىڭ بىر قىسمى. پەقەت John Deere تەرىپىدىن يەڭگۈشلەش تەستىقلانغان تراكتور ئورۇندۇقلىرىنى ئىشلىتىڭ.

N400041,0001F5D-UG-11MAR15-1/1

## قاتلىنىدىغان ROPS ۋە ئورۇندۇق كەمىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش



TS205—UN—23AUG88

ئەگەر بۇ تراكتورغا قاتلىنىدىغان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلمىسى (ROPS) سەپلەنگەن بولسا، ئۇ چوقۇم تولۇق سوزۇلغان ۋە جايىدا قۇلۇپلانغان ھالەتتە تۇرۇشى كېرەك. مۇبادا ROPS نى قاتلاپ قويۇشقا توغرا كەلسە (مەسىلەن پاكار بىناغا كىرگەن چاغدا)، تراكتورنى پەۋقۇلئاددە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەيدەڭ. ئەگەر ROPS قاتلانغان ھالەتتە بولسا، بىخەتەرلىك كەمىرىنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ.

تراكتور نورمال مەشغۇلات ھالىتىگە قايتقان ھامان، ROPS نى تولۇق سوزۇلغان ھالەتتە كۆتۈرۈڭ ۋ ئۇنى ۋە شۇ ئورۇنغا قۇلۇپلاڭ. ROPS تولۇق سوزۇلغان ۋە جايىغا قۇلۇپلانغاندىن كېيىن، ئورۇندۇقنىڭ كەمىرىنى باغلاڭ.

N400041,0001F5E-UG-11MAR15-1/1

## ئايلىنىۋاتقان ھەيدەش شافتىلىرىدىن يىراقراق تۇرۇڭ



TS1644—UN—22AUG95

ئايلىنىۋاتقان بىيتەكچى ئوققا چىرمىشىپ قالغاندا ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ.

تىراكتور ماچتىسىنىڭ قاپقىقى ۋە بىيتەكچى ئوق قاپقاقلىرىنى دائىم جايىدا ساقلاڭ. ئايلىنىدىغان قاپقاق مۇۋاپىق ئايلىنالىسۇن.

بەدەنگە ھىم كېلىدىغان كىيىم كىيىڭ. ھەرىكەت ئۆزىتىش (PTO) ئوقى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان سايمانلارنى تەڭشەش، چېتىش ياكى تازىلاشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال موتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈڭ، ئاندىن PTO ئوقىنىڭ ئايلىنىشتىن توختىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

تىراكتور بىلەن ئاساسىي چاتما سايماننىڭ PTO سىنىڭ بىيتەكچى ئوقى ئارىسىغا ھەرقانداق تەڭشەش ئۆسكۈنىسى ئورناتماڭ. ئۇ ئۆسكۈنە مىنۇتىغا 1000 قېتىم ئايلىنىدىغان تىراكتوردىن مىنۇتىغا 540 قېتىمدىن ئارتۇق ئايلىنىدىغان چاتما سايمانغا قۇۋۋەت تەمىنلەيدۇ.




H96219—UN—29APR10

دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ پىرقىرايدىغان شافتىسى، تىراكتور شافتىسى، ياكى ئاداپتېرنىڭ بىر بۆلىكى ئېچىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق بىر ئاداپتېر قۇرۇلمىسىنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ. جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك، تىراكتورنىڭ ئاساسىي قاپقىقى چىشلىق ئوقنىڭ بېشىغا ۋە قوشۇلغان ئاداپتېرنىڭ ئۇچىغا جىپسىلىشىپ قالىدۇ.

| (in. 20.) mm n ± 5 | چىشلىق تاياق | دىئامېتىرى | PTO ئوقىنىڭ تىپى |
|---|---|---|---|
| (in. 3.35) mm 85 | 6 | (in. 1.378) mm 35 | 1 |
| (in. 3.35) mm 85 | 21 | (in. 1.378) mm 35 | 2 |
| (in. 4.00) mm 100 | 20 | (in. 1.772) mm 45 | 3 |

N400041,0001F5F-UG-11MAR15-1/1

## پەلەمپەيلەر ۋە قول رېلىسلىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش



T133468—UN—15APR13

ماشىنىغا چىققان ۋە چۈشكەن چاغلاردا، يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ماشىنىغا يۈزلىنىپ تۇرۇڭ. پەلەمپەي، قول رېلىسى ۋە رېلىسلاردىن پايدىلىنىپ ئۈچ نۇقتىلىق تېگىشىش ھاسىل قىلىڭ.

ناۋادا پەلەمپەيلەردە لاي، قار ياكى سۇ يىغىلىپ قالغان بولسا، تېيىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىڭ. پەلەمپەيلەرنى ھەر قانداق سىلىقلىغۇچى ياغلار ياكى مايلاردىن خالىي پاكىزە تۇتۇڭ. ماشىنىدىن چۈشىدىغان چاغدا ھەرگىزمۇ سەكرىمەڭ. ماشىنا مېڭىۋاتقان ۋاقىتتا، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى چاتماڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئاجراتماڭ.

N400041,0001F60-UG-11MAR15-1/1

## ISOBUS دېھقانچىلىق جابدۇقى مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنى ئوقۇش

كۆرسىتىش قۇرۇلمىسىنى GreenStar ئۈيغۇنلانمىلىرىدىن باشقا ISO 11783 ئۆلچىمىگە چۈشكەن دېھقانچىلىق جابدۇقلىرى بىلەن بىرگە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇ ISOBUS دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ خىل يوسۇندا ئىشلەتكەن ۋاقىتتا، كۆرسەتكۈچتە كۆرۈنىدىغان ئۇچۇر ۋە دېھقانچىلىق جابدۇقى كونترول فۇنكسىيىلىرى دېھقانچىلىق جابدۇقى تەرىپىدىن تەمىنلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ دېھقانچىلىق جابدۇقىنى ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى. دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ بەزى فۇنكسىيىلىرى مەشغۇلاتچى ۋە ياكى ئەتراپتىكىلەرگە خىيىمخەتەر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئىشلىتىشتىن ئاۋال، دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىسى تەمىنلىگەن مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنى ئوقۇڭ ۋە قوللانما ۋە دېھقانچىلىق جابدۇقىدىكى بارلىق بىخەتەرلىك ئۇچۇرلىرىغا رىئايە قىلىڭ.

ئىزاھات: ISO 11783 ئۆلچىمىنىڭ ISOBUS غا ئالاقىدار قىسمىغا قاراڭ.

N400041,0001F61-UG-11MAR15-1/1

## ئورۇندۇق كەمىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش


TS205—UN—23AUG88

ROPS ياكى كابىنكىسى بولغان ماشىنىنى ھەيدىگەن چاغدا، ئورۇندۇق كەمىرىنى تاقاشنى ئۇنتۇماڭ. بۇنداق بولغاندا، ئاۋادا ئۆكتۈرۈلۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ قالسا يارىلىنىشنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

ROPS ياكى كابىنكا بولمىغان ئەھۋالدا ئورۇندۇق كەمىرىنى ھەرگىز باغلىماڭ.

مۇبادا ئورۇندۇق كەمرىنىڭ مىخلىرى، ئىلغۇچى، تاسمىسى، ياكى رېتراكتورىدا بۇزۇلۇش ئالامىتى كۆرۈلسە، ئورۇندۇق كەمىرىنى پۈتۈن سۈرۈك يېڭىلاشلەڭ.

ئورۇندۇق كەمىرى ۋە ئۇنىڭ مىخلىرىنى چوقۇم ئەڭ ئاز دېگەندە يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈش كېرەك. مىخلار ياكى تاسمىدا كېسىلىش، جىراش، زىيادە ياكى بىنورمال بۇزۇلۇش، ئۆڭۈش ياكى سويۇلۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ. پەقەت ماشىنىڭىز ئۈچۈن ئىشلىتىش تەستىقلانغان سېلىمە زاپچاسلار بىلەن يېڭىلاشلەڭ. John Deere سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

N400041,0001F62-UG-11MAR15-1/1

## تراكتورنى بىخەتەر مەشغۇلات قىلدۇرۇش

تۆۋەندىكى ئاددى چارىلەر ئارقىلىق قازا چىقىشىنىڭ خەتىرىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ:

- تراكتورنى پەقەت ۋە پەقەت نىشانلانغان مەقسەت ئۈچۈن، يەنى دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى ئىتتىرىش، تارتىش، سۆرەش، ھەيدەش ۋە توشۇش ئىشلىرىغا سېلىش.
- مەزكۇر تراكتورنى كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلەتمەسلىك.
- تراكتورنى مەشغۇلات قىلدۇرۇشتىن ئاۋال، ئۇنىڭ مەشغۇلاتچى قوللانمىسىنى ئوقۇپ چىقىش. تراكتورنىڭ مەشغۇلاتچى قوللانمىسىدا كۆرسىتىلگەن تەلىماتلارغا ۋە بىخەتەرلىك ئۆلچۈرلىرىگا رىئايە قىلىش.
- دېھقانچىلىق جابدۇقى/ قوشۇمچىلارنىڭ مەشغۇلاتچى قوللانمىسىدا كۆرسىتىلگەن مەشغۇلات تەلىماتلىرى ۋە باللاست تەلەپلىرىگە ئەگىشىش.
- ماتورنى قوزغىتىش ياكى ماشىنىنى مەشغۇلات قىلدۇرۇشتىن ئاۋال، ماشىنا ياكى ئۇنىڭغا چېتىلغان قۇرۇلمىلارنىڭ يېنىدا تاماشا كۆرگۈچىلەر تۇرۇۋالمىغان بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.
- قول، پۇت ۋە كىيىمنى ھەرىكەتلىنىۋاتقان زاپچاسلاردىن يىراق تۇتۇش.

### ھەيدەش ھەققىدە

- مېڭىۋاتقان تراكتورغا ھەرگىز چىقىپ-چۈشمەڭ.
- بالىلار ۋە مۇناسىۋەتسىز خادىملارنىڭ تراكتور ۋە بارلىق ئۈسكۈنىلەردىن يىراق تۇرغان بولىشىغا جەزىم قىلىڭ.
- ئەگەر تراكتورغا ئورۇندۇق ۋە John Deere تەرىپىدىن تەستىقلانغان ئورۇندۇق كەمىرى سەپلەنمىگەن بولسا، تراكتورغا ھەرگىز مىنمەڭ.
- بارلىق مۇھاپىزەتچىلەر / قوغداش تاختىلىرىنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدا بولىشىغا جەزىم قىلىڭ.
- يوللاردا ھەيدىگەن ۋاقىتتا، مۇۋاپىق ئاۋازلىق ۋە كۆرۈنمە سىگناللارنى ئىشلىتىڭ.
- پارك قىلىشتىن ئاۋال، تراكتورنى يولنىڭ چېتىگىرەك ھەيدەڭ.
- ئەگىلگەن، تورموزلىغان ۋاقىتلاردا ياكى خەتەرلىك، ئوڭغۇل-دوڭغۇل ياكى قىيپاش يوللاردا ھەيدىگەن چاغلاردا، سۈرئەتنى ئاستىلىتىڭ.
- يوللاردا ھەيدىگەن ۋاقىتتا تورمۇز پېدالىنى قۇلۇپلاش تاختىسى كىرىشتۈرۈلگەن بولىشى كېرەك.
- قىيپاش يوللاردا ھەيدىگەن ۋاقىتتا، تورمۇزنى يۇمشاقراق ۋە يېنىشلاپ تۇتۇڭ.

### سۆرىلىدىغان يۈك

- ئېغىر يۈكلەرنى سۆرىگەن ۋە توختاتقان ۋاقىتتا ئېھتىيات قىلىڭ. يانتۇلۇق دەرىجىسى، سۆرەپ ماڭغان يۈكنىڭ ئېغىرلىقى ۋە مېڭىش سۈرئىتىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، تورمۇزلاپ توختىتىش ئارىلىقىمۇ ئۆزىرىپ بارىدۇ. تىراكتور ئۈچۈن بەك ئېغىر بولغان ياكى بەك تېز سۆرەلگەن يۈك (تورمۇز بولسۇن ياكى بولمىسۇن) كونتروللىقنى يوقىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
- ئۈسكۈنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يۈكىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىنى ياخشى ئويلىشىڭ.
- سۆرەلگەن يۈك ئۆرۈلۈپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنى چوقۇم بەلگىلەنگەن جايىغا بېكىتىش كېرەك.

### تراكتورنى پارك قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن چۈشۈش

- چۈشۈشتىن ئاۋال، ئالدى بىلەن تاللاشچان كونترول كلاپانىنى ئاجرىتىڭ،



TS290—UN—23AUG88



TS276—UN—23AUG88

PTO شافتىسىنى ئاجرىتىڭ، ماتورنى ئۆچۈرۈڭ ۋە دېھقانچىلىق جابدۇقى / قوشۇمچىنى يەرگە چۈشۈرۈڭ. پارك تورمۇزىنى چىڭ تارتىڭ ۋە پارك كىلىتىنى كىرىشتۈرۈڭ. ئەگەر تراكتوردىن ئايرىلىش لازىم بولسا، ئاچقۇچنى چىقىرىۋېلىڭ.

- ماتور ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ترانسمىسسىيون خوتقا سىلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ تراكتورنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ.
- ھەرىكەتلىنىۋاتقان PTO شافتىسى ياكى دېھقانچىلىق جابدۇقىغا ھەرگىز يېقىنلاشماڭ.
- ماشىنىنى ئاسراشنىڭ ئالدىدا، بارلىق ھەرىكەت توختىغىچە كۈتۈپ تۇتۇڭ.

### كۆپ كۆرۈلىدىغان قازالار

بىخەتەر بولمىغان ۋە ناتوغرا مەشغۇلات قازا تۇغۇلۇشىغا سەۋەپ بولىشى مۇمكىن. تراكتور مەشغۇلاتىنىڭ خېيىمخەتەرلىرىدىن ھۇشيار بولۇڭ.

كۆپ كۆرۈلىدىغان تراكتور ھادىسىلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- تراكتور ئۆرۈلۈپ كېتىش
- ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن سوقۇشۇپ كېتىش
- نامۇۋاپىق تەرتىپتە قوزغىلىش
- PTO شافتىسىغا چىرمىشىپ قىلىش
- تىراكتوردىن يىقىلىپ چۈشۈش
- چېتىش جەريانىدا ئۆرۈلۈپ كېتىش ياكى مىجىلىپ كېتىش

N400041,0001F63-UG-11MAR15-1/1

## ئۆرۈلۈپ كېتىش قازالىرىدىن ساقلىنىڭ!



PC10857XW—UN—15APR13

ماشىنىنى ماڭدۇرۇشتىن ئاۋال، ماشىنا ماڭىدىغان يولدا ئادەم تۇرۇۋالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. ئەتراپقا سەپسىلىڭ ۋە كۆرۈش توسقۇنلۇقىدا ئۇچرامدۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. ئەگەر كۆرۈش توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغۇدەك بولسا، كېيىنگە ھەيدەش ۋاقتىدا سىگنال بېرىدىغانغا بىر ئادەم تەيىنلەڭ.

نوقۇل كامېراغا تايىنىپلا ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئادەم ياكى توسالغۇ بار-يوقلۇقىغا جەزىم قىلماڭ. بۇنداق سىستېما پەرۋىش پراكتىكىسى، ئەتراپتىكى مۇھىت شارائىتى ۋە مەشغۇلات دائىرىسى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئامىللار تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىشى مۇمكىن.

N400041,0001F64-UG-11MAR15-1/1

## نورمانچىلىق مەشغۇلاتىدا ئىشلىتىش چەكلىمىلىرى

John Deere تراكتورلىرىنى پەقەت توشۇش ۋە ياغاچ ھەرىدەش ياكى ئىتتىرىشكە ئوخشاش تۇرغۇن مەشغۇلاتلار ئۈچۈن ياكى PTO شافتىسى، گىدرولۇق ياكى ئېلېكترىك سىستېما ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دېھقانچىلىق جابدۇقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

نورمال مەشغۇلاتتا، بۇ خىلدىكى ئۈيغۇنلانمىلار يېقىتىش ياكى باشقا نەرسىلەرنى قىسىۋېلىشقا ئوخشاش خەتەرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. يۇقىرىقى ئۈيغۇنلانمىلاردىن ھالقىپ كەتكەن، توشۇش ۋە يۆتكەشكە ئوخشاش ئورمانچىلىق مەشغۇلاتلىرى ئۈچۈن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن نەرسىلەردىن قوغداش قۇرۇلمىسى (FOPS) ۋە ياكى مەشغۇلات قوغداش قۇرۇلمىسى (OPS) لارغا ئوخشاش مۇۋاپىق دېتاللارنى ئىشلىتىش زۆرۈر. ئالاھىدە زاپچاسلار ئۈچۈن John Deere سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

N400041,0001F65-UG-11MAR15-1/1

## يۈكلىگۈچ تراكتورنى بىخەتەر ھەيدەش



TS1692—UN—09NOV09

يۈكلىگۈچ ئۈيغۇنلانمىسى چېتىلغان ماشىنىنى مەشغۇلات قىلدۇرغان ۋاقىتتا، تراكتور ۋە يۈكلىگۈچىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سۈرئەتنى تەلەپ قىلىنغان بويىچە ئاستىلىتىڭ.

تراكتور ئۆرۈلۈپ كېتىش، ئالدى بالون ۋە تراكتورنىڭ ئۆزى زەخىملىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يۈكلىگۈچكە يۈك يۈكلەنگەندىن كېيىن، سۈرئەت سائىتىگە 10 كىلومېتىرلىق (6 mph) تېزلىكتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

ئەگەر تراكتورغا 3 مېتىرلىق ئالدى ئاكسىل سەپلەنگەن بولسا، تراكتور بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئالدى يۈكلىگۈچ ياكى پۈركەش ماشىنىسى باكىنى چېتىپ ئىشلەتمەڭ.

ھېچكىمنىڭ كۆتۈرۈلگەن ھالەتتە تۇرغان يۈكلىگۈچىنىڭ ئاستىدىن مېڭىشىغا ياكى ئىشلىشىگە يول قويماڭ.

يۈكلىگۈچىنى ھەرگىزمۇ خىزمەت سۇپىسى ئورنىدا ئىشلەتمەڭ.

يۈكلىگۈچى، كۆرەك سۈكەن، دېھقانچىلىق جابدۇقى ۋە ياكى قوشۇلما بىلەن ھېچكىمنى كۆتۈرمەڭ ياكى توشۇماڭ.

مەشغۇلاتچى سۇپىسىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، يۈكلىگۈچىنى يەرگە چۈشۈرۈڭ.

ROPS ياكى كابىنكا پېشايۋىنى سەپلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۈنىڭ مەشغۇلاتچى سۇپىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن جىسىم پەيدا قىلىدىغان خەتەردىن قوغدىشى يەنىلا يېتەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن. يۈكلەنگەن جىسىمنىڭ مەشغۇلاتچى سۇپىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يۈكلەش مەشغۇلاتىنى تاماملاشقا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس سايمانلارنى قوللىنىش كېرەك (مەسىلەن قىغ تىرنىسى، يۇمىلاق بولاق تىرنىسى، يۇمىلاق بولاق تاڭلىيى ۋە قىسقۇچ تاڭلاي قاتارلىقلار).

تراكتور باللاستى چوقۇم "تراكتورنى ھازىرلاش" بابىدىكى "تەۋسىيىلىك باللاستلاش" قىسمىدا كۆرسىتىلگەن تەلەپلەرگە ئەگىشىشى كېرەك.

N400041,0001F66-UG-11MAR15-1/1

## ماشىنىغا مىنگىشىۋالغانلارنى چۈشۈرۈۋېتىش



TS290—UN—23AUG88

تراكتوردا پەقەت مەشغۇلاتچىنىڭ تۇرۇشىغىلا رۇخسەت قىلىنىدۇ.
ماشىنىغا مىنگىشىۋالغانلارنى چۈشۈرۈۋېتىڭ.

ماشىنىغا مىنگۈچىلەر يات نەرسىلەرگە ئۇرۇلۇپ كېتىپ يارىلىنىشىغا دۇچار بولىشى ۋە ماشىنىدىن ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن سىرت، مىنىۋالغۇچىلار مەشغۇلاتچىنىڭ كۆرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، ماشىنىنىڭ بىخەتەر مەشغۇلات قىلىشىغا ئەكىس تەسىر يەتكۈزىدۇ.

N400041,0001F67-UG-11MAR15-1/1

## تەربىيىچى ئورۇندۇقى



RXA0103436—UN—15JUN09

ئەگەر تەربىيىچى ئورۇندۇقى بار بولسا، ئۇنى پەقەت مەشغۇلاتچىنى تەربىيىلەش ۋە ماشىنىنىڭ كاشىلىلىرىغا دىئاگنوز قويۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

N400041,0001F68-UG-11MAR15-1/1

## بىخەتەرلىك چىراغلىرى ۋە قۇرۇلمىلىرىنى ئىشلىتىش



TS951—UN—12APR90

يولدىكى باشقىلارغا سوقۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ. سايمان ياكى ئۈسكۈنە چېتىلغان ھەمدە ئۆزى ماڭىدىغان ماشىنىنى يولدا ھەيدىگەندە ئاستا مېڭىڭ. ئارقىدىكى قاتناش ئەھۋالىنى پات-پات كۆزىتىپ تۇرۇڭ، بولۇپمۇ بۇرۇلغاندا بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنى ئىشلىتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

ئالدى چىراغ، چاقنايدىغان ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى ۋە بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنى كۈندۈز ۋە كېچىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. تۇرۇشلۇق جايدىكى ئۈسكۈنىلەرنى يورۇتۇش ۋە بەلگە ئىشلىتىشكە ئائىت قائىدە-نىزاملارغا رىئايە قىلىڭ. باشقىلار سىزنىڭ چىراغ ياكى بەلگىڭىزنى ئېنىق كۆرەلىسۇن. ئۇلارنى ياخشى ھالەتتە ساقلاڭ. بۇزۇلغان ياكى يوقاپ كەتكەن چىراغ ۋە بەلگىلەرنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ ياكى رېمونت قىلىڭ. John Deere سودىگىرى دېھقانچىلىق جابدۇقى ئۈچۈن بىر يۈرۈش بىخەتەرلىك چىراغلىرىنى تەمىنلىيەلەيدۇ.

N400041,0001F69-UG-11MAR15-1/1

## سۆرۈلىدىغان دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى بىخەتەر سۆرىئەتتە توشۇش



TS1686—UN—27SEP06

ئەڭ چوڭ توشۇش تېزلىكىدىكى ئېشىپ كېتىش مەنئى قىلىنىدۇ. مەزكۇر تراكتورنىڭ توشۇش تېزلىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنىڭ رۇخسەت قىلىنغان ئەڭ چوڭ توشۇش تېزلىكىدىن يۇقىرى.

سۆرىلىدىغان دېھقانچىلىق جابدۇقىنى توشۇشتىن ئاۋال، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئېتىكېت ياكى ئۇنىڭ مەشغۇلاتچى قوللانمىسىدىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، بۇ دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ئەڭ چوڭ توشۇش تېزلىكىگە هۆكۈم قىلىڭ. توشۇش جەريانىدا، ھەرگىزمۇ دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ئەڭ چوڭ توشۇش تېزلىكىدىن ئېشىپ كەتمەڭ. ئەڭ چوڭ توشۇش تېزلىكىدىكى ئېشىپ كەتكەندە تۆۋەندىكىلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن:

- تراكتورنى ياكى دېھقانچىلىق جابدۇقىنى كونترول قىلغىلى بولماسلىقى مۇمكىن
- تورمۇزلاپ توختىتىش ئۇزىراپ كېتىشى ياكى پەقەتلا تورمۇزلاپ توختاتقىلى بولماسلىقى مۇمكىن
- دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ بالونى تۆگىشىشى مۇمكىن
- دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ياكى دېتاللىرىغا زىيان يېتىشى مۇمكىن

**تورمۇزسىز دېھقانچىلىق جابدۇقلىرى:**

- ئەڭ يۇقىرى توشۇش تېزلىكىنى سائىتىگە 32 كىلومېتىرلىق (20 mph) سۆرىئەتتىن دىن ئاشۇرۇۋەتمەڭ.
- ئېغىرلىقى چوقۇم تراكتور ئېغىرلىقىنىڭ 1.5 ھەسسىسىدىن كىچىك بولىشى ياكى تولۇق يۈكلەنگەن ۋاقتىدا 1.5 توننا (3300 lb.) دىن تۆۋەن بولىشى كېرەك.

**تورمۇزلۇق دېھقانچىلىق جابدۇقلىرى:**

- ناۋادا ئىشلەپچىقارغۇچى ئەڭ يۇقىرى توشۇش تېزلىكىنى كۆرسەتمىگەن بولسا، ھەرگىزمۇ سائىتىگە 40 كىلومېتىرلىق (25 mph) سۆرىئەتتىن ئاشۇرۇپ سۆرىمەڭ.
- سائىتىگە 40 كىلومېتىرلىق (25 mph) سۆرىئەتكىچە توشۇغان ۋاقتىدا، تولۇق يۈك بېسىلغان دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ئېغىرلىقى تراكتور ئېغىرلىقىنىڭ 4.5 ھەسسىسىدىن يەڭگىل بولىشى كېرەك.
- سائىتىگە 40-50 كىلومېتىرلىق (25-31 mph) سۆرىئەتكىچە توشۇغان ۋاقتىدا، تولۇق يۈك بېسىلغان دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ئېغىرلىقى تراكتور ئېغىرلىقىنىڭ 3 ھەسسىسىدىن يەڭگىل بولىشى كېرەك.

N400041,0001F6A-UG-11MAR15-1/1

## يانتۇلۇقلاردا ۋە ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەر شەكلىدە ئېھتىيات قىلىش



RXA0103437—UN—01JUL09

تراكتورنى يانتۇلۇقلاردا مەشغۇلات قىلدۇرغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئازگاللار، خەندەكلەر ۋە باشقا توسالغۇلاردىن ساقلىنىڭ. دۆڭگە چىققۇاتقاندا تېز ئايلانماڭ.

ئازگال ياكى لايلىقتىن ئالدىغا ھەيدەپ چىققاندا ياكى يەردىن تىك دۆڭگە قاراپ ھەيدىگەندە تىراكتور ئۆگتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئىمكانىيەت بولسا، ئۇنداق يەرلەردىن كەينىگە ھەيدەپ چىقىڭ.

چاق ئارىلىقى تار بولۇش ھەممە يۇقىرى تېزلىكتە مېڭىش تراكتورنىڭ ئاسان ئۆرۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تراكتورنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان بارلىق ئامىللارنى تېزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. مۇقىملىقنا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق بىر ئەھۋالغا دىققەتكىزنى بېرىڭ.

يانتۇلۇق بولسا كونتروللۇقنى يوقىتىش ۋە ئۆرۈلۈپ كېتىشكە سەۋەبچى بولىدىغان ۋە نەتىجىدە يارىلىنىش ھەتتا ئۆلۈم ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يانتۇلۇقلاردا مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىڭ

ئازگاللار، ئورەكلەر، ئېرىقلار، تىك قىرلار ياكى ئويۇقچىلارنىڭ يېنىدا ھەرگىز ھەيدىمەڭ. ناۋادا چاقلار قىردا توختاپ قالسا ياكى ئورەككە پېتىپ قالسا، ماشىنا ئۈشتۈمتۇت ئۆرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

يانتۇلۇقلاردا توختاپ قىلىش ياكى خوت ئالماشتۇرۇشقا ھاجەت تۇغدۇرمايدىغان تۆۋەن يەر تېزلىكىنى تاللاڭ.

يانتۇلۇقلاردا قوزغىتىش، توختاش ياكى ئەگىلىشتىن ساقلىنىڭ. ئەگەر چاقلار ئىتتىرىش كۈچىنى يوقاتسا، PTO شافتىسىنى ئاجرىتىڭ ۋە يانتۇلۇقتىن ئاستا ھەيدەپ چۈشۈڭ.

يانتۇلۇقلاردا مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا سۆرئەتنى ئاستا ۋە مۇقىم ساقلاڭ. سۆرىئەت ۋە يۆنىلىشنى ھەرگىزمۇ بەك جىددىي ئۆزگەرتمەڭ، بولمىسا ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

N400041,0001F6B-UG-11MAR15-1/1

## پېتىپ قالغان ماشىنىنى تارتىپ ئېچىقىش



TS1645—UN—15SEP95



TS263—UN—23AUG88

ماشىنىنى لاي ئازگاللاردىن تارتىپ ئەچىقىشقا ئۇرۇنغاندا، لايغا پېتىپ قالغان تراكتور كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىش، تارتىش تراكتورى ئۆگتۈرۈلۈپ كېتىش، ۋە سۆرەش زەنجىرى ياكى سۆرەش كالتەكلىرى (كابېل ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنمايدۇ) كاردىن چىقىش ۋە سوزۇلغاندىن كېيىن كەينىگە قاڭقىپ چىقىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خېيىمخەتەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ئەگەر تراكتور لاي ئازگالغا پېتىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى كەينىگە ھەيدەش ئارقىلىق چىقىرىۋېلىڭ. سۆرۈلىدىغان بارلىق دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى ئاجرىتىڭ. ئارقا چاقلارنىڭ كەينى تەرىپىدىن لاينى قېزىپ چىقىرىڭ. چاقلارنىڭ ئارقىسىغا ياغاچ تاختاي قويۇپ قاتتىق ئاساس بىلەن تەمىنلەڭ. ئاندىن كېيىن، تەتۈر يۆنىلىشكە قاراپ ھەيدەپ سىناپ بېقىڭ. زۆرۈر تېپىلسا، چاقلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن لايلارنى قىزىپ چىقىرىڭ ۋە تراكتورنى ئالدىغا ئاستا ھەيدەڭ.

ئەگەر سۆرەش ئۈچۈن بىر تراكتور ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا، پەقەت سۆرەش كالتىكى ياكى ئۇزۇنراق زەنجىر ئىشلىتىڭ (كابېل ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنمايدۇ). زەنجىرلەردە نۇقسان بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈڭ. سۆرەيدىغان قۇرۇلمىلارنىڭ بارلىق زاپچاسلىرى چوقۇم يۈككە نىسبەتەن چوڭ كىچىكلىكى مۇۋاپىق ۋە سۆرەش كۈچى يېتەرلىك بولغان بولىشى كېرەك.

ئۇلارنى چوقۇم سۆرەش ماشىنىسىدىكى سۆرەش تايىقىغا بېكىتىڭ. ئۇلارنى ئالدىدىكى ئىتتىرىش كالتىكىنىڭ ئورنىتىش نۇقتىسىغا بېكىتىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ. ئىشنى باشلاشتىن ئاۋال، تاماشا كۆرگۈچىلەرنى ئەتراپتىن يىراقلاشتۇرۇڭ. ئاستا قوزغىتىڭ: تۇيۇقسىز كۈچەپ قوزغىتىش خەتەرلىك تەۋرىنىشنى ۋە تارتىش قۇرۇلمىسىنىڭ قاڭقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

N400041,0001F6C-UG-11MAR15-1/1

## هاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشتىن ساقلىنىش



TS220—UN—15APR13



TS272—UN—23AUG88

بېپىق ھالەتتىكى كابىنكا هور، تۈتەك ياكى چاڭ-توزان زەررىچىلىرىنىڭ بۆسۈپ كىرىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئەگەر هاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىلىرىنىڭ تەلىماتلىرىدا نەپەسلىنىشنى قوغداش تەدبىرلىرىنى ئىلىش كۆرسىتىلگەن بولسا، كابىنكا ئىچىدە چوقۇم نەپەسلىنىش ئاپپاراتى تاقاش كېرەك.

كابىنكىدىن چىقىشتىن بۇرۇن، هاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىش تەلىماتلىرىدا كۆرسىتىلگەن قوغدىنىش جابدۇقلىرىنى تاقاڭ. كابىنكىغا قايتىدىن كىرىدىغان چاغدا، قوغدىنىش جابدۇقلىرىنى سېلىۋېتىڭ ۋە ئۇلارنى ھەم ساندۇققا ياكى باشقا بىر ھەم ئېتىلىدىغان تۇڭغا سىلىپ، كابىنكىنىڭ سىرتىدا ساقلاڭ. ياكى ئۇلارنى هاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىسى يۇقمايدىغان، پلاستىك خالتىلارغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە سىلىپ، كابىنكىدا قويسىڭىزمۇ بولىدۇ.

كابىنكىغا كىرىشتىن ئاۋال، مەينەتچىلىك ياكى باشقا زەھەرلەنگەن ماددىلارنى تازىلاۋېتىش ئۈچۈن، ئاياق ياكى ئۆتەكلىرىڭىزنى سۈرتۈۋېتىڭ.

N400041,0001F6D-UG-11MAR15-1/1

## هاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىلىرىنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش

زەمبۇرۇغ يوقىتىش دورىسى، ئوت-چۆپ يوقىتىش دورىسى، هاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىسى، غاجىغۇچىلارنى يوقىتىش دورىلىرى ۋە ئوغۇتلارغا ئوخشاش دېھقانچىلىق خىمىيىلىك دورىلىرىنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلەتمەسلىك سالامەتلىككە ۋە مۇھىتقا تەهدىت ئېلىپ كېلىدۇ.

هاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىلىرىنى ئىشلەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ ئېتىكىتىدىكى ئۈنۈمدارلىق، بىخەتەرلىك ۋە قانۇن-بەلگىلىمىلەر هەققىدىكى تەلىماتلارغا ئەگىشىڭ.

خىمىيىلىك دورىلار پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان يارىلىنىشنى ۋە خەتەرلەرنى ئەڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن:



TS220—UN—15APR13



A34471

A34471—UN—11OCT88

- ئىشلەپچىقارغۇچى تەۋسىيە قىلغان مۇۋاپىق شەخسى مۇهاپىزەت ئۈسكۈنىسىنى كىيىۋېلىڭ. ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ تەلىماتلىرى تېپىلمىغان ئەهۋالدا، تۆۋەندىكىلەرگە رىئايە قىلىڭ:
  - **خەتەرلىك** دېگەن ئېتىكىتى بولغان خىمىيىلىك دورىلار: زەهەرلىك. نورمال شارائىتلاردا، قوغدىنىش كۆزەينىكى، نەپەسلىنىش ماسكىسى، پەلەي ۋە تېرىنى قوغداش مەهسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىڭ.
  - **ئاگاهلاندۇرۇش** دېگەن ئېتىكىتى بولغان خىمىيىلىك دورىلار: مۆتىدىل زەهەرلىك. نورمال شارائىتلاردا، قوغدىنىش كۆزەينىكى، پەلەي ۋە تېرىنى قوغداش مەهسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىڭ.
  - **دىققەت** دېگەن ئېتىكىتى بولغان خىمىيىلىك دورىلار: سەل-پەل زەهەرلىك. نورمال شارائىتلاردا، پەلەي ۋە تېرىنى قوغداش مەهسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىڭ.
- هور، ئايروزول ياكى چاڭ-توزاننىڭ نەپەس يولىغا كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىڭ.
- خىمىيىلىك دورىلار بىلەن هەپىلەشكەن ۋاقىتتا، سوپۇن، سۇ ۋە لۆڭگىنى يېنىدا تۇرغۇزۇش لازىم. ناۋادا تېرىگە، قوللارغا، ياكى يۈزگە خىمىيىلىك دورا تېگىپ كەتسە، دەرهال سوپۇن ۋە سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىڭ. ناۋادا كۆزگە خىمىيىلىك دورا كىرىپ كەتسە، دەرهال سۇ بىلەن چايقىۋېتىڭ.
- خىمىيىلىك دورا ئىشلەتكەندىن كېيىن ۋە يېيىش، ئىچىش، چېكىش ۋە ياكى هاجەتخانىغا بېرىشتىن ئاۋال قولىڭىزنى ۋە يۈزىڭىزنى پاكىزە يۇيۇۋېتىڭ.
- خىمىيىلىك دورىلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا هەرگىزمۇ تاماكا چەكمەڭ، يېمەڭ ياكى ئىچمەڭ.
- خىمىيىلىك دورىلارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، هەمىشە يۇيۇنىۋېتىڭ ۋە كىيىملەرنى ئالماشتۇرىۋېتىڭ. ئىشلەتكەن كىيىملەرنى قايتىدىن كىيىشتىن ئاۋال يۇيۇۋېتىڭ.
- خىمىيىلىك دورىلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىئاراملىق هېس قىلسىڭىز، دەرهال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.
- خىمىيىلىك دورىلارنى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تۇڭىدا ساقلاڭ. خىمىيىلىك دورىلارنى هەرگىزمۇ ئېتىكىتى يوق تۇڭلارغا ياكى يېمەك-ئىچمەك ئۈچۈن ئىشىتىلىدىغان تۇڭلارغا قۇيۇپ قويماڭ.
- خىمىيىلىك دورىلار چوقۇم يېمەك-ئىچمەك ياكى يەم-خەشەكلەردىن يىراقراق، بىخەتەر ۋە سولىنىدىغان بىر يەردە ساقلىنىشى كېرەك. بالىلارنى هەرگىزمۇ ئۇلارغا يېقىنلاشقىلى قويماڭ.
- تۇڭلارنى هەمىشە مۇۋاپىق بىر ياقىلىق قىلىڭ. بوشىغان تۇڭلارنى ئۈچ قېتىم يۇيۇڭ. مىجىپ ياپىلاقلاڭ ۋە ئاندىن بىر ياقىلىق قىلىڭ.

N400041,0001F6E-UG-11MAR15-1/1

## باتارىيىنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش



TS204—UN—15APR13

باتارىيىدىن قويۇپ بېرىلگەن گاز پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئوت يالقۇنى ۋە ئۇچقۇننى باتارىيەلەردىن يىراق تۇتۇڭ. باتارىيىنىڭ ئېلېكترولىت سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، چاقماق لامپا ئىشلىتىڭ.

باتارىيىنىڭ زەرىتىنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئارىسىغا مېتال نەرسە قويۇپ ئۆلچىمەڭ. ۋولتمېتىر ياكى گىدرومېتىر ئىشلىتىڭ.

ئاككۇمۇلياتورنىڭ يەر كابېل (-) قىسقۇچىنى دائىم ئاۋۋال چىقىرىڭ ھەمدە ئۇنى ئەڭ ئاخىرىدا چېتىڭ.

باتارىيە ئېلېكترولىتىدىكى گۈڭگۈرت كىسلاتاسى زەھەرلىك بولۇپ ئۇ تېرىنى كۆيدۈرەلىگۈدەك، كىيىملەرنى تېشىۋەتكۈدەك، ۋە مۇبادا چاچراپ كەتسە كۆزنى قارىغۇ قىلىپ قويغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك.

**خېيىمخەتەردىن تۆۋەندىكىدەك ساقلىنىڭ:**

- ئېلېكترولىتنى ياخشى ھاۋا ئۆتۈشىدىغان جايدا توشقۇزۇڭ
- كۆز قوغدىغۇچى تاقاڭ ۋە رېزىنكە پەلەي كىيىۋېلىڭ
- باتارىيەلەرنى تازىلاش ئۈچۈن پرېسلانغان يەل ئىشلىتىشتىن ساقلىنىڭ
- ئېلېكترولىت قۇيۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ھورىدىن نەپەسلىنىشتىن ساقلىنىڭ
- ئېلېكترولىت تۆكۈلۈپ ياكى تامچىپ قىلىشتىن ساقلىنىڭ
- توغرا باتارىيە زەرەتلىگۈچ ياكى توغرا زەرەتلەش قۇرۇلمىلىرىنى ئىشلىتىڭ.

**كىسلاتا كۆزگە ياكى تېرىگە تۆكۈلۈپ كەتسە:**

1. تېرىنى سۇ بىلەن چايقاڭ.
2. ئېچىتقۇ سودا ياكى لىمون سۈركەپ كىسلاتانى نېترالاشتۇرۇڭ.
3. كۆزنى 15-30 مىنۇت ئەتراپىدا سۇ بىلەن چايقاپ يۇيۇڭ. دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.

**كىسلاتانى يۇتۇۋالغاندا:**

1. مەجبۇرى قۇسۇشقا ئۇرۇنماڭ.
2. جىق سۇ ياكى سۈت ئىچىڭ، لېكىن 2 لىتىر (qt. 2) دىن كۆپ بولۇپ كەتمىسۇن.
3. دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.



TS203—UN—23AUG88

**باتارىيەلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن قولىڭىزنى يۇيۇۋېتىڭ.**

**ئاگاھلاندۇرۇش:** باتارىيىنىڭ تېرمىناللىرى، كوننېكتورلىرى، ۋە ئالاقىدار قوشۇمچە دېتاللىرى بولسا قوغۇشۇن ياكى قوغۇشۇن تەركىبلەرنى ۋە شۇنداقلا كالىفورنىيە شىتاتىدا راك پەيدا قىلىدۇ ۋە كۆپىيىش ئىقتىدارىغا زىيان سالىدۇ دەپ قارىلىدىغان خىمىيىلىك ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

N400041,0001F6F-UG-11MAR15-1/1

## بېسىملىق سۇيۇقلۇق لىنىيىلىرىنىڭ يېنىدا قىزدۇرۇشىدىن ساقلىنىش



TS953—UN—15MAY90

كۆيۈشچان پۈركۈم بېسىملىق سۇيۇقلۇق لىنىيىلىرىنىڭ يېنىدا قىزدۇرۇشتىن شەكىللىنىدىغان بولۇپ، ئۇ سىز ۋە ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ ئېغىر كۆيۈپ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. بېسىملىق سۇيۇقلۇق لىنىيىلىرىنىڭ ياكى باشقا كۆيۈشچان ماتېرىياللارنىڭ يېنىدا كەپشەرلەش، داغلاش ياكى پارتلىتىپ كۆيدۈرۈش ئارقىلىق قىزدۇرۇش ئېلىپ بارماڭ. ئىسسىقلىق رۇخسەت قىلىنغان چەكتىن ھالقىپ كەتكەندە، بېسىملىق سۇيۇقلۇق لىنىيىلىرى تاساددىپىي يېرىلىپ كېتىش مۇمكىن.

N400041,0001F70-UG-11MAR15-1/1

## كەپشەرلەش ياكى قىزدۇرۇشتىن ئاۋۋال سىرنى چىقىرىۋېتىش.



TS220—UN—15APR13

ھاسىل بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان زەھەرلىك تۈتۈن ۋە چاڭ-توزانلاردىن ساقلىنىڭ.

كەپشەرلەش، داغلاش ياكى پارتلىتىپ كۆيدۈرۈش جەريانىدا سىرلار قىزىتىلسا زىيانلىق تۈتۈنلەر ھاسىل بولىشى مۇمكىن.

قىزدۇرۇشتىن ئاۋۋال سىرنى چىقىرىۋېتىڭ:

- قىزدۇرۇشنىڭ تەسىرىگە يولۇقىدىغان جاينىڭ ئەتراپىدىن 100 مىللىمېتىر (in. 4) چوڭلۇقتىكى بىر پارچە يەرنىڭ سىرىنى چىقىرىۋېتىڭ. ناۋادا سىرنى چىقىرىۋەتكىلى بولمىسا، لاياقەتلىك نەپەسلىنىش ماسكىسى تاقىۋېلىڭ ۋە ئاندىن قىزىتىش ياكى كەپشەرلەش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىڭ.
- سىرنى قۇم بىلەن ياكى ئۇۋۇتۇپ چىقارماقچى بولسىڭىز، ھاسىل بولغان چاڭ-توزانلاردىن نەپەسلىنىشتىن ساقلىنىڭ. لاياقەتلىك نەپەسلىنىش ماسكىسى تاقىۋېلىڭ.
- ئەگەر ئېرىتمە ياكى سىر ئاجرىتىش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىلگەن بولسا، كەپشەرلەشتىن ئاۋۋال سىرىنى چىقىرىۋەتكەن جايلارنى سوپۇن ۋە پاكىزە سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىڭ. ئېرىتمە ياكى سىر ئاجرىتىش سۇيۇقلۇقى قاچىلانغان تۇڭلارنى ۋە باشقا كۆيۈشچان ماتېرىياللارنى ئىش مەيدانىدىن يىراققا ئاپىرىۋېتىڭ. قىزىتىش ياكى كەپشەرلەشتىن ئاۋۋال، تۈتۈننىڭ تولۇق تارقاپ بولىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 15 مىنۇت ئەتراپىدا تەخىر قىلىڭ.

كەپشەرلەش ئېلىپ بارىدىغان مەيدانلاردا خلورلۇق ئېرىتمە ئىشلەتمەڭ.

بارلىق خىزمەتنى، ھاۋا ياخشى ئۆتۈشۈپ زەھەرلىك تۈتۈن ۋە چاڭ-توزانلارنى چىقىرىۋېتىدىغان بىر جايدا ئېلىپ بېرىڭ.

سىر ۋە ئېرىتمىنى مۇۋاپىق بىر ياقىلىق قىلىڭ.

N400041,0001F71-UG-11MAR15-1/1

## ئېلېكترونىك دېتاللار ۋە تېرەكلەرنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش



TS249—UN—23AUG88

ئۈسكۈنىلەرگە ئېلېكترونلۇق دېتاللارنى ئورناتقان ياكى ئاجراتقان ۋاقىتلاردا، ئۇلار ناۋادا يىقىلىپ چۈشسە ئېغىر يارىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئورنىتىش ئورنىغا يېتىدىغان شوتا ياكى خىزمەت سۇپىسىنى ئىشلىتىڭ. چىڭ ۋە بىخەتەر تۇتقۇچلارنى ۋە پەشتاقلارنى ئىشلىتىڭ. يامغۇرلۇق ۋە قارلىق ھاۋادا ھەرگىزمۇ دېتاللارنى بېكىتمەڭ ياكى بوشاتماڭ.

RTK بازا سۇپىسىنى بېكىتمەكچى بولغان ۋە ياكى مۇناردا ياكى ئېگىز رەك بىر قۇرۇلۇشتا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاسراش ئېلىپ بارماقچى بولغان ۋاقىتلاردا، چوقۇم لاياقەتلىك بىر يامىشىش قورالىنى ئىشلىتىش زۆرۈر.

ناۋادا دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ئۈستىگە يەرشارى ئورۇن باشلاش سىستېمىسى GPS قوبۇللىغۇچىنىڭ ئانتېناسىنى بېكىتىش ياكى ئۇنى ئاسراشقا توغرا كەلسە، مۇۋاپىق لىفىت تېخنىكىسى ۋە قوغدىنىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىڭ. ئانتېننا ماچتىسى بەك ئېغىر بولۇپ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلماق تەس. ئەگەر مۇقىملاشتۇرۇش نۇقتىسىغا يەردە ياكى بىر سۇپىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يېقىنلىشالمىسىڭىز، بېكىتىش ياكى ئاجرىتىش ئىشىنى قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئادەمگە ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ.

N400041,0001F72-UG-11MAR15-1/1

## بىخەتەر پەرۋىش ئېلىپ بېرىش مېتودلىرى



TS218—UN—23AUG88

ئىش باشلاشتىن ئاۋال، ئاسراش تەرتىپلىرىنى بىلىۋېلىڭ. ئىش مەيداننى پاكىزە ۋە قۇرغاق تۇتۇڭ.

ماشىنا مېڭىۋاتقان ۋاقىتتا، سىلىقلاش، پەرۋىشلەش ياكى تەڭشەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىمەڭ. قولىڭىز، پۇتىڭىز ۋە كىيىمىڭىزنى قۇۋۋەت بىلەن ھەيدىلىدىغان دېتاللاردىن يىراق تۇتۇڭ. بارلىق قۇۋۋەت تەمىنلەش مەنبەلىرىنى ئاجرىتىڭ ۋە كونترول ئېلېمېنتلىرى ئارقىلىق بېسىمنى قويۇپ بېرىڭ. دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى يەرگە چۈشۈرۈڭ ۋە ماتورنى ئۆچۈرۈڭ. ئاچقۇچنى چىقىرىۋېلىڭ. ماشىنا سوۋۇپ بولغىچە تەخىر قىلىڭ.

زاپچاسلارنى پەرۋىشلەش خىزمىتى ئۈچۈن تىكلەپ قويۇشقا توغرا كەلسە، بىخەتەرلىك ئۈچۈن ئۇ زاپچاسلارنى چىڭ تېرەپ قويۇڭ.

بارلىق دېتاللارنىڭ ياخشى ۋە توغرا قۇراشتۇرۇلغان بولۇشىغا جەزىم قىلىڭ. مەسىلىلەرنى دەرھال ھەل قىلىڭ. كونىرىغان ياكى بۇزۇلغان زاپچاسلارنى يەڭگۈشلەڭ. يىغىلىپ قالغان سىلىقلاش ياغلىرى، ماتور مايلىرى ياكى قالدۇقلارنى تازىلىۋېتىڭ.

ئۆزى ئىتتىرىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئېلېكتىر سىستېمىسىغا تەڭشەش ئېلىپ بېرىش ياكى ماشىنىغا كەپشەرلەش ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، باتارېيىنىڭ يەر كابېلى (-) نى ئاجرىتىۋېتىڭ.

سۆرىلىدىغان دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ئېلېكتىر سىستېما دېتاللىرىغا ئاسراش ئېلىپ بېرىش ياكى ماشىنىنى كەپشەرلەشتىن بۇرۇن، سىم باغلىمىنى تراكتوردىن ئاجرىتىڭ.

N400041,0001F73-UG-11MAR15-1/1

## قىزىق ئېگزوستىن ساقلىنىش



RG17488—UN—21AUG09

ماتور مېڭىۋاتقان ھالەتتە ماشىنا ياكى قوشۇلمىلارغا ئاسراش ئېلىپ بېرىش ئېغىر ئادەم يارىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. قىزىق ئېگزوس گازغا يولۇقۇش ياكى تېرىنىڭ قىزىق ئېگزوس دېتاللىرى بىلەن ئۇچرىشىدىن ساقلىنىڭ.

ماشىنا مېڭىۋاتقان چاغدا، ئېگزوس ۋە ئالاقىدار دېتاللارنىڭ تېمپېراتۇرىسى تولىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئېگزوس ۋە دېتاللىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى كۆيۈش، يېنىش ياكى ئادەتتىكى ماتېرىياللارنىڭ ئېرىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇدەك دەرىجىدە ئۆرلەپ كېتىدۇ.

N400041,0001F74-UG-11MAR15-1/1

## ئېگزوس فىلتىرىنى بىخەتەر تازىلاش

ئېگزوس فىلتىرىنى تازىلاش جەريانىدا، ماتور ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئاشۇرۇلغان قۇرۇق مېڭىش سۈرئىتىدە ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ماڭىدۇ. ئېگزوس ۋە ئېگزوس فىلتىر دېتاللىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى كۆيۈش، يېنىش ياكى ئادەتتىكى ماتېرىياللارنىڭ ئېرىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇدەك دەرىجىدە ئۆرلەپ كېتىدۇ.

قىزىق ئېگزوس ياكى دېتاللىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئاسان ئۇچرايدىغان ئادەملەر، ھايۋانلار ياكى قۇرۇلمىلارنى يىراقراق تۇتۇڭ. ئوت كېتىش ياكى پارتلاش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۆيۈشچان ماتېرىياللار ۋە ھورلارنى ئېگزوسقا يېقىن قويماڭ. ئېگزوس چىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ئادەملەردىن ۋە ئېرىدىغان، كۆيىدىغان ياكى پارتلاپ كېتىدىغان ھەر قانداق نەرسىدىن يىراق تۇتۇڭ.

ئېگزوس فىلتىرىنى تازىلاش جەريانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، ماشىنا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوت يالقۇنى ياكى قالدۇقلار بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ.

ماتور مېڭىۋاتقان چاغدا يېقىلغۇ قاچىلاش ئوت كېتىشنى ياكى پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن. ماشىنىغا يېقىلغۇ قاچىلاشتىن ئاۋال ھەمىشە ماتورنى توختىتىڭ ۋە تۆكۈلۈپ كەتكەن يېقىلغۇنى ئادالىۋېتىڭ.

ماشىنىنى كاميونغا باسقان ياكى ئۇنى پرىتسېپتا سۆرىگەن چاغلاردا، ماتورنى ئۆچۈرۈشنى ئۇنتۇماڭ.

ئېگزوس دېتاللىرىنى ئۇلار تېخى قىزىق ۋاقتىدا تۇتۇپ سالغاندا، ئىنتايىن ئېغىر يارىلىنىش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

ئاشۇنداق زاپچاسلارنى، تاكى ئۇلار بىخەتەر بىر تېمپېراتۇرىغا سوۋۇغاندا قەدەر تۇتۇپ سېلىشتىن ساقلىنىڭ.

ئەگەر ئاسراش تەرتىپلىرى ماتورنىڭ مېڭىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلغان بولسا:

- پەقەت ئاسراش تەرتىپلىرى تەلەپ قىلغان ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان زاپچاسلارنى قوزغىتىڭ.
- مەشغۇلاتچى سۇپىسى ۋە ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ تۇرۇۋالمىغان بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

قول، پۇت ۋە كىيىمىڭىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان زاپچاسلاردىن نېرى تۇتۇڭ.

مەشغۇلاتچى سۇپىسىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، مېڭىش خوتىغا سېلىنمىغان بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. پارك تورمۇزىنى سىلىڭ ۋە قوشۇمچىلار ياكى سايمانلارغا يەتكۈزۈۋاتقان قۇۋۋەتنى ئاجرىتىڭ.

ئاۋادا ماشىنىنى تەنھا تاشلاپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ماتورنى ئۆچۈرۈڭ ۋە ئاچقۇچنى (ئەگەر بار بولسا) چىقىرىۋېلىڭ.



TS227—UN—15APR13





TS271—UN—23AUG88



TS1693—UN—09DEC09




TS1695—UN—07DEC09

N400041,0001F75-UG-11MAR15-1/1

## خەيزىمەت يېرىدە ھاۋانىڭ ياخشى ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىنى ساقلاش



TS220—UN—15APR13

ماتوردىن ئېگزوسى ئادەمنى ئاغرىتىپ ياكى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

ئەگەر ماتورنى ئەتراپى ئورالغان جايدا ماڭدۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالسا، ھاسىل بولغان ئېگزوس ئۆتەمكلىرىنى ئېگزوس نورى ئۇزاتقۇچ ئارقىلىق ھەيدەپ چىقىرىۋېتىش لازىم.

ئەگەر ئېگزوس نورى ئۇزاتقۇچنى تاپقىلى بولمىسا، ئىشىكنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك.

N400041,0001F76-UG-11MAR15-1/1

## ماشىنىنى مۇۋاپىق تىرەش



TS229—UN—23AUG88

ماشىنىدا خىزمەت قىلىشتىن ئاۋال، قوشۇلمىلار ياكى دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى يەرگە چۈشۈرۈڭ. ئەگەر خىزمەت ماشىنا ياكى دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولسا، ئۇنى چوقۇم بىخەتەر ۋە مۇۋاپىق تىرەپ قويۇش لازىم. ئەگەر ئۇزۇن ۋاقىت كۆتۈرۈلگەن ھالەتتە تۇرغۇزۇلسا، گىدراۋلىك دەستەكلەش قۇرۇلمىسى تۆۋەنلىشى ياكى ئۇنىڭدا قېچىش كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

شاخار خىش، كاۋاك خىش ياكى ماشىنىنىڭ ئېزىلىپ يۇكىنى كۆتۈرۈپ بولالماي ئېزىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغان باشقا خىلدىكى ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ. ھەرگىزمۇ پەقەت بىر دامكرات بىلەنلا تىرەپ قويۇلغان ماشىنىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ خىزمەت قىلماڭ. مەشغۇلات قىلغاندا مەزكۇر قوللانمىدا تەۋسىيە قىلىنغان تەرتىپلەرگە ئەگىشىڭ.

دېھقانچىلىق جابدۇقلىرى ياكى قوشۇلمىلارنى ماشىنىغا بېكىتكەن چاغدا، داۋاملىق ئۇلارنىڭ مەشغۇلاتچى قوللانمىسىدا كۆرسىتىلگەن بىخەتەرلىك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىگە ئەگىشىڭ.

N400041,0001F77-UG-11MAR15-1/1

## ماشىنا قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش



TS177—UN—11JAN89

ماشىنا كونتروللۇقتىن قېچىپ كېتىش سەۋەبىدىن يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىڭ.

ستارتېر تېرمىناللىرىنىڭ ئارىسىنى قىسقا ئۇتاشتۇرۇپ ماتورنى قوزغىتىدىغان ئىشنى قەتئىي قىلىپ سالماڭ. ئەگەر نورمال دەۋرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈلسە، ترانسمىسسىيون خوتتا تۇرغان تەقدىردىمۇ ماشىنا قوزغىلىپ كېتىدۇ.

مەشغۇلاتچى موتورنى ھەرگىزمۇ ئۆزى يەردە تۇرۇۋېلىپ قوزغىتىشقا بولمايدۇ. مەشغۇلاتچى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ، ترانسمىسسىيوننى بوش خوت ياكى پاركقا سېلىپ قويۇپ ئاندىن ماتورنى ئوت ئالدۇرۇش لازىم.

N400041,0001F78-UG-11MAR15-1/1

## ماشىنىنى بىخەتەر پارك قىلىش



TS230—UN—24MAY89

ماشىنىدا ئىش ئىلىپ بېرىشتىن ئاۋال:

- بارلىق دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى يەرگە چۈشۈرۈڭ.
- ماتورنى توختىتىڭ ۋە ئاچقۇچنى چىقىرىۋېلىڭ.
- باتارېيىنىڭ يەر كابېلىنى ئاجرىتىڭ.
- كابىنكىغا "ھەرگىز ئىشلەتمەڭ" دېگەن تاختىنى ئېسىپ قويۇڭ.

N400041,0001F79-UG-11MAR15-1/1

## تراكتورنى بىخەتەر توشۇش



RXA0103709—UN—01JUL09

ھەيدىگىلى بولمايدىغان تراكتورنى چوقۇم ئەڭ ياخشىسى تۈز تەگلىك پرىتسېپ بىلەن توشۇش كېرەك. تراكتورنى پرىتسېپقا زەنجىر بىلەن مەھكەم باغلاڭ. تراكتورنىڭ جاھازىسى ۋە ئاكسىللىرىدا مەخسۇس باغلاش نۇقتىلىرى تەييارلانغان.

تراكتورنى تۈز تەگلىك پرېتسېپ ياكى پويىز بىلەن توشۇشتىن ئاۋال، تراكتور ماتورىنىڭ ياپقۇچى، تراكتور ئىشىكلىرى، (ئەگەر بار بولسا) ئۆگزە ياپقۇچى ۋە دېرىزىلەرنىڭ مەھكەم ئېتىلگەن بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

تراكتورنىڭ توشۇلۇش سۈرئىتى چوقۇم سائىتىگە 10 كىلومېتىرلىق (6 mph) سۈرئەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. سۈرەش جەريانىدا تراكتورنىڭ رولىنى باشقۇرۇش ۋە تورمۇزلاش ئۈچۈن چوقۇم بىر مەشغۇلاتچى بولىشى كېرەك.

N400041,0001F7A-UG-11MAR15-1/1

## سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى بىخەتەر ئاسراش



TS281—UN—15APR13

بېسىملىق سوۋۇتۇش سىستېمىسىدىن ناۋادا سۇيۇقلۇق چاچراپ چىقسا، ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

موتورنى ئۆچۈرۈڭ. توشقۇزۇش قالپىقىنى تاكى ئۇنى يالىڭاچ قول بىلەن تۇتسا كۆيدۈرمىگۈدەك دەرىجىدە سوۋۇغاندىن كېيىن ئاندىن چىقىرىڭ. قالپاقنى تولۇق چىقىرىشتىن ئاۋال، ئۇنى بىرىنچى توختاشقا ئاستا-ئاستا بوشىتىپ ئەكىلىپ بېسىمنى قويۇۋېتىڭ.

N400041,0001F7B-UG-11MAR15-1/1

## ئاككومۇلياتور سىستېمىسىنى بىخەتەر ئاسراش



TS281—UN—15APR13

ھاۋا تەڭشەش سىستېمىسى، گىدراۋلىك ۋە يەل تورمۇز سىستېمىلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بېسىملىق ئاككۇمۇلياتور بولغان سىستېمىلاردىن قاچقان سۇيۇقلۇق ياكى گازلار ئېغىر يارىلىنىش پەيدا قىلالايدۇ. ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئاككۇمۇلياتورنىڭ پارتلىشى ۋە بېسىملىق تۇرۇبىلارنى تاساددىپىي يېرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. بېسىملىق ئاككومۇلياتور ياكى بېسىملىق تۇرۇبىنىڭ يېنىدا كەپشەرلەش ياكى پارسلىتىپ كۆيدۈرۈش مەنئىي قىلىنىدۇ.

ئاككۇمۇلياتورنى چىقىرىشتىن ئاۋال، بېسىملىق سىستېمىدىن بېسىمنى قويۇۋېتىڭ.

ئاككۇمۇلياتورنى چىقىرىشتىن ئاۋال، گىدراۋلىك سىستېمىدىن بېسىمنى قويۇۋېتىڭ. گىدراۋلىك سىستېما ياكى ئاككۇمۇلياتور بېسىمنى ھەرگىزمۇ خالىغان بىر كوننېكتورنى بوشىتىش ئارقىلىق قويۇپ بەرمەڭ.

ئاككۇمۇلياتورنى رېمونت قىلغىلى بولمايدۇ.

N400041,0001F7C-UG-11MAR15-1/1

## بالونلارنى بىخەتەر ئاسراش



RXA0103438—UN—11JUN09

بالون ۋە رام زاپچاسلىرى پارتلاپ ئاجرىسا ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مۇۋاپىق ئۈسكۈنىڭىز ۋە بۇ ئىشنى قىلالىغۇدەك تەجرىبىڭىز بولمىسا، بالوننى بېكىتىشكە ئۇرۇنماڭ.

ھەمىشە توغرا بالون يەل بېسىمنى ساقلاڭ. بالونلارغا تەۋسىيە قىلىنغان بېسىمدىن ئارتۇق بېسىمدا يەل بەرمەڭ. چاق ۋە بالون توپلىمىنى ھەرگىزمۇ كەپشەرلىمەڭ ياكى قىزدۇرماڭ. ئىسسىقلىق يەل بېسىمىنى يۇقىرىلىتىۋېتىدۇ، ئاقىۋەتتە بالون پارتلاش كېلىپ چىقىدۇ. كەپشەرلەش بولسا چاق قۇرۇلمىسىنى ئاجىزلىتىشى ياكى چاقنى مايماق قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

بالونغا يەل ئۇرغاندا، قىسىش بېشى ۋە يېتەرلىك ئۇزارتىش شىلانكىسى ئىشلىتىڭ، ئۆزىڭىز بىر ياندا تۇرۇڭ، بالون قۇرۇلمىسىنىڭ ئالدى ياكى ئۈستىدە تۇرماڭ. ئەگەر شارائىت بولسا بىخەتەرلىك قاشاسى ئىشلىتىڭ.

چاقلارنى تەكشۈرۈپ يەل بېسىمى تۆۋەنمۇ، كېسىلىش، كۆپۈپ قېلىش ۋە گەردىش بۇزۇلۇش كۆرۈلدىمۇ ياكى بولتا ۋە گايكىلار تولۇقمۇ قاراپ چىقىڭ.

N400041,0001F7D-UG-11MAR15-1/1

## ئالدى چاقى ھەيدىلىدىغان تراكتورنى بىخەتەر ئاسراش




L124515—UN—06AUG94

ئالدى چاقى ھەيدىلىدىغان تراكتورنى ئاسراش ئۈچۈن، ئارقا چاقلارنى دامكرات بىلەن يەردىن كۆتۈرۈڭ ۋە ئۇلارنى مەھكەم تېرەپ قويۇڭ. ماتورنىڭ كۈچى بىلەن چاقلارنى ئايلاندۇرۇڭ. ئوخشاش چارە بىلەن ئالدى چاقلارنى تېرەپ قويۇڭ. قۇۋۋەت كاشىلىسى ياكى ترانسمىسسىيون گىدراۋلىك سىستېما بېسىمى يوقاش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەندە، مۇبادا ئالدى چاقلار دامكرات ئارقىلىق يەردىن كۆتۈرۈپ قويۇلمىغاندا، ئالدى ھەيدەش چاقلىرى كىرىشىپ كېتىدۇ ۋە ئارقا چاقلارنى تېرەپ قويغان يەردىن سۈرەپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۆزچات توختاش ئورنىغا بولغان تەقدىردىمۇ، ئالدى چاقلار يەنىلا كىرىشىپ كېتىدۇ.

N400041,0001F7E-UG-11MAR15-1/1

## چاقنىڭ تۇتتۇرما بولتىلىرى / گايكىلىرىنى چېڭىتىش




L124516—UN—03JAN95

"قىتلاندۇرۇش" ۋە "پەرۋىشلەش" بۆلۈملىرىدە بېرىلگەن ئېنتېرۋاللارغا ئاساسەن، چاق تۇتتۇرما بولتىلىرى / گايكىلىرىنى چېڭىتىڭ.

N400041,0001F7F-UG-11MAR15-1/1

## يۇقىرى بېسىملىق سۇيۇقلۇقلاردىن ساقلىنىش



X9811—UN—23AUG88

قەرەللىك ھالدا — يىلدا ئەڭ ئاز دېگەندە بىر قېتىم — گىدراۋلىك شىلانكىلاردا قېچىش، تولغىشىش، كېسىلىش، يېرىلىش، سۈركىلىپ ئۇپراش، كۆپۈك قايناش، چىرىش، سىم پۆپۈكى ئېچىلىپ قېلىش ياكى باشقا ھەر قانداق ئۇپراش ياكى بۇزۇلۇش ئالامەتلىرىنى ئىنسپېكسىيە قىلىڭ.

ئۇپرىغان ياكى بۇزۇلغان شىلانكا توپلاملىرىنى John Deere تەستىقلىغان سەپلىمە زاپچاسلار بىلەن دەرھال يەڭگۈشلەڭ.

بېسىملىق سۇيۇقلۇقلار چاچراپ چىقسا، تېرىگە تېشىپ كىرىپ ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىش پەيدا قىلالايدۇ.

خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، گىدراۋلىك ياكى باشقا تۇرۇبىلارنى ئاجرىتىشتىن بۇرۇن بېسىمنى تۆۋەنلىتىڭ. بېسىم ماگدۇرۇشتىن ئاۋۋال، بارلىق كوننېكتورلارنى چىڭىتىڭ.

قاتتىق قەغەز ئىشلىتىپ ئېقىپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ. قول ۋە بەدىنىڭىزنى يۇقىرى بېسىملىق سۇيۇقلۇقتىن قوغداڭ.

ناۋادا ۋەقە كۆرۈلگىدەك بولسا، دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ. تېرىگە كىرىپ كەتكەن ھەرقانداق سۇيۇقلۇقنى بىر نەچچە سائەت ئىچىدە ئوپېراتسىيە قىلىپ چىقىرىپ تاشلاش لازىم. بولمىسا، تېرىگە زەخمە ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

بۇ خىل يارىلىنىشتىن خەۋەرسىز دوختۇرلار مۇناسىۋەتلىك تىببىي كىتابلارغا قارىشى ياكى ئالاقىدار دوختۇرلاردىن مەسلىھەت سورىشى لازىم. بۇ ھەقتە مەلۇماتقا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئىلىنوي شتاتى مولىن دېگەن يېرىگە جايلاشقان Deere & Company تىبابەتچىلىك بۆلۈمىگە 1-800-822-8262 ياكى +1 309-748-5636 ئارقىلىق تېلېفون قىلىڭ.

N400041,0001F80-UG-11MAR15-1/1

## يۇقىرى بېسىملىق يېقىلغۇ سىستېمىسىنى قەتئىي ئاچماسلىق



TS1343—UN—18MAR92

يېقىلغۇ لىنىيىلىرىدىكى قېپقالغان يۇقىرى بېسىملىق سۇيۇقلۇق ئېغىر يارىلىنىش پەيدا قىلالايدۇ. يۇقىرى بېسىملىق يېقىلغۇ پومپىسى ۋە يۇقىرى بېسىملىق ئورتاق رېلىسلىق (HPCR) يېقىلغۇ سىستېمىسى سەپلەنگەن ماتورنىڭ ئۈستىدىكى پۈركۈش ئېغىزلىرى ئارىسىغا جايلاشقان يېقىلغۇ لىنىيىلىرى، سېنزورى ۋە باشقا ھەرقانداق دېتالنى ئاجراتماڭ ياكى رېمونت قىلىشقا ئۇرۇنماڭ.

ئۇنى پەقەت بۇ خىل تىپتىكى سىستېمىنى پىششىق بىلىدىغان تېخنىكلار رېمونت قىلىدۇ. (John Deere سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. )

N400041,0001F81-UG-11MAR15-1/1

## قوشۇلمىلارنى بىخەتەر ئامبارلاش



TS219—UN—23AUG88

ئامبارغا قويۇلغان قوش چاقلار، قەپەسسىمان چاقلار ۋە يۆكلىگۈچىلەرگە ئوخشاش قوشۇلمىلار ناۋادا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالسا ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ.

ئۆرۈلۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق جابدۇقلىرى ۋە قوشۇلمىلارنى بىخەتەر ئامبارلاشتۇرۇڭ. ئەتراپتا ئويناۋاتقان بالىلار ۋە تاماشا كۆرگۈچىلەرنى ئامبار مەيدانىدىن يىراقلاشتۇرۇڭ.

N400041,0001F82-UG-11MAR15-1/1

## ئەخلەتلەرنى مۇۋاپىق بىر ياقىلىق قىلىش



TS1133—UN—15APR13

ئەخلەتلەرنى نامۇۋاپىق بىر ياقىلىق قىلىش مۇھىت ۋە ئېكولوگىيىلىك بالانىسقا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. John Deere ئۈسكۈنىلىرى تۆۋەندىكىدەك خېيىمخەتەرلىك ئەخلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىشى مۇمكىن: سىلىقلاش مېيى، يېقىلغۇ، سوۋۇتقۇچ، تورمۇز سۇيۇقلۇقى، فىلتىر ۋە باتارىيە قاتارلىقلار.

سۇيۇقلۇقلارنى ئېقىتقان ۋاقتىدا تۆشۈكسىز تۇڭلارنى ئىشلىتىڭ. باشقىلارنى خاتالاشتۇرۇپ ئېچىۋېلىشىغا سەۋەبچى بولۇش ئېهتىمالى بولغان يېمەكلىك ياكى ئىچىملىك تۇڭلىرىنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ.

ئەخلەتنى تۇپراققا، يەر ئاستى سۇ يوللىرىغا ياكى ھەرقانداق بىر سۇ مەنبەسىگە تۆكمەڭ.

ھاۋا تەڭشىگۈچتىكى توڭلاتقۇچلار مۇبادا ھاۋاغا قاچسا، يەر شارىنىڭ ئاتمۇسفېراسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلالايدۇ. دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى قايتا پايدىلىنىش ئېلىپ بېرىلىشنى ۋە سوۋۇتقۇچ ئەخلىتىنىڭ ئىجازەتلىك ھاۋا تەڭشىگۈچ مۇلازىمەت مەركەزلىرى تەرىپىدىن قايتا ئىشلىتىلىشىنى تەلەپ قىلىنىشى مۇمكىن.

ئەخلەتلەردىن تەكرار پايدىلىنىش ياكى بىر ياقىلىق قىلىش ھەققىدە يەرلىك مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى ياكى تەكرار پايدىلىنىش مەركەزلىرى، ۋە ياكى John Deere سودىگىرىڭىز بىلەن ئوقۇشۇڭ.

N400041,0001F83-UG-11MAR15-1/1

## بىخەتەرلىك زەنجىرىنى ئىشلىتىش



TS217—UN—23AUG88

مۇبادا سۆرەش تايىقىدىن تاسادىپىي ئۈزۈلۈپ كەتسە، بىخەتەرلىك زەنجىرى سۆرەلگەن سايماننى كونترول قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ.

مۇۋاپىق ئۇلىغۇچ ئىشلىتىپ بىخەتەرلىك زەنجىرىنى تىراكتورنىڭ ئىلغۇچ رامكىسىغا چېتىڭ ياكى باشقا بەلگىلەنگەن لەڭگەر ئورنىغا چېتىڭ. زەنجىرنىڭ ئايلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك بوش ئورۇن بېرىڭ.

جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بەلگىلەنگەن كۆچى تارتىپ ماڭغان ماشىنىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىغا تەڭ ياكى چوڭ بولغان بىخەتەرلىك زەنجىرى ئېلىڭ. ھەرگىز بىخەتەرلىك زەنجىرىنى ئىشلىتىپ دېھقانچىلىق جابدۇقىنى سۆرىمەڭ.

N400041,0001F84-UG-11MAR15-1/1

## بۇزۇلغان ياكى يوقاپ كەتكەن بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنى ئالماشتۇرۇڭ

**مۇھىم:** ئەگەر كونا بەلگىلەر بۇزۇلغان، يوقاپ كەتكەن ياكى ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا، يېڭى بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنى ئورنىتىڭ. ئەسلىدە ئۈستىدە بىخەتەرلىك بەلگىلىرى بار بولغان دېتاللارنى ئالماشتۇرغاندا ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى بىخەتەرلىك بەلگىسى ئورنىتىڭ.

بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنى پاكىز ۋە ياخشى ھالەتتە ساقلاڭ. ئالماشتۇرۇش زۆرۈر بولغاندا بىخەتەرلىك بەلگىلىرىنى سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

N400041,0001F85-UG-11MAR15-1/1

## مەشغۇلاتچى قوللانمىسى



N4A0003860—UN—10NOV14

پرىبور تاختىسىدا



PUC1613—UN—03NOV08

بەلگىلەر

"ئىشلىتىش قوللانمىسى" ماشىنىنى بىخەتەر مەشغۇلات قىلدۇرۇشقا ئالاقىدار مۇھىم ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھادىسە پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بارلىق بىخەتەرلىك قائىدىلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىڭ.

N400041,0001F86-UG-11MAR15-1/1

## مىنگۈچىلەر



N4A0003861—UN—10NOV14

سول لاي توسقۇچ ئۈستىدە



PUC1615—UN—03NOV08

بەلگىلەر

تراكتورغا رۇخسەتسىز مىنىۋالغاندا، مىنىۋالغۇچى يىقىلىپ چۈشۈش، ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈپ كېتىش خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تراكتوردا ھەرگىزمۇ مىنىۋالغۇچىلارنى توشۇماڭ.

N400041,0001F87-UG-11MAR15-1/1

## PTO ھەيدەش شافتىسىدىن يىراقراق تۇرۇش



N4A0003862—UN—10NOV14

PTO شافتىسىنىڭ قالقىنى ئۈستىدە



PUC1619—UN—21NOV08

چاپلاق

ئايلىنىۋاتقان ھەرىكەت ئۇزىتىش ئوقىغا چىرمىشىپ قالغاندا ئېغىر يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. ھەرىكەت ئۇزىتىش ئوقىنىڭ قاپقىقىنى ھەمىشە جايىدا ساقلاڭ. ئايلىنىش قاپقىقىنىڭ ئەركىن ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. بەدەنگە ھىم كېلىدىغان كىيىم كىيىڭ.

تەڭشەش، چېتىش ياكى PTO بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۈسكۈنىنى تازىلاشتىن بۇرۇن، موتورنى توختىتىڭ ۋە PTO نىڭ ھەرىكەت ئۇزىتىش ئوقىنىڭ توختىغان بولىشىغا جەزىم قىلىڭ.

N400041,0001F88-UG-11MAR15-1/1

## تەۋرەنمە بىلەك شافتا كونتروللىغۇچى



N4A0003863—UN—10NOV14

ئوڭ لاي توسقۇچىنىڭ ئاخىر تەرىپىدە



PUC1633—UN—27NOV08

بەلگىلەر

تەۋرەنمە بىلەك شافتىنى ئىشلەتكەندە، 3 نۇقتىلىق چېتىش قۇرۇلمىسىنىڭ كۆتۈرۈش رايونىدىن يىراق تۇرۇڭ.

N400041,0001F89-UG-11MAR15-1/1

## رادىياتور



N4A0003864—UN—10NOV14

رادىياتوردىكى



PUC1620—UN—21NOV08

چاپلاق

سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇڭ. ھور ۋە قىزىق سوۋۇتقۇچنىڭ تاسادىيىي چاچراپ چىقىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان كۆيۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن:

- قول بىلەن تۇتۇشتىن بۇرۇن، رادىياتور سوۋۇغىچە ساقلاڭ
- رادىياتور قاپقىقىنى ئاستا چىقىرىپ ئېلىڭ

N400041,0001F8A-UG-11MAR15-1/1

## باتارېيە

شەخسىي بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ۋە باتارېيىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، باتارېيەلەرنى بىخەتەر ئىشلىتىش تەلىماتلىرىغا قەتئىي رىئايە قىلىڭ.




N4A0003865—UN—10NOV14

باتارېيە ئۈستىدە

N400041,0001F8B-UG-11MAR15-1/1

## تراكتور كونترول قۇرۇلمىلىرى




N4A0003871—UN—11NOV14

A—گۇدۇك ئۇزچاتى
B—بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنىڭ ئۇزچاتى
C—يىراق/يېقىننى يورۇتۇش ئۇزچاتى
D—ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنىڭ ئۇزچاتى
E—خىزمەت چىراغ ئۇزچاتى
F—چىراغ ئۇزچاتى
G—ئاچقۇچ ئۇزچاتى
H—مۇفتا پېدالى
I—تاقاش كابېلى
J—MFWD دەستىسى
K—دائىرە يۆتكەش دەستىسى
L—ئاساسىي يۆتكەش دەستىسى
M—پارك تورمۇزى دەستىسى
N—پۇت ئېقىم كلاپانى
O—تورمۇز پېدالى
P—قول ئېقىم كلاپانى

N400041,0002A4B-UG-22JAN16-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە




PUC5029—UN—07OCT10




N4A0004108—UN—01JUN15

A—PTO دەستىسى
B—تارتىش كونترول دەستىسى
C—نورۇن كونترول دەستىسى
D—دىففېرېنسىئال قۇلۇپ پېدالى

N400041,0002A4B-UG-22JAN16-2/2

## پرىبور تاختىسى

### مېخانىكىلىق پومپا مودېلى




PUC5030—UN—05OCT10

A—باتارېيە زەرەتلىنىش ئىندىكاتورى
B—سولغا بۇرۇلۇش سىگنال ئىندىكاتورى
C—ماي بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى
D—هاۋا بېسىمى ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى
E—ئوڭغا بۇرۇلۇش سىگنال ئىندىكاتورى
F—يىراقنى يورۇتۇش ئىندىكاتورى
G—سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ

N400041,0002A4C-UG-22JAN16-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

**ئېلېكترىك پومپا مودېلى**




N4A000431—UN—22JAN16

A—باتارېيە زەرەتلىنىش نىندىكاتورى
B—سولغا بۇرۇلۇش سىگنال نىندىكاتورى
C—ماي بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش نىندىكاتورى

D—ECU خاتالىق نىندىكاتورى
E—ئوڭغا بۇرۇلۇش سىگنال نىندىكاتورى
F—يىراقنى يورۇتۇش نىندىكاتورى

G—سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ
H—ھاۋا بېسىمى ئاگاھلاندۇرۇش نىندىكاتورى

N400041,0002A4C-UG-22JAN16-2/2

## چىراغ ئۈزچاتىنىڭ ئورنى




PUC5153—UN—02NOV10

تىراكتورنىڭ چىراغ ئۈزچاتىنىڭ ئىككى ئورنى بار.

| چىراغ ئۈزچاتى | | |
|---|---|---|
| فۇنكسىيىسى | ئارقا چىراغلار | ئالدى چىراغلار |
| تاقاش | تاقاش | تاقاش |
| يول | ياندۇرۇش | ياندۇرۇش |

**R—يولدا يۈرۈش ئورنى**
**OFF—ئۆچۈرۈش ئورنى**

N400041,0002A4D-UG-22JAN16-1/5

## ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنىڭ ئۈزچاتى




N4A0003873—UN—11NOV14

پەقەت ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**A—ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنىڭ ئۈزچاتى**

N400041,0002A4D-UG-22JAN16-2/5

## يىراق/يېقىننى يورۇتۇش ئۈزچاتى




N4A0003874—UN—11NOV14

يىراق/يېقىننى يورۇتۇش ئۈزچاتى روشەن ئالدى چىراغلار ياكى خىرەلەشتۈرۈلگەن ئالدى چىراغلارنى تاللاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىزاھات: چىراغ ئۈزچاتى يولدا يۈرۈش ئورنىدا تۇرغان ۋە يىراقنى/يېقىننى يورۇتۇش چىرىغى ياندۇرۇلغان ۋاقىتتا، يىراقنى/يېقىننى يورۇتۇش ئۈزچاتىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئالدى چىراغلارنىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسىنى بەلگىلەشكە بولىدۇ.

**A—يىراق/يېقىننى يورۇتۇش ئۈزچاتى**

N400041,0002A4D-UG-22JAN16-3/5

داۋامى كېيىنكى بەتتە




N4A0003875—UN—11NOV14

## بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنىڭ ئۇزچاتى

بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنىڭ ئۇزچاتى بۇرۇلۇش سىگنالى بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**A—بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنىڭ ئۇزچاتى**

N400041,0002A4D-UG-22JAN16-4/5




N4A0003876—UN—11NOV14

## خىزمەت چىرىغىنىڭ ئۇزچاتى

خىزمەت چىرىغىنىڭ ئۇزچاتى خىزمەت چىرىغىنى كونترول قىلىدۇ.

**A—خىزمەت چىراغ ئۇزچاتى**

N400041,0002A4D-UG-22JAN16-5/5

## ئالدى چىراغلار ۋە خىزمەت چىرىغىنى ئىشلىتىش




PUC2885—UN—02MAR10




N4A0003886—UN—11NOV14




N4A0003877—UN—11NOV14

**ئاگاھلاندۇرۇش: تراكتورنى يولدا مەشغۇلات قىلدۇرغان ۋاقىتتا، يىراقنى/يېقىننى يورۇتۇش ئۆزچاتىنى روشەن ياكى خىرە ئورنىنىڭ خالىغان بىرىگە يۆتكەڭ. يۆتكەش ۋاقتىدا خىزمەت چىرىغىنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ. زىيادە يورۇق چىراغلار يېقىنلاشقان باشقا قاتناش ۋاستىلىرى شوپۇرلىرىنىڭ كۆرۈشىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشى مۇمكىن.**

قوش نۇرلۇق ئالدى چىراغلار كۆندۈزدە ۋە كېچىدە ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ھەيدىگەن ۋاقىتتا، چىراغ ئۆزچاتىنى يولدا يورۇش ئورنىغا ئەكىلىڭ.

باشقا قاتناش ۋاستىلىرىغا يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، يىراق/يېقىننى يورۇتۇش ئۆزچاتىنى يېقىننى يورۇتۇش ئورنىغا يۆتكەڭ.

ئالدى چىراغلارنى مۇۋاپىق تەڭشەڭ. («تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش - ئېلېكتىر سىستېمىسى» دېگەن بابتىكى «ئالدى چىراغنى تەڭشەڭ» دېگەن بۆلەككە قاراڭ. )

**مۇھىم: ئارقا قىسمىدىكى خىزمەت چىرىغى ئارقا تەرەپتىن يېقىنلىشىۋاتقان باشقا قاتناش ۋاستىلىرى شوپۇرلىرىنىڭ كۆزىنى چېقىشى مۇمكىن. تراكتورنى يولدا ھەيدىگەن ياكى ئۇنى توشۇغان ۋاقىتتا، پەقەت يول چىرىغىنى ئىشلىتىڭ، ھەرگىز خىزمەت چىرىغىنى ئىشلەتمەڭ.**

خىزمەت چىرىغى پەقەت ئېتىزدىلا ئىشلىتىلىشى كېرەك. خىزمەت چىراغلىرىنى ھەرگىز يولدا ئىشلەتمەڭ.

**A**—ئالدى چىراغلار
**B**—خىزمەت چىرىغى
**C**—چىراغ ئۆزچاتى
**D**—خىزمەت چىراغ ئۆزچاتى

N400041,0002A4E-UG-22JAN16-1/1

## يىراقنى يورۇتۇش ئىندىكاتورىنى ئىشلىتىش

يىراق/يېقىننى يورۇتۇش ئۆزچاتى يىراقنى يورۇتۇش ئورنىغا يۆتكەلگەن ۋاقىتتا، يىراقنى يورۇتۇش ئىندىكاتورى (A) يورۇيدۇ.

**A—يىراقنى يورۇتۇش ئىندىكاتورى**




PUC5031—UN—05OCT10

مېخانىكىلىق پومپا مودېلى




N4A0004342—UN—22JAN16

ئېلېكترك پومپا مودېلى

N400041,0002A4F-UG-22JAN16-1/1



N4A0003887—UN—11NOV14



N4A0003879—UN—11NOV14



N4A0003878—UN—11NOV14

## قۇيرۇق چىراغلىرى، بوشلۇق چىراغلىرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرىنى ئىشلىتىش

تراكتور چىراغ ئۈزچاتى (C) يول يۈرۈش ئورنىغا يۆتكەلگەن ۋاقىتتا، قۇيرۇق چىراغلار (B) يانىدۇ.

تىراكتورنى يولدا ھەيدەشتىن بۇرۇن، قۇيرۇق چىراغ لېنزىسىنىڭ پاكىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ، شۇنداق بولغاندا باشقا شوپۇرلار ئۇنى ئاسان كۆرەلەيدۇ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: باشقا يول ئىشلەتكۈچىلەر بىلەن سوقۇشۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزى ئىتتىرىلىدىغان ماشىنا ۋە قوشۇلمىلار ياكى سۆرەپ ماڭىدىغان ئۈسكۈنىلىرى بولغان تراكتورنى ئاستا ھەيدەڭ. ئارقىڭىزدىكى قاتناش ئەھۋالىنى پات-پات كۆزىتىپ تۇرۇڭ، بولۇپمۇ ئايلانغاندا قول ئارقىلىق ياكى بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغى ئارقىلىق بەلگە بېرىڭ.**

**مەيلى كۈندۈز، مەيلى كېچە بولسۇن، ئالدى چىراغ، ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى ۋە بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنى ئىشلىتىڭ. تۇرۇشلۇق جايدىكى ئۈسكۈنىلەرنى يورۇتۇش ۋە بەلگە ئىشلىتىشكە ئائىت قائىدە-نىزاملارغا رىئايە قىلىڭ. يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى ۋە بەلگىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان ھەمدە ياخشى ھالەتتە ساقلاڭ. ئەگەر چىراغلار ۋە بەلگىلەر بۇزۇلغان ياكى يوقاپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنى يەڭگۈشلەڭ ياكى رېمونت قىلىڭ. John Deere سودىگىرى دېھقانچىلىق جابدۇقى ئۈچۈن بىر يۈرۈش بېخەتەرلىك چىراغلىرىنى تەمىنلىيەلەيدۇ.**

ئاگاھلاندۇرۇش چىراغ ئۈزچاتى (D) نى ياندۇرۇپ ئۆچۈرۈش ئارقىلىق، ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرىنى كونترول قىلىشقا بولىدۇ.

چاقنايدىغان ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى بۇرۇلۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ.

**A**—ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرى
**B**—قۇيرۇق چىراغلىرى - بوشلۇق چىراغلىرى
**C**—چىراغ ئۈزچاتى
**D**—ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنىڭ ئۈزچاتى

N400041,0002A50-UG-22JAN16-1/1

## بۇرۇلۇش سىگنال چىراغلىرىنى ئىشلىتىش

**مۇھىم: ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرى چاقناۋاتقان مۇددەتتە، بۇرۇلۇش سىگنال ئۈزچاتى (A) نى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنىڭ ئۈزچاتىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنىڭ ئۈزچاتى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ.**

سولغا بۇرۇلۇشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنىڭ ئۈزچاتى (A) نى پەسكە بېسىڭ ۋە ئوڭغا بۇرۇلۇشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۈزچاتنى ئۈستىگە كۆتۈرۈڭ. پرىبور تاختىسى ئۈستىدىكى بۇرۇلۇش سىگنال ئىندىكاتورى (B) چاقناپ بۇرۇلۇش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىزاھات: بۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇش سىگنال ئۈزچاتى (A) نىڭ قول بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئورۇنغا يۆتكەلگەن بولىشىغا جەزىم قىلىڭ.

**A—بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنىڭ ئۈزچاتى** **B—بۇرۇلۇش سىگنال ئىندىكاتورى**




N4A003875—UN—11NOV14




PUC5032—UN—05OCT10

مېخانىكىلىق پومپا مودېلى




N4A004343—UN—22JAN16

ئېلېكترىك پومپا مودېلى

N400041,0002A51-UG-22JAN16-1/1




PUC1828—UN—08FEB09




PUC1711—UN—16JAN09

## 7 پىنلىق روزېتكا

7 پىنلىق روزېتكا (A) بولسا پرېتسېپ ياكى دېھقانچىلىق ئۈسكۈنىلىرىدىكى چىراغلار، بۇرۇلۇش سىگنال چىراغلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى چېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. دېھقانچىلىق جابدۇقىنى سۆرەپ ماڭغاندا ناۋادا قۇيرۇق چىراغلىرى ۋە بەلگىلىرى توسۇلۇپ قالغۇدەك بولسا، دېھقانچىلىق جابدۇقىغا قوشۇمچە چىراغلارنى ئورنىتىڭ.

ئىزاھات: ئالاقىدار روزېتكىلارنى جون دىئىر سودىگىرىدىن ئېلىشقا بولىدۇ.

| تېرمىنال | فۇنكسىيىسى | سىم رەڭگى |
|---|---|---|
| 1 | سولغا بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغى | كۆك رەڭ |
| 2 | تەمىنلەنمىدى | |
| 3 | ئورتاق ھالقا | قارا |
| 4 | ئوڭغا بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغى | ئاق |
| 5 | ئارقا چىراغلار | جۇزە رەڭ |
| 6 | تورمۇز چىرىغى | يېشىل رەڭ |
| 7 | تەمىنلەنمىدى | |

A—7 پىنلىق روزېتكا

N400041,0002A52-UG-22JAN16-1/1

## ئورۇندۇق تەڭشەش




N4A0003888—UN—11NOV14




N4A0003889—UN—11NOV14

ئىزاھات: تۆۋەندىكى كۆرسەتمىلەردىن پايدىلىنىڭ. ھەربىر ئادەم پەرقلىق بولغاچقا، ئۆزىڭىزنىڭ تاللىشىغا ئاساسەن ئاخىرقى تەڭشەش ئېلىپ بېرىڭ. ھەربىر مەشغۇلاتچى ئۆزىگە باب كېلىدىغان تەڭشەش ئېلىپ بېرىشى لازىم.

ئورۇندۇقنى ئىككى خىل تەڭشەش ئۇسۇلى بار:

1. ئورۇندۇق ئورنىنى تەڭشەش: ئورۇندۇق ئورنىنى تەڭشەش تۇتقۇچى (A) نى تارتىڭ. ئورۇندۇقنى تەگلىككە نىسبەتەن ئارقا ياكى ئالدىغا تەڭشەڭ. تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، تۇتقۇچنى قويۇپ بېرىپ ئورۇندۇقنى قۇلۇپلاڭ.
2. ئورۇندۇقنىڭ راھەتلىكىنى تەڭشەش: مەشغۇلاتچىنىڭ ئېغىرلىقىغا ئاساسەن، ئورۇندۇقنىڭ راھەتلىكىنى تەڭشەش تۇتقۇچى (B) نى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشىگە ياكى ئۇنىڭ قارشى يۆنىلىشىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنغا كەلتۈرۈڭ.

**A—ئورۇندۇق ئورنىنى تەڭشەش تۇتقۇچى B—ئورۇندۇقنىڭ راھەتلىكىنى تەڭشەش تۇتقۇچى**

N400041,0001F94-UG-11MAR15-1/1

## ئورۇندۇق كەمىرىنى ئىشلىتىش




PUC1831—UN—08FEB09

**ئاگاھلاندۇرۇش: ROPS بولغان ماشىنىنى مەشغۇلات قىلدۇرغان ۋاقىتتا، ئۆرۈلۈپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ قالغان ئەھۋالدا يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئورۇندۇق كەمىرىنى باغلىۋېلىڭ. ئەگەر ROPS قاتلانغان ھالەتتە بولسا، ئورۇندۇق كەمىرىنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ.**

مەشغۇلاتچىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئورۇندۇق كەمىرى (A) چوقۇم قورساق قىسىمدىن تولۇق ئارتىلدۇرۇپ باغلىنىشى لازىم. زۆرۈر تېپىلسا، راھەتراق بولىشى ئۈچۈن ئورۇندۇق كەمىرىنى ئۇزارتىڭ.

ئورۇندۇق كەمىرى ۋە ئۇنىڭ بېكىتىش زاپچاسلىرىنى ھەر يىلى ئىنسپېكسىيە قىلىڭ. ("پەرۋىشلەش ۋە ئاسراش ئىنتېرۋاللىرى دېگەن بابتىكى "ئاسراش ئىنتېرۋاللىرى" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )

**A—ئورۇندۇق كەمىرى**

N400041,0001F95-UG-11MAR15-1/1

## موتورنى ئىشلىتىش پىرىنسىپلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىڭ

**مۇھىم: ماتور نورمال مەشغۇلات ئۈچۈن ھازىردۇر. يېڭى تراكتورنىڭ ئاۋازى بىلەن ياخشى تونۇشۇپ ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر تۇيغۇ ھاسىل قىلغانغا قەدەر، دەسلەپكى 100 مەشغۇلات سائىتى جەريانىدا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىڭ. ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ ۋە سەگەك تۇرۇڭ.**

تىراكتورنى ئېھتىيات بىلەن قىزىتىڭ. باتارىيە زەرەتلىنىش ئىندىكاتورى (B)، ماي بېسىمى ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى (C) ۋە سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ (A) قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈڭ.

موتورنى بىھۇدە (5 مىنۇت) قۇرۇق ماڭدۇرۇشتىن ساقلىنىڭ.

ئاپتول، سوۋۇتقۇچ، خوت-گىدراۋلىك مېيى ۋە MFWD نىڭ (ئەگەر سەپلەنگەن بولسا) سۇيۇقلۇق مىقدارىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ. سۇيۇقلۇق ئېقىپ قېلىش بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

ئىزاھات: ئەگەر ئاپتول تولۇقلاش زۆرۈر بولسا، يېپىشقاقلىق دەرىجىسى پەسىلگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاپتول ئىشلىتىڭ. پەقەت «يېقىلغۇ، سىلىقلاش مېيى ۋە سوۋۇتقۇچ» دېگەن بۆلەكتە بايان قىلىنغان ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سىلىقلاش مېيى ئىشلىتىڭ.

A—سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ
B—باتارېيە زەرەتلىنىش ئىندىكاتورى
C—ماي بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى




PUC5034—UN—05OCT10

مېخانىكىلىق پومپا مودېلى




N4A0004344—UN—22JAN16

ئېلېكترك پومپا مودېلى

N400041,0002A53-UG-22JAN16-1/1

## قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدىكى ئاسراش

**مۇھىم: تىراكتور بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چاق زاپچاسلىرىنى چىڭىتىپ تۇرۇڭ. مەشغۇلات قىلىشتىن بۇرۇن، چاق بولتىلىرىنىڭ مومېنتىنى دەسلەپكى 10 مەشغۇلات سائىتى ئىچىدە ئىككى قېتىم، 50 مەشغۇلات سائىتىدىن كېيىن قەرەللىك تەكشۈرۈڭ.**

**دەسلەپكى 10 مەشغۇلات سائىتى جەريانىدا:**

ئەگەر زۆرۈر بولسا، پەقەت بەلگىلەنگەن ماتور مېيىنى ئىشلىتىڭ. («يېقىلغۇ، سىلىقلاش مېيى ۋە سوۋۇتقۇچ» دېگەن بۆلەكتىكى «دىزېل مېيى» دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )

«ئاسراش ئىنتېرۋالى جەدۋىلى» دىكى 10 مەشغۇلات سائىتى ئۈچۈن ئاسراش ئېلىپ بېرىڭ. «تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش ئىنتېرۋالى» دېگەن بابقا قاراڭ. )

چاق بولتىلىرىنى چىڭىتىڭ. (چاق، بالون ۋە رېزىنا» دېگەن بۆلەككە قاراڭ. )

**دەسلەپكى 50 مەشغۇلات سائىتىدىن كېيىن:**

چاق بولتىلىرىنى چىڭىتىڭ. (چاق، بالون ۋە رېزىنا» دېگەن بۆلەككە قاراڭ. )

ئالتېرناتور/شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنىڭ تارتىش كۈچىنى تەكشۈرۈڭ. (« رېمونت قىلىش - ئېلېكتىر سىستېمىسى» دېگەن بابتىكى «هاۋا سوۋۇش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈڭ» دېگەن بۆلەككە قاراڭ. )

هاۋا سوۋۇش سىستېمىسىنىڭ بولتىلىرىنى چىڭىتىڭ. ھەملىغۇچتا بۇزۇلۇش بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ. ("ئومۇمىيۈزلۈك پەرۋىش ۋە ئىنسپېكسىيە" دېگەن بابتىكى "هاۋا سوۋۇش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش"دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ. )

سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ شىلانكا قىسقۇچلىرىنى تەكشۈرۈڭ. ("ئومۇمىيۈزلۈك پەرۋىش ۋە ئىنسپېكسىيە" دېگەن بابتىكى "بارلىق شىلانكىلار ۋە شىلانكا قىسقۇچلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە چىڭىتىش"دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ. )

تورمۇزنىڭ ئۆلىنىش ئورنى ۋە تورمۇز پېدالىنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىش دائىرىسىنى تەكشۈرۈڭ. («ئومۇمىيۈزلۈك ئاسراش ۋە تەكشۈرۈش» دېگەن بابتىكى «تورمۇز پېدالىنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىش دائىرىسىنى تەڭشەش» دېگەن بۆلەككە قاراڭ. )

مۇفتىنىڭ ئۆلىنىش ئورنى ۋە مۇفتا پېدالىنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىش دائىرىسىنى تەكشۈرۈڭ. («ئومۇمىيۈزلۈك ئاسراش ۋە تەكشۈرۈش» دېگەن بابتىكى «مۇفتا پېدالىنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىش دائىرىسىنى تەڭشەش» دېگەن بۆلەككە قاراڭ. )

PTO مۇفتىسىنىڭ باغلانچىسىنى تەكشۈرۈڭ. ("سۆرەش دەستىسى ۋە PTO شافتىسى دېگەن بابتىكى "PTO مۇفتىسى كونترول دەستىسىنى تەڭشەش" دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ. )

«ئاسراش ئىنتېرۋالى خەدۋىلى» دىكى 50 ۋە 10 مەشغۇلات سائىتى ئۈچۈن ئاسراش ئىشىنى ئېلىپ بېرىڭ. «تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش ئىنتېرۋالى» دېگەن بابقا قاراڭ. )

**دەسلەپكى 100 مەشغۇلات سائىتىدىن كېيىن:**

گىدراۋلىك سىستېما ماي فىلتىرىنى / سۈزگۈچنى تازىلاڭ. زۆرۈر تېپىلسا يەڭگۈشلەڭ. ("سىلىقلاش" دېگەن بابتىكى "گىدراۋلىك سىستېما ماي فىلتىرىنى / سۈزگۈچنى ئاسراش" دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ. )

MFWD ئالدى ئوق ئوققازىنىنىڭ مېيىنى ئالماشتۇرۇڭ. («سىلىقلاش» دېگەن بابتىكى «MFWD ئالدى ئوق قازىنىنىڭ مېيىنى ئالماشتۇرۇڭ» دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )

ماتور مېيى ۋە تازىلىغۇچىنى ئالماشتۇرۇڭ. ("سىلىقلاش" دېگەن بابتىكى "ماتور مېيى ۋە فىلتىرىنى ئالماشتۇرۇش" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )

100 مەشغۇلات سائىتى، 10 مەشغۇلات سائىتى ۋە 50 مەشغۇلات سائىتىدە ئايرىم-ئايرىم هالدا پەرۋىش ئېلىپ بېرىڭ.

N400041,0002A54-UG-22JAN16-1/1

## قوزغىتىشتىن ئاۋۋالقى كۈندىلىك تەكشۈرۈش

ئىزاھات: تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن ، تىراكتورنى تەكشى يەرگە توختىتىڭ.

1. ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ماي مىقدارىنى تەكشۈرۈش تايىقى (A) نى چىقىرىڭ ۋە ئۇنى تازىلاڭ. ئاندىن، ئۇنى تۆۋىگىچە قايتا تىقىڭ. تاياقچىنى تارتىپ چىقىرىپ، ئاپتول مىقدارىنى ئۆلچەڭ. بىخەتەر مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش دائىرىسى ئاپتول ئۆلچەش تايىقىنىڭ ئۈستۈنكى ۋە تۆۋەنكى بەلگىسىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. («سىلىقلاش» دېگەن بابتىكى «ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ» دېگەن بۆلەككە قاراڭ. )

   ئەگەر ئاپتول مىقدارى ئاستىنقى بەلگىدىن تۆۋەن بولسا، موتورنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ. بۇ خىل ئەھۋالدا، ماتورغا تەۋسىيە قىلىنغان مىقداردا ئاپتول تولۇقلاڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلاش ۋە سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرى" دېگەن بابقا قاراڭ. )

PUC5173—UN—08NOV10




A—ماتور ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى

N400041,0001F98-UG-11MAR15-1/3

2. ھاۋا فىلتىرىنىڭ دەسلەپكى فىلتىرىنى (A) تەكشۈرۈڭ. ("ئومۇميۈزلۈك پەرۋىش ۋە ئىنسپېكسىيە" دېگەن بابتىكى "ھاۋا فىلتىرىنى ئاسراش"دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ. )

PUC2892—UN—03MAR10




A—دەسلەپكى فىلتىر

N400041,0001F98-UG-11MAR15-2/3

3. سىلىقلاش مېيى ۋە گىدراۋلىك سىستېمىنىڭ مېيىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ئۆلچەش تايىقىدىكى (A) گىدراۋلىك مېيىنىڭ مىقدارىنى ۋە ئۆلچەش تايىقىدىكى (B) سىلىقلاش مېيىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ماي ئۆلچەش تايىقىنى چىقىرىپ ئېلىپ تازىلاڭ. ئاندىن، ئۇنى تولۇق كىرگۈزۈڭ. ئۆلچەش تايىقىنى چىقىرىپ ئېلىپ، ماي مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. بىخەتەر مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش دائىرىسى ئاپتول ئۆلچەش تايىقىنىڭ ئۈستۈنكى ۋە تۆۋەنكى بەلگىسىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئەگەر ماي مىقدارى ئاز بولسا، قۇيۇش ئېغىزىدىن ماي قۇيۇڭ. ("سىلىقلاش" دېگەن بابتىكى "چىشلىق چاق ساندۇقى/گىدراۋلىك سىستېمىسىنىڭ ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈش" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )
4. چۆكمە قاچىسىدىن سۇ ۋە چۆكمىنى قۇرۇقداڭ. ("پەرۋىشلەش — يېقىلغۇ سىستېمىسى" دېگەن بابتىكى "چۆكمە قاچىسىنى تەكشۈرۈش"دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ. )
5. رادىياتوردىكى سوۋۇتقۇچ (سۇ) مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر زۆرۈر بولسا، سوۋۇتقۇچ (سۇ) قۇيۇڭ. («ئاسراش - سوۋۇتۇش سىستېمىسى» دىكى «سوۋۇتقۇچ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ» دېگەن بۆلەككە قاراڭ. )
6. MFWD ئاكسىلى ۋە چاق كۇدىسىدىكى ماي سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈڭ.
7. يېقىلغۇ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈڭ.

PUC2893—UN—03MAR10




A—گىدراۋلىك ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى

B—ترانسمىسسىيون ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى

8. ئالدى ۋە ئارقا چاقنىڭ يەل بېسىمىنى تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر بولسا، تەلەپ قىلىنغان تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر بويىچە تەڭشەڭ.

**مۇھىم: بەك نەم ياكى پاتقاق شارائىتتا مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا، بىر نەچچە قوشۇمچە زاپچاسلارنى كۈندە مايلاڭ. ("سىلىقلاش" دېگەن بابتىكى "رول ئاساسىي شافتىسىنى سىلىقلاش" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )**

N400041,0001F98-UG-11MAR15-3/3

## ماتورنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن

**ئاگاھلاندۇرۇش: تۇنجۇقۇشتىن ساقلىنىڭ. موتوردىن چىققان كېرەكسىز گاز ئاغرىق ياكى ئۆلۈم خەۋپى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

**مۇبادا ماتورنى بىنا ئىچىدە ئىشلەتكەندە، ھاۋا ئالماشتۇرۇشنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. ئېگزوس تۈتەكلىرىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئېگزوس نورى ئۇزاتقۇچ ئىشلىتىڭ ياكى ئىشىكنى ياكى دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، تالانىڭ ھاۋاسىنى يېتەرلىك باشلاپ كېرىڭ.**


TS220—UN—15APR13

1. يېقىلغۇ ئۆلچىگۈچنى تەكشۈرۈپ تىراكتوردا يېتەرلىك يېقىلغۇ بار بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.
2. PTO دەستىسى (D) نى ئاجرىتىڭ ۋە دائىرە يۆتكەش دەستىسى (B) نى بوش خوت ئورنىغا يۆتكەڭ. ئەگەر PTO دەستىسى (D) ۋە دائىرە يۆتكەش دەستىسى (B) مۇشۇ ئورۇنلاردا تۇرمىسا تراكتور مەشغۇلات قىلالمايدۇ.
3. ئورۇن كونترول دەستىسى (C) نى تۆۋەنكى ئورۇنغا قويۇڭ.
4. زەرەتلەش سىستېمىسى (باتارىيە) ئىندىكاتورىنى ۋە ماي بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورىنى تەكشۈرۈڭ. ئاچقۇچ ئۇزچاتى ئېچىش ئورنىغا بۇرالغان ۋاقتىدا، ئۇلار چاقنىشى كېرەك.

ئەگەر خالىغان بىر ئىندىكاتور مۇۋاپىق ئىشلىمىسە، John Deere سودىگىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.



PUC5035—UN—05OCT10



PUC0046—UN—07APR09



N4A003908—UN—05DEC14

**B**—دائىرە يۆتكەش دەستىسى
**C**—ئورۇن كونترول دەستىسى
**D—PTO** دەستىسى

N400041,0002A55-UG-22JAN16-1/1




PUC5175—UN—19NOV10

**A—قوزغىتىش ئورنى**
**B—ئۆچۈرۈش ئورنى**
**C—ئېچىش ئورنى**
**D—قوزغىتىش ئورنى**

## ئاچقۇچ ئۇزچاتىنىڭ ئورنى

قوزغىتىش ئورنى (A/D) - ماتورنى قوزغىتىدىغان ۋاقىتتا، ئۇزچاتنى مۇشۇ قوزغىتىش ئورنىغا بۇراڭ. ئاچقۇچ قويۇپ بېرىلگەندە ئېچىش ئورنىغا قايتىدۇ. مۇۋاپىق قوزغىتىش تەرتىپلىرى ئۈچۈن، تۆۋەندىكى باسقۇچلاردىن پايدىلىنىڭ.

تاقاش ئورنى (B) - ئېلېكترىك قوشۇمچىلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، ئۇزچاتنى ئېچىش ئورنىدىن تاقاش ئورنىغا بۇراڭ. موتور مېڭىۋاتقاندا، ئاچقۇچ ئۇزچاتى چوقۇم ئېچىش (ON) ئورنىدا تۇرسۇن.

ئېچىش ئورنى (C) - ئاچقۇچنى قوزغىتىش ئورنىغا بۇراڭ. ئاچقۇچنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئېچىش ئورنىغا قايتىدۇ. ئاچقۇچ ئېچىش ئورنىدا تۇرغاندا، دەۋرە ئۇلىنىدۇ ھەمدە موتور ماڭىدۇ.

ئېچىش ئورنى - ئاچقۇچ ئېچىش ئورنىغا بۇرۇلغاندا دەۋرە ئۇلىنىدۇ، لېكىن ماتور قوزغالمايدۇ.

N400041,0002A56-UG-22JAN16-1/1




N4A0003900—UN—23NOV14

## ماتورنى قوزغىتىش

1. ماتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قول ئېقىم كلاپانى (C) نى ئالدىغا (تەخمىنەن دەستە تاكتىنىڭ ئۈچتىن بىرى 1/3 قىسمىغىچە) سۈرۈڭ. ئېقىم كلاپان دەستىسى ئالدىغا تولۇق سۈرۈۋېتىلگەن ۋاقىتتا، ماتور قوزغالماسلىقى مۇمكىن.

**C—قول ئېقىم كلاپانى**

N400041,0002A57-UG-22JAN16-1/3



TS177—UN—11JAN89

**ئاگاھلاندۇرۇش: ماشىنا قېچىپ كېتىش سەۋەبىدىن يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىڭ.**

**ستارتېر تېرمىناللىرىنىڭ ئارىسىنى قىسقا تۇتاشتۇرۇپ ماتورنى قوزغىتىدىغان ئىشنى قەتئىي قىلىپ سالماڭ. ئەگەر نورمال دەۋرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈلسە، ترانسمىسسىيون خوتتا تۇرغان تەقدىردىمۇ ماشىنا قوزغىلىپ كېتىدۇ.**

**ئاگاھلاندۇرۇش: ماتورنى قوزغىتىشتىن ئاۋۋال، پارك تورمۇزىنى قوللىنىڭ.**

**مەشغۇلاتچى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ بولۇپ، چىشلىق چاق ساندۇقىنىڭ دائىرە يۆتكەش دەستىسىنى بوش خوت ياكى پارك ئورنىغا يۆتكىگەندىن كېيىن، ئاندىن ماتورنى قوزغىتىش لازىم. ماتورنى ھەرگىزمۇ يەردە تۇرۇۋېلىپ قوزغاتماڭ.**

2. **مۇھىم: سوغۇق موتورنى ھەرگىزمۇ ئېقىم كلاپانى تولۇق ئېچىلغان ھالىتىدە ماڭدۇرماڭ.**

داۋامى كېيىنكى بەتتە

N400041,0002A57-UG-22JAN16-2/3




PUC5036—UN—05OCT10




N4A003902—UN—23NOV14

دائىرە يۈتكەش دەستىسىنىڭ بوش خوت ئورنىدا تۇرۇشى ۋە PTO دەستىسىنىڭ ئاجرىتىش ئورنىدا بولىشىغا جەزىم قىلىڭ. مۇفتا پېدالى (A) نى دەسسەڭ. ئاچقۇچ ئۇزچاتى (B) نى سائەت ئىستربلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە تولۇق ئايلاندۇرۇپ قوزغىتىش ئورنىغا ئەكىلىڭ. ماتور قوزغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاچقۇچنى قويۇپ بېرىڭ. ئەگەر ئاچقۇچ موتور قوزغىلىشتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىلسە، قايتا سىناشتىن بۇرۇن ئىستاتور ۋە موتور ئايلىنىشتىن توختىغىچە ساقلاڭ. موتور قوزغالغاندىن كېيىن، بارلىق ئىندىكاتورلار ئۆچتىمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

**مۇھىم: ئىستاتورنى ھەرگىز بىر قېتىمدا 15 سېكۇنتتىن ئۇزۇن ئىشلەتمەڭ. ئەگەر موتور قوزغالمىسا، قايتا سىناشتىن بۇرۇن ئىستاتور موتورى سوۋۇغىچە ئاز دېگەندە 2 مىنۇت ساقلاڭ. ئەگەر ئۈچ قېتىم سىنىغاندىن كېيىن موتور يەنىلا قوزغالمىسا، «كاشىلىلارنى بىر تەرەپ قىلىش» دېگەن بابقا قاراڭ.**

A—مۇفتا پېدالى
B—ئاچقۇچ ئۇزچاتى

N400041,0002A57-UG-22JAN16-3/3

## موتور قوزغالغاندىن كېيىن، پرىبورنى تەكشۈرۈڭ




PUC5034—UN—05OCT10

**مېخانىكىلىق يومپا مودېلى**

**مۇھىم: ئەگەر باتارىيە زەرەتلەش ئىندىكاتورى (B) ياكى ماي بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى (C) ئىزچىل يېنىپ تۇرسا، ياكى ئەگەر سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ (A) نىڭ شكالىسى قىزىل رايونغا كېلىپ قالسا، ماتورنى توختىتىپ سەۋەبنى تېپىڭ.**

A—سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ
B—باتارېيە زەرەتلىنىش ئىندىكاتورى
C—ماي بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى

N400041,0002A58-UG-22JAN16-1/2




N4A004345—UN—22JAN16

**ئېلېكترك يومپا مودېلى**

**مۇھىم: ئەگەر باتارىيە زەرەتلەش ئىندىكاتورى (B)، ماي بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى (C)، ECU خاتالىق ئىندىكاتورى (D) ياكى ھاۋا بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى (E) ئىزچىل يېنىپ تۇرسا، ياكى ئەگەر سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ (A) نىڭ شكالىسى قىزىل رايونغا كېلىپ قالسا، ماتورنى توختىتىپ سەۋەبنى تېپىڭ.**

A—سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ
B—باتارېيە زەرەتلىنىش ئىندىكاتورى
C—ماي بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى
D—ECU خاتالىق ئىندىكاتورى
E—ھاۋا بېسىمى ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى

N400041,0002A58-UG-22JAN16-2/2

## ماي بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى

ئەگەر ئاپتول بېسىمى مىنىمۇم چەكتىن تۆۋەن بولسا، ماي بېسىمىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى (A) يانىدۇ ۋە يانغان ھالەتتە تۇرىدۇ.

**مۇھىم: ماي بېسىمى يېتەرلىك بولمىغاندا، ماتورنى قەتئىي مەشغۇلات قىلدۇرماڭ. ئەگەر ئىندىكاتور 5 سېكۇنتتىن ئۇزۇن ۋاقىت يېنىپ تۇرسا، نورمال مەشغۇلات شارائىتىدا، ماتورنى توختىتىپ سەۋەبنى تېپىڭ.**

ئەگەر ماي بېسىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى كاشىلىنىڭ سەۋەبى بولمىسا، John Deere سودىگىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**A—ماي بېسىم ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى**

PUC5038—UN—05OCT10




مېخانىكىلىق پومپا مودېلى

N4A0004346—UN—22JAN16




ئېلېكتىرك پومپا مودېلى

N400041,0002A59-UG-22JAN16-1/1

## باتارېيە زەرەتلىنىش ئىندىكاتورى

ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ چىقىرىش قۇۋۋىتى تۆۋەن بولسا، ئاككۇمۇلياتور زەرەتلەش ئىندىكاتورى (A) يانىدۇ. ئاچقۇچ قوزغىتىش ئورنىغا بۇرالغاندا ئىندىكاتور يانىدۇ؛ موتور قوزغالغاندا ئۇ ئۆچىدۇ.

ئەگەر ئىندىكاتور 5 سېكۇنتتىن ئۇزۇن ۋاقىت يېنىپ تۇرسا، نورمال مەشغۇلات شارائىتىدا، ماتورنى توختىتىپ سەۋەبنى تېپىڭ.

ئەگەر شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنىڭ بوشاپ قېلىشى ياكى ئۈزۈلۈشى كاشىلىنىڭ سەۋەبى بولمىسا، John Deere سودىگىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**A—باتارېيە زەرەتلىنىش ئىندىكاتورى**

PUC5039—UN—05OCT10




مېخانىكىلىق پومپا مودېلى

N4A0004347—UN—22JAN16




ئېلېكتىرك پومپا مودېلى

N400041,0002A5A-UG-22JAN16-1/1

## هاۋا بېسىمى ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى

ئەگەر يەللىك پرېتسىپ تورمۇزىنىڭ هاۋا بېسىمى يېتەرسىز بولسا، هاۋا بېسىمىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى (A) يانىدۇ.

ئاچقۇچ قوزغىتىش (START) ئورنىغا بۇرالغاندا ئىندىكاتور قىسقا ۋاقىت يانىدۇ، موتور قوزغالغاندا ئۆچىدۇ.

**A—هاۋا بېسىمى ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورى**

PUC5040—UN—05OCT10




مېخانىكىلىق پومپا مودېلى

N4A004348—UN—22JAN16




ئېلېكترك پومپا مودېلى

N400041,0002A5B-UG-22JAN16-1/1

## سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ

موتورنىڭ قىزىشىغا ئەگىشىپ، سۇ تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچنىڭ ئىسترېلكىسى (A) يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئىسترېلكا قىزىل رايونغا كەلسە، موتورنى توختىتىپ سەۋەبنى تېپىڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: سۇ سوۋۇپ بولغانغا قەدەر، رادىئاتور قاپقىقىنى ھەرگىز ئاچماڭ. رادىياتور قاپقىقىنى ئاستا بوشىتىپ ئارتۇق بېسىمنى قويۇپ بېرىڭ.**

ماتور سوۋۇغاندىن كېيىن، رادىئاتوردىكى سۇ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈڭ. موتور قاپقىقىدىكى ئالدى سېتكا ۋە رادىياتورنىمۇ تەكشۈرۈپ توسۇلۇپ قېلىش بارمۇ-يوق قاراڭ. شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر مەسىلە ھەل بولمىسا، John Deere سودىگىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**A—سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ**

PUC5041—UN—05OCT10




مېخانىكىلىق پومپا مودېلى

N4A004349—UN—25JAN16




ئېلېكترك پومپا مودېلى

N400041,0002A5C-UG-22JAN16-1/1

## ماتورنىڭ سۈرئىتىنى ئالماشتۇرۇش




PUC5043—UN—05OCT10

قول ماي كىلاپانىنى (A) ئىشلىتىپ موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى ئاشۇرۇڭ ياكى تۆۋەنلىتىڭ. قول ئېقىم كىلاپانى قايتا يۆتكەلگىچە موتور بەلگىلەنگەن ئايلىنىش سۈرئىتىدە بولىدۇ.

دەستىنى ئالدىغا تاقاشقانغا قەدەر ئىتتىرىش ئارقىلىق ئەڭ چوڭ سۈرئەتكە ۋە ئارقىغا تاقاشقانغا قەدەر تارتىش ئارقىلىق ئەڭ كىچىك سۈرئەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

پۇت ئېقىم كلاپانى (B) نى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ماتورنىڭ سۈرئىتىنى ۋاقتىنچە تېزلىتىڭ. پۇت ئېقىم كلاپانى قويۇپ بېرىلگەن هامان، ماتور ئالدىنقى ئايلىنىش سۈرئىتىگە قايتىدۇ.

**A—قول ئېقىم كلاپانى** **B—پۇت ئېقىم كلاپانى**

N400041,0002A5D-UG-22JAN16-1/1

## ماتورنى قىزىتىش

تىراكتور تولۇق قىزىپ بولغىچە تىراكتورنى تولۇق يۈك هالىتىدە ئىشلەتمەڭ.

1. ماتورنى 800-1000 rpm سۈرئەتتە بىر نەچچە مىنۇت قۇرۇق ماڭدۇرۇڭ.
2. ماتور نورمال مەشغۇلات شارائىتىغا يەتكەنگە قەدەر، ماتورنى هەر مىنۇتتا 1900 قېتىم ئايلىنىش سۈرئىتىدە يېنىك يۈك هالىتىدە ماڭدۇرۇڭ.

N400041,0002A5E-UG-22JAN16-1/1

## ئۆچكەن ماتورنى قايتا ئوتالدۇرۇش

**مۇهىم: تۆۋەندىكىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىڭ، بولمىسا تۇربىنا ۋە كۈچەيتكۈچ بۇزۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن.**

يۈك هالىتىدە مەشغۇلات قىلىۋاتقاندا، ئەگەر موتورنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالسا، موتوردا بىنورمال ئىسسىقلىق يىغىلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇقتىنى دەرهال دەسسەڭ ۋە قايتا ئوت ئالدۇرۇڭ. ماتورنى توختىتىشتىن بۇرۇن، نورمال مەشغۇلاتنى داۋاملاشتۇرۇڭ ياكى ماتورنى تۆۋەن قۇرۇق ئايلىنىش سۈرئىتىدە 1 ياكى 2 مىنۇت ماڭدۇرۇڭ.

N400041,0002A5F-UG-22JAN16-1/1

## موتورنى تۆۋەن ئايلىنىش سۈرئىتىدە ماڭدۇرۇشتىن ساقلىنىڭ

ماتورنى ئۇزاق ۋاقىت تۆۋەن سۈرئەتتە قۇرۇق ماڭدۇرغاندا، يېقىلغۇ ئۈنۈمسىز خورايدۇ هەمدە ماتوردا كاربون يىغىلىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەگەر تراكتورنى 3 ياكى 4 مىنۇتتىن ئارتۇق ماتورىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەي تاشلاپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ماتورنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئايلىنىش سۈرئىتى هەر مىنۇتتا 1200 قېتىم بولۇشى لازىم.

N400041,0002A60-UG-22JAN16-1/1

## ماتورنىڭ مەشغۇلات سۈرئىتى ۋە تۆۋەن قۇرۇق مېڭىش سۈرئىتىنى كۆزىتىش

تۆۋەن قۇرۇق مېڭىش سۈرئىتى چوقۇم مىنۇتىغا 30±750 قېتىم ئارىسىدا دەۋرىيلىنىش بولىشى كېرەك.

يېنىك يۈكلۈك ياكى يۈكسىز شارائىتتا، تراكتور ئېقىم كلاپاننىڭ ئەڭ چوڭ سۈرئىتىنى هەر مىنۇتتا 2376 قېتىم (30 ئات كۈچى), 2538 قېتىم (32 ئات كۈچى), 2592 قېتىم دەۋرىيلىنىش (35 ئات كۈچى) گە ئاشۇرۇشقا بولىدۇ.

نورمىلانغان نورمال مەشغۇلات سۈرئىتى چوقۇم مىنۇتىغا 1400 ~ 1600 قېتىم دەۋرىيلىنىش (3 state ئېمىسيون: 30 ئات كۈچى)، مىنۇتىغا 1500 ~ 1650 قېتىم دەۋرىيلىنىش (3 state ئېمىسيون: 35 ،32 ئات كۈچى)، مىنۇتىغا 1500 ~ 1680 قېتىم دەۋرىيلىنىش (2 state ئېمىسيون: 30، 32 ئات كۈچى)، مىنۇتىغا 1600 ~ 1800 قېتىم دەۋرىيلىنىش (2 state ئېمىسيون: 35 ئات كۈچى) بولىشى كېرەك. ماتور مۇشۇ دائىرىدە تولۇق يۈك ئاستىدا ئىشلىيەلەيدۇ.

N400041,0002A61-UG-22JAN16-1/1

## ماتورنى ئۆچۈرۈش




PUC5035—UN—05OCT10

1. دائىرە يۆتكەش دەستىسى (B) نى بوش خوت ئورنىغا يۆتكەڭ.

**B—دائىرە يۆتكەش دەستىسى**

N400041,0002A62-UG-22JAN16-1/6




PUC1845—UN—11FEB09



PUC1846—UN—11FEB09

2. قۇلۇپلاش تايىقى (A) ئارقىلىق ئىككى تورمۇز پېداللىرىنى ئۆزئارا چېتىپ قويۇڭ. كۇلۇچ ئىشلىتىپ بولتىلارنى چىگىتىڭ ھەمدە پېداللارنى بىرلىكتە قۇلۇپلانغان ھالەتتە ساقلاڭ.

**A—تورمۇز پېدالىنى قۇلۇپلاش تايىقى**

N400041,0002A62-UG-22JAN16-2/6




PUC1847—UN—11FEB09

3. پارك تورمۇزىنى قوللىنىش ئۈچۈن، تورمۇز پېدالىنى دەسسەڭ ۋە پارك تورمۇز دەستىسى (A) نى يۇقىرىغا تارتىڭ.

**مۇھىم: بەزى ماتور زاپچاسلىرى چوقۇم ماتور مېيى ئارقىلىق سوۋۇتۇلۇشى كېرەك. قىزىق ماتورنىڭ تۇيۇقسىز توختىشى زىيادە قىزىقلىق ياكى سىلىقلاش كەمچىللىك سەۋەبىدىن ئۇشبۇ زاپچاسلارنى بۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن.**

**A—پارك تورمۇزى دەستىسى**

N400041,0002A62-UG-22JAN16-3/6

داۋامى كېيىنكى بەتتە




N4A0003900—UN—23NOV14

4. قول ماي كىلاپىنىنى (C) ئالدىغا ئىتتىرىپ تۆۋەن ئايلىنىش سۈرئىتىگە ئەكىلىڭ، موتور تۆۋەن سۈرئەتتە 1-2 مىنۇت ماڭدۇرۇڭ. 。

**C—قول ئېقىم كلاپانى**

N400041,0002A62-UG-22JAN16-4/6




PUC5044—UN—05OCT10

5. (كونترول قۇرۇلما تەگلىكنىڭ ئاستى سول تەرەپكە جايلاشقان) تاقاش كابېلى (A) نى تارتىڭ. ماتور تولۇق توختىغانغا قەدەر ئۇنى قويۇۋەتمەڭ.

**A—تاقاش كابېلى**

N400041,0002A62-UG-22JAN16-5/6




N4A0003902—UN—23NOV14

6. ئاچقۇچ ئۆزچاتى (B) نى بۇراپ تاقاش ئورنىغا ئەكىلىڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: تەربىيەلەنمىگەن خادىملارنىڭ تىراكتورنى ئىشلىتىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاچقۇچنى ئاچقۇچ ئۆزچاتىدىن چىقىرىپ ئېلىۋېلىڭ.**

**B—ئاچقۇچ ئۆزچاتى**

N400041,0002A62-UG-22JAN16-6/6

## مەشغۇلاتچى تەربىيەلىنىشى لازىم

- تراكتورنى مەشغۇلات قىلدۇرۇشتىن ئاۋۋال، مەزكۇر قوللانمىنىڭ "ماتورنى ئىشلىتىش" دېگەن بۆلۈمىنى ئوقۇڭ ۋە چۈشىنىۋېلىڭ.
- تراكتورنى ئوچۇقچىلىق ۋە توسالغۇ يوق بىر يەردە، تەجرىبىلىك مەشغۇلاتچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەشغۇلات قىلدۇرۇڭ.
- بارلىق كونتروللىغۇچلارنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.
- تراكتورنى قانداق قوزغىتىش، توختىتىش، باشقۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىڭ ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلىڭ.

N400041,0001FA7-UG-11MAR15-1/1

## يوللاردا ھەيدەش

**ئاگاھلاندۇرۇش: ئاممىۋى يولدا ياكى تېز سۈرئەتلىك تاشيولدا يۆتكىگەندە، قوشۇمچە چىراغ ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىپ باشقا شوپۇرلارنى ئاگاھلاندۇرۇڭ. يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قائىدە-نىزاملىرىغا رىئايە قىلىڭ. جون دىئىر سودىگىرى سىزنى ھەرخىل بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرىنى ياخشى ھالەتتە ساقلاڭ. يوقاپ كەتكەن ياكى بۇزۇلغان بەلگىلەرنى ئالماشتۇرۇڭ.**

تىراكتورنى يولدا ھەيدىگەندە تۆۋەندىكى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىڭ:

**ئاگاھلاندۇرۇش: تىراكتورنى يولدا ھەيدەشتىن بۇرۇن، تورمۇز پېداللىرىنى ئۆزئارا قۇلۇپلاپ قويۇڭ. يۆتكەش تېزلىكىدە كېتىۋاتقاندا، تورمۇزنى يېنىك ھەم ئېھتىيات بىلەن دەسسەڭ.**

1. تورمۇز پېدالىنىڭ قۇلۇپلاش تايىقى (A) ۋە بولتا كۇلۇچنى ئىشلىتىپ تورمۇز پېداللىرىنى ئۆزئارا چېتىپ قويۇڭ. تۇيۇقسىز تورمۇز قىلىشتىن ساقلىنىڭ. ئەگەر سۆرەپ ماڭغان يۈك تىراكتوردىن ئېغىر بولسا ھەمدە ئۇنىڭغا تورمۇز سەپلەنمىگەن بولسا، سۈرئەتنى ئاستىلىتىڭ. (تەۋسىيە قىلىنغان يۆتكەش تېزلىكى ئۈچۈن، چاتما سايماننىڭ ئىشلىتىش قوللانمىسىغا قاراڭ. )

سۆرەلگەن يۈكنى ناچار يول شارائىتىدا يۆتكىگەندە ۋە بۇرۇلغاندا ياكى



PUC5045—UN—05OCT10

A—تورمۇز پېدالىنى قۇلۇپلاش تايىقى

دۆڭدە تورمۇز قىلغاندا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىڭ. مۇقىم يۈرۈشنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، چاقنىڭ يەرگە تېگىشىش يۈزىنىڭ كەڭلىكى چوقۇم مۇۋاپىق تەڭشەلگەن بولسۇن.

**مۇھىم: بىھۇدە ئۇپراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۇتىڭىزنى تورمۇز ئۈستىگە قويۇۋېلىپ ئۈزلۈكسىز "بېسىپ" تۇرماڭ.**

N400041,0001FA8-UG-11MAR15-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

2. يورۇتۇش تەلەپلىرى ھەققىدىكى يەرلىك قانۇن ۋە نىزاملارنى تەكشۈرۈڭ. ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى (A) ۋە ئارقا چىراغنى (B) پاكىز ۋە ئېنىق ھالەتتە ساقلاڭ. ئەگەر سۆرەلگەن ياكى ئارقىغا ئورنىتىلغان سايمان ئۇ بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرىنى توسۇۋالسا، سايمان ئۈستىگە ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى ئورنىتىڭ. (جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. )

3. چىراغ ئۇزچاتى (E) نى يولدا يۈرۈش ئورنىدا ۋە يىراقنى/يېقىننى يورۇتۇش ئۇزچاتى (D) نى يىراقنى يورۇتۇش ئورنىغا ئەكىلىڭ.

باشقا قاتناش ۋاستىلىرىغا يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، يىراق/يېقىننى يورۇتۇش ئۇزچاتى (D) نى يېقىننى يورۇتۇش ئورنىغا يۆتكەڭ. خىزمەت چىراغلىرىنى (ئەگەر سەپلەنگەن بولسا) ياكى باشقا شوپۇرلىرىنىڭ كۆرۈشىنى غۇۋالاشتۇرىدىغان ھەر قانداق بىر چىراغنى ھەرگىز ئىشلەتمەڭ.

4. بۇرۇلىدىغان ۋاقىتتا، بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنىڭ ئۇزچاتى (C) نى ئىشلىتىڭ. بۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇش سىگنال ئۇزچاتى (C) نىڭ ئوتتۇرىدىكى ئورۇنغا يۆتكەلگەن بولىشىغا جەزىم قىلىڭ.

5. بىخەتەرلىك ئۈچۈن دائىم ئاستىراق ھەيدەڭ. دۆڭدىن ھەيدەپ چۈشىدىغان ۋاقىتتا، سۈرئەتنى تورمۇز قىلماي تۇرۇپمۇ تىزگىنلەش ئۈچۈن، تۆۋەنرەك خوتقا سىلىڭ. ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا ماڭغاندا ياكى تېز بۇرۇلغاندا سۈرئەتنى ئاستىلىتىڭ، بولۇپمۇ ئارقىغا ئېغىر دېھقانچىلىق جابدۇقى چېتىلغاندا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ.

6. بالوننىڭ ئۇپرىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئالدى چاقنى ھەرىكەتلەندۈرۈش قۇرۇلمىسىنى ئۈزۈۋېتىڭ (ئەگەر سەپلەنگەن بولسا).



N4A0003887—UN—11NOV14



N4A0003890—UN—12NOV14

A—ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرى
B—قۇيرۇق چىراغلىرى
C—بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنىڭ ئۇزچاتى
D—يىراق/يېقىننى يورۇتۇش ئۇزچاتى
E—چىراغ ئۇزچاتى

N400041,0001FA8-UG-11MAR15-2/2

## دۆڭدە ئېھتىيات قىلىڭ

ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىشتىن مۇداپىيەلىنىش رامكىسى ئۈستۈنكى ئورۇندا تۇرغاندا بېزىندە تاقاڭ.

دۆڭدە ھەيدىگەندە، ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئازگال، ئورەك ۋە توسالغۇلاردىن ماڭماڭ. دۆڭگە چىقىۋاتقاندا تېز ئايلانماڭ.

چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئېرىق ياكى تىك قىرغا يېقىن ھەيدىمەڭ.

ئازگال ياكى لاي يەردىن تىك دۆڭگە قاراپ ھەيدىگەندە تىراكتور ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۇنداق ئەھۋالدا ئارقىغا ھەيدەڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: يارىلىنىشتىن ساقلىنىڭ! تىراكتورنى دۆڭدە ھەيدىگەندە، ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىڭ. تىراكتورنى دۆڭدە ھەيدىگەندە، MFWD نى چېتىپ تارتىش كۈچىنى ئاشۇرۇڭ ۋە 4 چاقنىڭ تورمۇزىنى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى يارىتىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، MFWD تىراكتورنى خەتەرلىك دۆڭدە ھەيدەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، بىراق شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.**

دۆڭ، تېيىلغاق ياكى شېغىللىق يەردە تورمۇز تۇتۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن MFWD نى چېتىڭ. تېيىلىپ كېتىش ياكى باشقۇرۇش كونتروللىقىنى


TS205—UN—23AUG88

يوقىتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تىراكتورغا تەكشۈلاشتۇرغۇچ قوشۇپ تۆۋەن سۈرئەتتە ھەيدەڭ.

بالوننىڭ يەرگە تېگىشىش يۈزى تار بولۇپ قالسا ھەمدە يۇقىرى سۈرئەتتە ماڭغاندا، تىراكتور ئاسان ئۆرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

سۆرەلگەن يۈكنى پەقەت سۆرەش چاتقۇچىغا ئورنىتىڭ. زەنجىر ئىشلەتكەندە، ئۇلارنى ئاستا چىڭىتىڭ.

N400041,0001FA9-UG-11MAR15-1/1




PUC5176—UN—19NOV10

## چىشلىق چاق ساندۇقىنى ئىشلىتىڭ

دائىرە يۆتكەش دەستىسى (A) 2 خىل ئالدىغا مېڭىش سۈرئەت دائىرىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ: يۇقىرى ۋە تۆۋەن.

ئاساسىي يۆتكەش دەستىسى (B) نىڭ 4 خىل ئالدىغا مېڭىش سۈرئىتى بار: 1-خوت، 2-خوت، 3-خوت، 4-خوت ۋە بىر ئارقا خوت.

دائىرە يۆتكەش دەستىسى (A) ۋە ئاساسىي يۆتكەش دەستىسى (B) نى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق 8 خىل ئالدى خوتقا ۋە 2 خىل ئارقا خوتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ماتورنى قوزغىتىش ئۈچۈن، ئاساسىي ۋە دائىرە يۆتكەش دەستىلىرى چوقۇم بوش خوت ئورنىدا بولۇشى كېرەك.

**A—دائىرە يۆتكەش دەستىسى** **B—ئاساسىي يۆتكەش دەستىسى**

N400041,0001FAA-UG-11MAR15-1/1




PUC5036—UN—05OCT10

## چىشلىق چاق ساندۇقىنىڭ خوتىنى يۆتكەش

**مۇھىم: چىشلىق چاق ساندۇقىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەيدەۋاتقان ۋاقىتتا ھەرگىز خوت يۆتكىمەڭ. بىھۇدە ئۇپراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۇتىڭىزنى مۇفتا پېدالىنىڭ ئۈستىدە ئارام ئالدۇرۇپ "بېسىپ" تۇرماڭ.**

دائىرە يۆتكەش دەستىسى ياكى ئاساسي يۆتكەش دەستىسى ئارقىلىق خوت يۆتكەشتىن ئاۋال، مۇفتا پېدالى (A) نى دەسسەڭ ۋە تراكتورنى توختىتىڭ. يۆكنى سىيلىق ئېلىش ئۈچۈن، مۇفتا پېدالىنى تەدرىجىي قويۇپ بېرىڭ.

**A—مۇفتا پېدالى**

N400041,0001FAB-UG-11MAR15-1/1

## خوت تاللاش

**مۇھىم: ھەيدەش لىنىيىسىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ۋە تۇپراق زىيادە چىڭدىلىش ھەمدە سۈرەش قارشىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، H-1 دىن تۆۋەن خوتتا ۋە تولۇق قۇۋۋەتنى ئۇزلۇكسىز ئىشلەتكەن ۋاقىتلاردا تراكتورغا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ئارتماڭ. ئالدى چاق ھەيدىگۈچنى ئىشلىتىلىشتىن ئاۋال، باللاستنى بىر دەرىجە تۆۋەن خوتنى مۆلچەرلەپ تەڭشەڭ.**

ماتورنىڭ ئايلىنىشى ھەر مىنۇتتا 1265-2300 قېتىم بولغان سۈرئەت دائىرىسى ئىچىدە، تراكتورنى خالىغان بىر خوتقا سىلپ مەشغۇلات قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. ماتور مۇشۇ دائىرىدە تولۇق يۈك ئاستىدا ئىشلىيەلەيدۇ. يېنىك يۈك مەشغۇلاتى ئۈچۈن، يۇقىرى خوت ۋە تۆۋەن موتور سۈرئىتىنى ئىشلىتىڭ. بۇ يېقىلغۇ تېجەيدۇ ۋە ئۇپراشنى ئازايتىدۇ.

N400041,0001FAC-UG-11MAR15-1/1

## تورمۇزنى قوللىنىش

**⚠ ئاگاھلاندۇرۇش: تراكتورنى يولدا مەشغۇلات قىلدۇرۇشتىن بۇرۇن، قۇلۇپلاش تايىقى (B) ئارقىلىق پېداللارنى بىر-بىرىگە چېتىپ قويۇڭ ۋە كۈلۈچ بىلەن بولتىلارنى چىگىتىڭ. يۇقىرى سۈرئەتتە كېتىۋاتقاندا، تورمۇز پېدالىنى يېنىك دەسسەڭ.**

ئېتىزدا مەشغۇلات قىلىۋاتقاندا، تورمۇز پېداللىرىنى بىر-بىرىگە چېتىپ قويماڭ. بەلكى، ئوڭغا جىددىي بۇرۇلۇشقا ياردەم قىلىشى ئۈچۈن ئوڭ تورمۇز پېدالىنى ۋە سولغا جىددىي بۇرۇلۇشقا ياردەم قىلىشى ئۈچۈن سول تورمۇز پېدالىنى يېنىك دەسسەڭ.

تورمۇز پېدالىنى قۇلۇپلاش تايىقى (B) ئارقىلىق تورمۇز پېداللىرىنى بىر-بىرىگە چېتىشتۇرۇڭ ۋە تراكتورنى تولۇق توختىتىڭ. ئاندىن، تورمۇز پېدالىنى دەسسەڭ ۋە پارك تورمۇز دەستىسى (A) نى يۇقىرىغا تارتىڭ. كۈلۈچ ئىشلىتىپ تورمۇز پېدالى قۇلۇپلاش تايىقىنىڭ بولتىلىرىنى چىگىتىڭ.

پارك تورمۇز دەستىسى (A) نى قويۇۋېتىڭ. تورمۇز پېدالى (C) نى دەسسەڭ ۋە پارك تورمۇز دەستىسى (A) نى تۆۋەنگە ئىتتىرىڭ.

**مۇھىم: بىھۇدە ئۇپرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پۇتنى تورمۇز پېداللىرىنىڭ ئۈستىدە ئارام ئالدۇرماڭ.**

ئەگەر سۆرەلگەن يۈك تىراكتوردىن ئېغىر بولسا ھەمدە ئۇنىڭغا تورمۇز سەپلەنمىگەن بولسا، سۈرئەتنى ئاستىلىتىڭ. تۇيۇقسىز تورمۇز قىلىشتىن ساقلىنىڭ. سۆرەلگەن دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ تەۋسىيە قىلىنغان توشۇش سۈرئىتى ئۈچۈن، ئۇنىڭ "مەشغۇلاتچى قوللانمىسى" غا قاراڭ.

سۆرەلگەن يۈكنى ناچار يول شارائىتىدا يۆتكىگەندە ۋە بۇرۇلغاندا ياكى دۆڭدە تورمۇز قىلغاندا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىڭ.

PUC1847—UN—11FEB09




PUC1852—UN—11FEB09




**A**—پارك تورمۇز دەستىسى
**B**—تورمۇز پېدالىنى قۇلۇپلاش تايىقى
**C**—تورمۇز پېداللىرى

N400041,0001FAD-UG-11MAR15-1/1

## دىففېرېنسىئال قۇلۇپىنى ئىشلىتىش

**⚠ ئاگاھلاندۇرۇش: دىففېرېنسىئال قۇلۇپى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، تراكتورنى يۇقىرى سۈرئەتتە مەشغۇلات قىلدۇرماڭ ياكى بۇرۇلۇشقا ئۇرۇنماڭ.**

**مۇھىم: ھەيدەش لىنىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر چاق ئايلىنىۋاتقان ۋە يەنە بىر چاق تولۇق توختىغان شارائىتتا دىففېرېنسىئال قۇلۇپىنى ھەرگىز ئىشقا كىرىشتۈرمەڭ.**

بىر چاق قاماللاش كۈچىنى يوقىتىشقا باشلىغان ۋاقىتتا، تراكتورنى توختىتىڭ ۋە دىففېرېنسىئال قۇلۇپىنىڭ پېدالى (A) نى دەسسەش ئارقىلىق، دىففېرېنسىئال قۇلۇپىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈڭ. دىففېرېنسىئال قۇلۇپىنى كىرىشتۈرۈشتىن بۇرۇن، تىراكتور چاقلىرى چوقۇم توختىغان ياكى تەڭ سۈرئەتتە ئايلىنىۋاتقان بولىشى كېرەك. ئەگەر مۇمكىن بولسا، بالون تېيىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن دىففېرېنسىيال قۇلۇپنى چېتىڭ.

تەڭ بولمىغان تارتىش كۈچى دىففېرېنسىيال قۇلۇپنى چاتىدۇ. تارتىش كۈچى تەڭ بولغاندا، دىففېرېنسىيال قۇلۇپ پۇرژىنىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن ئاجرىلىدۇ. ئەگەر دىففېرېنسىئال قۇلۇپى ئىشقا كىرىشمىگەن بولسا، بىر تورمۇز پېدالىنى دەسسەپ ئاندىن يەنە بىرسىنى دەسسەڭ.

ئەگەر بالون يېنىشلاپ تېيىلسا، يەرنى بىر قاماللاپ بىر تېيىلىپ تۇرسا، پېدالنى كىرىشتۈرۈش ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇڭ.

N4A0004109—UN—01JUN15




**A**—دىففېرېنسىيال قۇلۇپ پېدالى

N400041,0001FAE-UG-01JUN15-1/1

## MFWD نى مەشغۇلات قىلدۇرۇش

تارتىشچانلىقى ياخشى بولۇش ئۈچۈن، MFWD نى تەلەپ بويىچە ئىشلىتىڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: MFWD ئىتتىرىشنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. ئۇ ئىشلىتىلگەن ۋاقىتتا، بولۇپمۇ يانتۇلۇقلاردا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش كېرەك. 2 چاقى ئىتتىرىدىغان ھەيدىگۈچكە سېلىشتۇرغاندا، مېخانىكىلىق ئالدى چاق ھەيدىگۈچ MFWD تىكرەك دۆڭلۈكلەردە ئىزچىل ئىتتىرىشنى ساقلاپ قالالايدۇ، ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆرۈلۈپ كېتىش خەتىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ.**

**تېيىلغاق، نەم ياكى شېغىللىق يەر يۈزىدە ھەيدىگەن ۋاقىتتا، سۈرئەتنى ئاستىلىتىڭ ھەمدە تېيىلىپ كېتىش ۋە رولنى باشقۇرالماي قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تراكتورغا مۇۋاپىق دەرىجىدە تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئېغىرلىق قاچىلانغان بولىشىغا جەزىم قىلىڭ. بۇنداق يول شارائىتىدا، ئالدى چاق ھەيدىگۈچ ياخشى كونتروللۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ.**

**مۇھىم: ئالدى چاقنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، ئالدى چاق تارتىش سىستېمىسىنى پەقەت ئېتىزدا مەشغۇلات قىلغاندا زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىڭ. MFWD چېتىلغاندا، ئالدى بالونلار ئارقا بالونلارغا قارىغاندا سەلل تېزرەك ئايلىنىدۇ ھەمدە MFWD ھالىتىدە بولۇپمۇ قاتتىق يەر يۈزىدە ئۇزۇن مەزگىل ھەيدىگەندە چاق بالدۇر ئۇپراپ كېتىدۇ. زۆرۈر بولمىسا، قاتتىق يەردە ماڭغاندا ھەرگىز MFWD نى ئىشقا كىرىشتۈرمەڭ.**

**ئالدى چاقلارغا ھەرگىز زەنجىر باغلىماڭ - زەنجىر تىراكتورغا تېگىپ كېتىشى ھەمدە تىراكتورنى بۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن.**

**سايمان سۆرەپ ماڭغاندا، MFWD دەستىسىنى پەسكە بېسىپ ئالدى چاق تارتىش سىستېمىسىنى ئۈزمەكچى بولغاندا ئۇنى ئۈزۈشكە بولماسلىقى مۇمكىن. MFWD نى ئۈزۈش ئۈچۈن دەستە پەسكە بېسىلمىسا، بۇ ئاۋال ھەرىكەت ئۇزىتىش سىستېمىسىنىڭ يۈكىنى تۆۋەنلىتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندىكى 3- باسقۇچقا قاراڭ.**




PY14652—UN—28JUN12

**MFWD—A** دەستىسى

مېڭىۋاتقان ۋاقىتتا، MFWD نى ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە ياكى توختىتىشقا بولىدۇ.

1. MFWD نى ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن، MFWD دەستىسى(A) نى يۇقىرىغا تارتىڭ.
2. MFWD نى توختىتىش ئۈچۈن، دەستە (A) نى تۆۋەنگە بېسىڭ.
3. ئەگەر دەستە ئاسان چىقمىسا، بۇ ئاۋال ھەيدەش لىنىيىسىدىكى يۈكنىڭ چوقۇم ئازايتىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يۈكنى ئازايتىش ئۈچۈن، مەشغۇلاتچى تۆۋەندىكى باسقۇچلاردىن بىر ياكى بىر نەچچىنى ئورۇندىشى زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن:
   - تراكتورنى ئالدىغا بىر نەچچە مېتىر توپتۈز ھەيدەڭ.
   - تىراكتورنى توختىتىڭ، ئاندىن ئۇنى ئارقىغا ئازراق ھەيدەڭ.
   - سايماننى ئازراق يۇقىرىلىتىڭ.
   - ئىشلىتىۋاتقان ھەرقانداق سايماننى ئۈزۈۋېتىڭ.

N400041,0001FAF-UG-11MAR15-1/1

## تىراكتورنى توختىتىڭ

**ئاگاھلاندۇرۇش: تراكتوردىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، پارك تورمۇزىنى قوللىنىڭ. ئەگەر ماتور ئۆچۈرۈلگەن لېكىن ترانسمىسسىيون يەنىلا خوتقا سىلىق ھالەتتە تۇرغان بولسا، ئۇ تراكتورنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالالماسلىقى مۇمكىن.**

1. دائىرە يۆتكەش دەستىسى (B) نى بوش خوت ئورنىغا يۆتكەڭ. تراكتور توختىغانغا قەدەر، تورمۇز پېدالىنى بېسىڭ. قۇلۇپلاش تايىقىنى ئىشلىتىپ تورمۇز پېدالىنى بىر-بىرىگە چېتىڭ. كۇلۇچ ئىشلىتىپ تورمۇز پېدالى قۇلۇپلاش تايىقىنىڭ بولتىلىرىنى چىڭىتىڭ.تورمۇز پېدالىنى بېسىڭ. ئاندىن، پارك تورمۇز دەستىسى (A) نى يۇقىرىغا تارتىڭ.
2. بارلىق دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى يەرگە پەسلىتىڭ.

**مۇھىم: بەزى ماتور زاپچاسلىرى چوقۇم ماتور مېيى ئارقىلىق سوۋۇتۇلۇشى كېرەك. قىزىق ماتورنى تۇيۇقسىز توختىتىش زىيادە قىزىقلىق ياكى سىلىقلاش كەمچىللىك سەۋەبىدىن ئۇشبۇ زاپچاسلارنى بۇزۇپ قويالايدۇ.**

3. قول ئېقىم كلاپانى (C) نى ئالدىغا ئىتتىرىپ تۆۋەن قۇرۇق ئايلىنىش سۈرئەت ئورنىغا ئەكىلىڭ. ماتورنى 2 ،1 مىنۇتقىچە قۇرۇق ماڭدۇرۇڭ.
4. تاقاش كابېلى (D) نى ئارقىغا ئىتتىرىڭ ھەمدە ئۇنى ماتور تولۇق توختىغىچە تۇتۇپ تۇرۇڭ.
5. ئاچقۇچنى تاقاش ئورنىغا بۇراڭ ۋە چىقىرىپ ئېلىۋېلىڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: تەربىيەلەنمىگەن خادىملارنىڭ تىراكتورنى ئىشلىتىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاچقۇچنى ئاچقۇچ ئۈزچاتىدىن چىقىرىپ ئېلىۋېلىڭ.**

A—پارك تورمۇز دەستىسى
B—دائىرە يۆتكەش دەستىسى
C—قول ئېقىم كلاپانى
D—تاقاش كابېلى



PUC1847—UN—11FEB09



PUC5035—UN—05OCT10



PUC5048—UN—08OCT10



N4A003892—UN—17NOV14

N400041,0001FB0-UG-11MAR15-1/1

## تىراكتورنىڭ قۇۋۋىتى چاتما سايمانغا ماس كېلىشى لازىم

مۇھىم: تراكتورنىڭ قۇۋۋىتى چوقۇم بەزى دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنىڭ چوڭلۇقىغا ماسلاشتۇرۇلغان بولىشى كېرەك. زىيادە تراكتور قۇۋۋىتى دېھقانچىلىق جابدۇقىنى بۇزۇپ قويالايدۇ. زىيادە چوڭلۇقتىكى دېھقانچىلىق جابدۇقىمۇ تراكتورنى بۇزۇپ قويالايدۇ. (دېھقانچىلىق جابدۇقىنى ئېپكىتىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ مەشغۇلاتچى قوللانمىسىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كىچىك قۇۋۋەت تەلىپى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا قاراڭ. )

N400041,0001FB1-UG-11MAR15-1/1

## ئۈچ پۇتلۇق چاتقۇچ زاپچاسلىرى




N4A0003894—UN—16NOV14

A—ئۆستۈنكى دەستە
B—كۆتۈرۈش يەلكىسى
C—سىگارىيان دەستە
D—تاشقىرىقى توختاتقۇچ زەنجىرى
E—تارتىش تۆگۈنلىرى
F—رېزىنكە توختاتقۇچ زەنجىرى

N400041,0001FB2-UG-11MAR15-1/1

## تەۋرەنمە يەلكە شافتا كونترول دەستىسى




PUC0035—UN—03APR09

A—تارتىش كونترول دەستىسى B—ئورۇن كونترول دەستىسى

تەۋرەنمە يەلكە شافتىسى بولسا ئورۇن كونترول دەستىسى (B) ۋە تارتىش كونترول دەستىسى (A) ئارقىلىق باشقۇرۇلىدۇ.

ئورۇن كونترول دەستىسى (B) نى ئارقىغا تارتقاندا، ئېسىش قۇرۇلمىسى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنى ئالدىغا ئىتتەرگەندە، ئېسىش قۇرۇلمىسى تۆۋەنلەيدۇ. (تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر ئۈچۈن، مەزكۇر بابتىكى "تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ ئورنىنى كونترول قىلىش" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )

تارتىش كونترول دەستىسى (A) تارتىلغان ئېسىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئورنىنى تارتىلغان يۈككە نىسبەتلەشتۈرۈپ كونترول قىلىدۇ. (تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر ئۈچۈن، مەزكۇر بابتىكى "تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ تارتىشىنى كونترول قىلىش" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )

N400041,0001FB3-UG-11MAR15-1/1

## تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ ئورۇن كونتروللىغۇچىنى ئىشلىتىش




PUC0035—UN—03APR09

**ئاگاھلاندۇرۇش: تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ كۆتۈلمىگەن ھەرىكىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق جابدۇقىنى چېتىشتىن ئاۋال، تارتىش كونترول كۇنۇپكىسىنى تۆۋىگە تاقاشقانغا قەدەر ئىتتىرىڭ.**

تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ تارتىش يۈكىگە ئاساسەن ئاپتوماتىك تەڭشىلىشىنى خالىمىغان ۋاقتىڭىزدا، مەسىلەن تراكتورغا بىر دېھقانچىلىق جابدۇقىنى چاتماقچى بولغان ۋاقىتتا، تارتىش كونترول دەستىسى (A) نى تۆۋىگە تاقاشقانغا قەدەر ئىتتىرىڭ.

ئورۇن كونترول دەستىسى (B) نى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئېسىش قۇرۇلمىسىنىڭ ھەرىكىتى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى كونترول قىلىڭ. ئورۇن كونتروللىغۇچىنى تۆۋەندىكى ئۇيغۇنلانمىلار ئۈچۈن ئىشلىتىڭ:



"تۇراقلىق چوڭقۇرلۇق" بۇ دېھقانچىلىق جابدۇقىنى تەكشى يەر شارائىتىدا ئىشلەتكەندە ۋە شۇنداقلا چاچقۇچ ياكى پۈركۈگۈچ قاتارلىقلارغا ئوخشاش يەرگە تېگىشمەيدىغان دېھقانچىلىق جابدۇقىنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا قوللىنىلىدۇ. ئورۇن كونترول دەستىسى (B) نى كۆڭۈلدىكى چوڭقۇرلۇققا قويۇڭ.



"توشۇش" بۇ دېھقانچىلىق جابدۇقىنى توشۇغان ۋە ئېتىزنىڭ بېشىدا كەلگەندە ئايلانغان ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلىدۇ. توشۇش جەريانىدا، يۈك سەزگۈچ ئىشلىتىلگەن بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئورۇن كونترول دەستىسى (B) نى تولۇق ئارقىغا سۈرۈڭ.



P9043—UN—01AUG00

"لەيلىتىش" بۇ دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ تولۇق ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن تورمۇزلۇق ياكى چوڭقۇرلۇق ئۆلچىگۈچ چاقىلىق دېھقانچىلىق جابدۇقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ يەر كونتۇرىغا ئەگىشىپ ماڭالىشى ئۈچۈن، ئورۇن كونترول دەستىسى (B) نى تاقاشقانغا قەدەر ئالدىغا ئىتتىرىڭ ۋە تارتىش كونترول دەستىسى (A) نى تاقاشقانغا قەدەر پەسكە ئىتتىرىڭ.

A—تارتىش كونترول دەستىسى B—ئورۇن كونترول دەستىسى

N400041,0001FB4-UG-11MAR15-1/1

## تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ تارتىش كونتروللىغۇچىنى ئىشلىتىش

تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىغا ئۆزگىرىشچان تارتىش كونترول سىستېمىسى سەپلەنگەن.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ خالىغان بىرى ماس كەلگەندە، تارتىش يۈكىنى سېزىشنى ئىشلىتىڭ:

- ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەردە تولۇق چېتىلغان سايمان ئىشلەتكەندە. تۇراقلىق چوڭقۇرلۇق ئاساسەن ساقلانغان ۋاقىتتا، چاتما سايمان يەر بويلاپ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ياكى تۆۋەنلەيدۇ.
- ئوخشىمىغان تۇپراق شارائىتىدا مەشغۇلات قىلغاندا. تۆۋەنرەك خوتقا سېلىشقا ئېھتىياج تۇغدۇرماسلىق ئۈچۈن، دېھقانچىلىق جابدۇقىنى سەل-پەل كۆتۈرۈش ئارقىلىق، تەكشىسىز يەر يۈزىدىن ئۆتۈپ كېتىڭ.

تارتىش كونترول دەستىسى (A) ئېسىش قۇرۇلمىسى ئىنكاس قايتۇرۇشتىن ئاۋال لازىملىق يۈك مىقدارىنى كونترول قىلىدۇ. دەستە تۆۋىگە تاقاشقانغا قەدەر تۆۋەنگە قويۇلغاندا، تارتىشنى سېزىش بولمايدۇ. دەستىنى يۇقىرىغا كۆتۈرگەندە ئورۇن كونترول دەستىسى (B) تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ھالقىپ كېتىشكە كېرەكلىك تارتىش يۈكىنىڭ مىقدارى ئاشۇرىلىدۇ ۋە تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنى كۆتۈرىدۇ.

تارتىش يۈكىنى سېزىش مەشغۇلاتى ئۈچۈن:

- دەسلەپتە، ئورۇن كونترول دەستىسى (B) نى تولۇق ئالدىغا سۈرۈڭ ھەمدە تارتىش كونترول دەستىسى (B) نى ئەڭ تۆۋەنكى (ئەڭ كىچىك تارتىش كۈچى) ئورۇنغا قويۇڭ.
- تىراكتور مېڭىۋاتقاندا، ئورۇن كونترول دەستىسى (B) نى ئارقىغا تارتىپ دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ مەشغۇلات چوڭقۇرلۇقىنى بەلگىلەڭ. قولچاق




PUC0044—UN—03APR09

A—تارتىش كونترول دەستىسى
B—ئورۇن كونترول دەستىسى
C—قولچاق

(C) نى كونترول دەستىسى ئوپئوخشاش ئورۇنغا قايتىپ كېلەلەيدىغان ھالەتتە بەلگىلەڭ. تىراكتور تېپىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتا، تارتىش كونترول دەستىسى (A) نى تاكى كۆڭۈلدىكىدەك تارتىشنى سېزىش ھاسىل بولغانغا قەدەر يۇقىرىغا تارتىڭ.

- ياكى بولمىسا، تارتىش كونترول تەڭشىكىدىن ھالقىش ئۈچۈن، ئورۇن كونترول دەستىسى (B) نى سەل-پەل كۆتۈرۈڭ. بۇ ماشىنىنىڭ سىيلىق نۇقتىلاردىن ئۆتۈۋېلىشى ۋە قاپسىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ.
- ئورۇن كونترول دەستىسى (B) نى تولۇق ئارقىغا يۆتكەش ئارقىلىق، ئېتىزنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئېسىش قۇرۇلمىسىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈشكە بولىدۇ.

N400041,0001FB5-UG-11MAR15-1/1

## تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ تۆۋەنلەش سۈرئىتىنى تەڭشەش

**ئاگاھلاندۇرۇش: تۆۋەنلەش سۈرئىتىنىڭ زىيادە تېز بولۇشى ئۇسكۈنىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنى ياكى مەشغۇلاتچىنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. دېھقانچىلىق جابدۇقىنى تولۇق تۆۋەنلىتىشكە ئاز دېگەندە 2 سېكۇنت ۋاقىت كېتىدۇ.**

ئېغىر دېھقانچىلىق جابدۇقى چېتىلغان ۋاقىتىدا، تەۋرەنمە يەلكە شافتىسى تېزرەك تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن. تۆۋەنلەش سۈرئەت ۋىنتىسىنى دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلانغىلى ۋە بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان ئاستا سۈرئەتكە تەڭشەڭ.

تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ تۆۋەنلەش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىش ئۈچۈن، ۋىنتىنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە بۇراڭ ۋە تۆۋەنلەش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ۋىنتىنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ قارشى يۆنىلىشى بويىچە بۇراڭ.

تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنى ئورۇندا قۇلۇپلاش ئۈچۈن، ۋىنتىنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە توختاش ئورنىغا بۇراڭ.




PUC0033—UN—03APR09

A—تۆۋەنلەش سۈرئەت ۋىنتىسى

تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنى قۇلۇپتىن چىقىرش ئۈچۈن، ۋىنتىنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ قارشى يۆنىلىشى بويىچە بۇراڭ ۋە يۇقىرىقى تەلىماتلار بويىچە تۆۋەنلەش سۈرئىتىنى ئەسلىگە قايتۇرۇڭ.

N400041,0001FB6-UG-11MAR15-1/1

## دېھقانچىلىق جابدۇقىنى تەييارلاش

كاتېگورىيە I دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىدا، تۆۋەنكى پىنلىرىنىڭ ئۈستىدىن 460 مىللىمېتىر (18 .in) كېلىدىغان يەردە تۇشۇكى بولغان دېھقانچىلىق جابدۇقى ماچتىسى بولۇشى لازىم. ئەگەر زۆرۈر بولسا، ئەڭ ئۈستۈنكى ماچتىغا يەنە بىر تۇشۇك تېشىڭ ياكى ئەڭ ئۈستۈنكى ماچتىنى ئۇزارتىڭ.

| ماچتا ئېگىزلىكى | ئاستىنقى مىخلار ئارىسىدىكى كەڭلىك | مىخ چوڭلىقى | |
|---|---|---|---|
| | | ئاستىنقى | ئۈستۈنكى |
| 460mm (18 .in) | 718 mm (28.26 .in) | 22 mm (.86 .in) | 19 mm (.74 .in) |




دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ماچتىسى

N400041,0001FB7-UG-11MAR15-1/1

## سايمانىنى 3 پۇتلۇق چاتقۇچقا ئورنىتىڭ

1. سۈرمش تايىقىنىڭ تاقىشىپ قالماسلىقىغا جەزم قىلىڭ. زۆرۈر بولسا، سۈرمش تايىقىنى ئالدىغا سۈرۈڭ ياكى ئېلىۋېتىڭ. يەنە باشقا تاقىشىپ قالىدىغان يەر بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.
2. تراكتورنى دېھقانچىلىق جابدۇقى (A) غا قارىتىپ ئارقىغا ھەيدەڭ ۋە ئېسىش قۇرۇلمىسىدىكى پىنلارنى توغرىلاڭ. يۆتكەش دەستىسىنى بوش خوت ئورنىغا ئەكېلىڭ. پارك تورمۇز دەستىسىنى يۇقىرىغا تارتىڭ.
3. قول ئېقىم كلاپىنىنى ئالدىغا تولۇق سۈرۈڭ ۋە ماتورنى 2 ،1 مىنۇتقىچە قۇرۇق ماڭدۇرۇڭ، ئاندىن ماتورنى ئۆچۈرۈڭ.
4. تارتىش تۈگۈنلىرىنى دېھقانچىلىق جابدۇقىدىكى ئېسىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پىنلار (B) غا سۈرۈڭ ئاندىن ئۇلارنى قۇلۇپلاش پىنى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇڭ.
5. ئۈستۈنكى دەستىنى دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ماچتىسىغا بېكىتىڭ. ئۇنى پىنلار ۋە قۇلۇپلاش پىنلىرى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇڭ.
6. ئۈستۈنكى دەستە ۋە سىگايان دەستىنى ئېھتىياجغا قاراپ تەڭشەڭ. (مەزكۇر بابتىكى "ئېسىش قۇرۇلمىسىنى تەكشىلەش" دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ. )




**A—دېھقانچىلىق جابدۇقى**
**B—دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ئېسىش قۇرۇلمىسىدىكى پىنلار**

N400041,0001FB8-UG-11MAR15-1/2

**ئاگاھلاندۇرۇش: مەلۇم بىر دېھقانچىلىق جابدۇقى، دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ئەپچىل ئۇلىغۇچى ياكى باشقا قوشۇلمىلارنى 3 ئۇقتىلىق ئېسىش قۇرۇلمىسىغا بېكىتىدىغان ۋاقىتتا، ئادەم يارىلىنىش ياكى ماشىنىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تاقىشىپ قېلىش، چىگىشلىشىش ۋە ياكى PTO شافتىسىدىن ئاجراپ كېتىش ئەھۋالى بارمۇ-يوق پۈتۈن ئەتراپنى تەكشۈرۈڭ.**

7. ئورۇن كونترول دەستىسى (A) نى ئىشلىتىش ئارقىلىق، دېھقانچىلىق جابدۇقىنى ئاستا-ئاستا تۆۋەنلىتىشكە ياكى كۆتۈرۈشكە بولىدۇ. پۈتلىكاشاڭ بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.




**A—ئورۇن كونترول دەستىسى**

N400041,0001FB8-UG-11MAR15-2/2

## توختاتقۇچ زەنجىرىنى تەڭشەش




PUC1862—UN—11FEB09

**A—سىگارىيان دەستە ۋىنتا نەيچىسى**

ۋىنتا نەيچىسى (A) دىكى قۇلۇپلاش گايكىسىنى بوشىتىڭ ۋە سىگايان دەستە ۋىنتا نەيچىسى (A) نى بۇراڭ. تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، گايكىلارنى قايتا چىڭىتىڭ.

ئىزاھات: دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ "مەشغۇلاتچى قوللانمىسى" غا قاراپ، يانغا لىڭشىشقا رۇخسەت بارمۇ-يوق تەكشۈرۈڭ.

**مۇھىم: تاشقىرىقى توختىتىش زەنجىرىنى ئېسىش قۇرۇلمىسىنىڭ تولۇق كۆتۈرۈلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغۇدەك دەرىجىدە قىسقارتىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ناۋادا تاشقىرىقى توختاتقۇچ زەنجىرى ئېسىش قۇرۇلمىسىنىڭ كۆتۈرۈلىشىگە توسقۇنلۇق قىلسا، گىدراۋلىك بېسىم قويۇۋېتىش كلاپانى ئېچىلىدۇ ۋە ئاقىۋەتتە ماتور مېيىنىڭ زىيادە قىزىپ كېتىشىنى ھەمدە پومپا ياكى ئۆسكۈنىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

ئىزاھات: ئەگەر دېھقانچىلىق جابدۇقىغا تارتىش تۆگۈنى بېكىتىلمىگەن بولسا، تارتىش تۆگۈنىنىڭ ئارقا بالونغا تېگىشىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، تاشقىرىقى توختاتقۇچ زەنجىرى ۋە رېزىنكە توختاتقۇچ زەنجىرىنى ئىشلىتىڭ.

توشۇش ۋاقتىدا تەۋرەنمە يەلكە شافتىنى كۆتۈرۈپ قويۇشقا توغرا كەلگەندە، دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ يانغا لىڭشىشنى تەڭشەش مەقسىتىدە تاشقىرىقى توختاتقۇچ زەنجىرىنى ئۇزارتىش ياكى قىسقارتىش ئۈچۈن، سىگايان دەستە

N400041,0001FB9-UG-11MAR15-1/1

## ئېسىش قۇرۇلمىسىنى تەكشىلەش




PUC5178—UN—19NOV10

1. دېھقانچىلىق جابدۇقىنى تۆۋەنلىتىپ، تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئېغىرلىقىنى ئېسىش قۇرۇلمىسىدىن چۈشۈرۈڭ.

**B—ئۈستۈنكى دەستىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى**

N400041,0001FBA-UG-11MAR15-1/2




PUC5179—UN—19NOV10

**A—قۇلۇپلاش گايكىلىرى (2 دانە)**
**B—سول سىگارىيان دەستە**
**C—گايكا (2 دانە)**
**D—ئوڭ سىگارىيان دەستە**

چوڭ قىلىش ئۈچۈن، سىگارىيان دەستىلەرنى، تارتىش تۆگۈنىنىڭ شارى تولۇق تۆۋەنلىتىلگەن ۋاقىتتا يەر يۈزىدىن 200 مىللىمېتىر (7.87 ديۇم) كۆتۈرۈلگەن ھالەتتە تۇرىدىغان قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇڭ.

**مۇھىم: ئۈستۈنكى دەستىنى ھەرگىزمۇ قۇلۇپلاش ھالقىسىدىن ئۇزۇنراق قىلىپ تەڭشىمەڭ ياكى سىگايان دەستىنى توختاتقۇچىدىن ئېگىز كۆتۈرۈۋەتمەڭ. بولمىسا، دەستىدىكى رېزبا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.**

ئىزاھات: دېھقانچىلىق جابدۇقىغا بېكىتىدىغان ۋاقىتتا، پەقەت ئۈستۈنكى دەستىنىڭ ئىككى ئۇچىنى دەستىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە تەمپۇتەڭ قويغاندىلا ئاندىن ئۈستۈنكى دەستىنىڭ تەڭشەش دائىرىسىنى ئەڭ چوڭ قىلغىلى بولىدۇ.

2. دېھقانچىلىق جابدۇقىنى تەكشىلەش ئۈچۈن، ئوڭ سىگارىيان دەستە (D) ۋە سول سىگارىيان دەستە (B) نى تەڭشەڭ.

سولدىكى تارتىش تۆگۈنىنى كۆتۈرۈش ياكى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، قۇلۇپلاش گايكىسى (A) نى بوشىتىڭ ۋە سىگارىيان دەستە ۋىنتا نەيچىسىنى بۇراڭ.

ئوڭدىكى تارتىش تۆگۈنىنى كۆتۈرۈش ياكى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، قۇلۇپلاش گايكىسى (C) نى بوشىتىڭ ۋە سىگارىيان دەستە ۋىنتا نەيچىسىنى بۇراڭ.

3. ئوخشىمىغان بالون چوڭلۇقى ياكى دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ئېگىزلىكىگە باپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئوڭ ۋە سول سىگارىيان دەستىلەرنى مۇۋاپىق تەڭشەڭ. ئېسىش قۇرۇلمىسىنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى ئەڭ

N400041,0001FBA-UG-11MAR15-2/2

# سۆرەش تايىقى ۋە PTO شافتىسى

## چاتقۇچنىڭ يۈك كۆتۈرۈش چېكىگە دىققەت قىلىڭ

**مۇھىم: يۈكلۈك يىگانە ئاكسىل پرىتسېپىقا ئوخشاش بەزى ئېغىر تىپلىق ئۈسكۈنىلەر سۆرەش تايىقىغا زىيادە بېسىم چۈشۈرىدۇ. سۆرىگەتنىڭ ئېشىشى ۋە يەر شارائىتىنىڭ ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولىشىغا ئەگىشىپ، بېسىمىمۇ زور دەرىجىدە ئارتىدۇ.**

**سۆرەش تايىقىغا چۈشىدىغان ستاتىك ۋېرتىكال يۈك تېخنىكىلىق ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.**

**كۆپ يۈك بولغان ئەھۋالدا ئاستىراق ھەيدەڭ.**

ئۆلچەم

ستاتىك ۋېرتىكال يۈك، قىسقا ئورۇن —
سىغىمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1120 kg (2469 lb.)

ستاتىك ۋېرتىكال يۈك، ئۇزارتىلغان ئورۇن —
سىغىمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 760 kg (1675 lb.)

N400041,0001FBB-UG-11MAR15-1/1

## لىڭشىما سۆرەش تايىقىنى ئىشلىتىش




PUC1865—UN—11FEB09

سۆرەش تايىقىنىڭ يانچە لىڭشىشىغا يول قويۇش ئۈچۈن، تۇتتۇرما پىندىكى قىسقۇچ (A) نى تارتىپ چىقىرىڭ. تۇتتۇرما پىن (B) نى چىقىرىڭ. ناۋادا سۆرەش تايىقىنىڭ تولۇق لىڭشىشى كېرەك بولسا، قىسقۇچنى ۋە قارشى تەرەپتىكى تۇتتۇرما پىنىنى چىقىرىۋېتىڭ.

بۇنداق قىلىش يۈك بىلەن ئەگىلىشنى قۇلايلاشتۇرىدۇ.

باشقا بارلىق ۋاقىتلاردا، تۇتتۇرما پىن (B) ۋە قىسقۇچ (A) نى بېكىتىپ قويۇڭ.

**مۇھىم: يۈكلەرنى توشۇغان ياكى سۆرىگەن ۋاقىتلاردا، ئۇلارنىڭ ئەركىن پۇلاڭلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۇتتۇرما پىن (B) ۋە قىسقۇچ (A) نى بېكىتىپ قويۇڭ.**

**A—قىسقۇچ** **B—تۇتتۇرما پىن**

N400041,0001FBC-UG-11MAR15-1/1

## سۆرەش تايىقىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش



PUC1443—UN—24OCT07

**مۇھىم: سۆرەش تايىقىنى ئىشلەتكەندە، يەرلىكنىڭ قاتناش بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىڭ. پەقەت مۇۋاپىق ۋە تەستىقلانغان چاتقۇچ مىخى ئىشلىتىڭ. سۆرەش تايىقىنى پەقەت رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك قۇراشتۇرۇڭ.**

N400041,0001FBD-UG-11MAR15-1/1

## پىرقىرايدىغان ھەيدەش لىنىيىلىرىدىن يىراق تۇرۇش



TS1644—UN—22AUG95

ئايلىنىۋاتقان ھەيدەش شافتىلىرىغا چىرمىشىپ قېلىش ئېغىر يارىلىنىشنى ياكى ئۆلۈم خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تراكتور ئاساسىي توسۇقى ۋە ھەيدەش شافتىسىنىڭ توسۇقىنى ھەر زامان ئۆز ئورنىدا تۇرغۇزۇڭ. پىرقىرايدىغان توساقلارنىڭ ئەركىن ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

بەدەنگە يېپىشىپ تۇرىدىغان كىيىم كىيىڭ. تەگشەش، چېتىش ياكى PTO بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۈسكۈنىنى تازىلاشتىن بۇرۇن، موتورنى توختىتىڭ ۋە PTO ھەيدەش شافتىسىنىڭ توختىغان بولىشىغا جەزىم قىلىڭ.

N400041,0001FBE-UG-11MAR15-1/1

## PTO ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دېھقانچىلىق جابدۇقىنى چېتىش

1. دېھقانچىلىق جابدۇقىنى PTO ھەيدەش شافتىسىغا چېتىشتىن ئاۋال، ئۇنى تراكتورغا چېتىڭ. ئەگەر چاتقۇچ ئىشلىتىلمىسە، ئۇنى ئۈستۈنكى ئورۇنغا كۆتۈرۈڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق جابدۇقىنى چېتىش ياكى دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ ئېسىش قۇرۇلمىسى ئەتراپىدا خىزمەت قىلىشتىن بۇرۇن، ماتورنى توختىتىڭ.**

2. يۆتكەش دەستىسىنى بوش خوت ئورنىغا ئەكىلىڭ. تورمۇز پېدالىنى دەسسەڭ ۋە پارك تورمۇزىنى تارتىڭ.

3. قول ماي كېلاپانىنى پەسكە بېسىڭ، شۇنىڭ بىلەن ماتور تۆۋەن قۇرۇق ئايلىنىش سۈرئىتىدە 1-2 مىنۇت ماكسۇن. ماتورنى ئۆچۈرۈڭ.

**مۇھىم: بىھۇدە زەرەر يەتكۈزىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئالاقىدار دېھقانچىلىق جابدۇقىنى مەشغۇلات قىلدۇرۇش كۆرسەتمىلەر بويىچە ئىش قىلىنغان بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىڭ.**

**مۇھىم: PTO بىلەن ھەيدىلىدىغان دېھقانچىلىق جابدۇقىنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا، پىرېتسىپنى ئاجرىتىڭ ۋە PTO مۇھاپىزەتچىسىنى بېكىتىڭ.**

4. ناۋادا دېھقانچىلىق جابدۇقىنى 3 ئۇقتىلىق ئېسىش قۇرۇلمىسىغا بېكىتىش زۆرۈر بولسا، ئۇنىڭ سۆرەش تايىقىغا يۇتلاشمايدىغان بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، سۆرەش تايىقىنى ئېلىۋېتىڭ.

5. موتور ئۆچۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئەگەر دولقۇنسىمان چىشلارنى بىر-بىرىگە ئۈدۈللاش زۆرۈر بولسا، شافتىنى قول بىلەن ئازراق ئايلاندۇرۇڭ. ھەيدەش شافتىسىنى PTO شافتىسىغا چېتىڭ. ھەيدەش لىنىيىسىنىڭ PTO شافتىسىغا مۇقىملاشقان بولىشىغا جەزىم قىلىش ئۈچۈن، شافتىنى تارتىپ بېقىڭ.

6. تاقىشىپ قالغان يەر بارمۇ-يوق ئەستايىدىل تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئېسىش قۇرۇلمىسى ئىشلىتىلمەيدىغان بولسا ئۇنىڭ كۆتۈرۈلگەن ھالەتتە بولىشىغا جەزىم قىلىڭ.

N400041,0001FBF-UG-15DEC15-1/1

## تىراكتورنىڭ PTO ئوقىنى ئىشلىتىڭ




PUC5043—UN—05OCT10

ئىزاھات: ئەگەر PTO ھەيدەش كونترول دەستىسى كىرىشتۈرۈلگەن بولسا، موتور قوزغالمايدۇ.

1. مۇفتا پېدالىنى دەسسەڭ، ماتورنى قوزغىتىڭ ۋە قول ئېقىم كلاپان دەستىسى (A) نى تاكى موتورنىڭ سۈرئىتى PTO دىكى دېھقانچىلىق جابدۇقىنى قوزغىتىشقا يېتەرلىك بولغانغا قەدەر كەمىنىگە تارتىڭ. موتورنىڭ سۈرئىتى ھەر مىنۇتتا 2300 قېتىم ئايلىنىشتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

**A**—قول ئېقىم كلاپان تۇتقۇچى
**B**—پۇت ئېقىم كلاپان پېدالى

N400041,0001FC0-UG-01JUN15-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە




**A—PTO دەستىسى**

2. PTO شافتىسىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن، PTO دەستىسى (A) نى ئالدىغا ياكى ئارقىغا يۆتكەڭ.
3. PTO مەشغۇلات قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ماتور سۈرئىتىنى ھەر مىنۇتتا 540 قېتىم ئايلىنىشتىن 1990 قېتىم ئايلىنىشقا، ھەر مىنۇتتا 720 قېتىم ئايلىنىشتىن 2025 قېتىم ئايلىنىشقا ئاشۇرۇڭ.
4. PTO دىن ئاجرىتىش ئۈچۈن، PTO دەستىسى (A) نى بوش خوت ئورنىغا سىلىڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: ماتورنى توختىتىش ئۈچۈن، ئاچقۇچنى تاقاش ئورنىغا بۇراڭ. تورمۇز پېدالىنى دەسسەڭ ۋە پارك تورمۇزىنى قوللىنىڭ. ماشىنىنى يۇيۇش ياكى PTO ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان دېھقانچىلىق جابدۇقىنى تەڭشەشتىن بۇرۇن، بارلىق مېخانىكىلىق سىستېمىلارنىڭ تولۇق توختىغان بولۇشىغا جەزىم قىلىڭ.**

N400041,0001FC0-UG-01JUN15-2/2

## PTO مۇفتىسىنىڭ كونترول دەستىسىنى تەڭشەش




1. PTO مۇفتىسىنىڭ كونترول دەستىسى (A) نى بوشخوت ئورنى (ئوتتۇرا ئورۇن) غا تەڭشەڭ.

**A—PTO دەستىسى**

N400041,0001FC1-UG-11MAR15-1/2




2. پانا پىن (C) ۋە پىن (B) چىقىرىڭ.
3. PTO دەستىسى (A) نى تۆگۈن ئۇچى (F) دىن ئاجرىتىڭ.
4. PTO دەستىسى (A) نى تاكى ئۇنىڭ ئەركىن تاكتى ئاخىرلاشقان (يەنى قارشىلىق ھېس قىلىنغانغا) قەدەر مىدىرلىتىڭ.
5. قۇلۇپلاش گايكىلىرى (D) نى بوشىتىڭ.
6. PTO دەستىسى (A) غا تۆگۈن ئۇچى (F) چېتىلغان قىلىپ چىگىتقۇچ (E) نى تەڭشەڭ.
7. پىن (B) نى تۆگۈن ئۇچى (F) ۋە PTO دەستىسى (A) لاردىن ئۆتكۈزۈپ بېكىتىڭ.
8. پانا پىن (C) نى بېكىتىڭ.

**A—PTO دەستىسى**
**B—پىن**
**C—پانا پىن**
**D—گايكا (2 دانە)**
**E—چىگىتقۇچ**
**F—تۆگۈن ئۇچى**

N400041,0001FC1-UG-11MAR15-2/2

# تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىقى

## ماكسىمۇم ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە ئېرىشىڭ

مۇۋاپىق باللاستلاش تراكتورنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىراكتورنىڭ ئېغىرلىقى مەشغۇلاتقا ماس كەلسە ئاندىن ئەڭ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

John Deere نىڭ FOM يەنى "ماشىنا مەشغۇلات ئاساسلىرى" ناملىق نەشىر بۇيۇملىرىدا دېھقانچىلىق سۇبيېكتىپلىرىغا ئائىت تەپسىلىي ئۇچۇرلار تەمىنلەنگەن. «تىراكتور» دېگەن مەزمۇندا تىراكتورنىڭ ئېغىرلىقىنى توغرا بېكىتىش ۋە باللاست تاللاش ئۇسۇللىرى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. "ماشىنا باشقۇرۇش" بولسا تىراكتور بىلەن دېھقانچىلىق جابدۇقىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش يوللىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (سىز مەزكۇر ئىشلىتىش قوللانمىسىنىڭ ئاخىرىدىكى جەدۋەلنى ئىشلىتىپ بۇ نەشر بۇيۇملىرىنى زاكاز قىلسىڭىز بولىدۇ. )

بۇلار توغرىسىدا جون دىئىر سودىگىرى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

N400041,0001FC2-UG-11MAR15-1/1

## تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچنى ئېھتىيات بىلەن تاللاڭ

خىزمەتكە زۆرۈر بولغان تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچنىڭ ئېغىرلىقىنى تاللاڭ. مەلۇم بىر تۈردىكى ئىشقا توغرا كەلگەن تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئېغىرلىقى يەنە بىر ئىشقا نىسبەتەن توغرا بولماسلىقى مۇمكىن. تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ تىراكتورنىڭ تارتىش كۈچىنى ۋە مۇقىملىقىنى ياخشىلايدۇ.

تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار:

- تۇپراق يۈزى: يۇمشاق ياكى قاتتىق.
- دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ تىپلىرى: تولۇق ئورنىتىلغان، يېرىم ئورنىتىلغان ياكى سۆرەلگەن.
- ھەيدەش تېزلىكى: تۆۋەن سۈرئەت ياكى يۇقىرى سۈرئەت.
- تىراكتورنىڭ قۇۋۋەت چىقىرىشى: قىسمەن يۈكلەنگەن ياكى تولۇق يۈكلەنگەن.
- بالون: يەككە بالون، زىيادە چوڭ بالون ياكى قوش بالون.

N400041,0001FC3-UG-11MAR15-1/1

## تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئېغىرلىقنى يۈككە ماسلاشتۇرۇش

ئەگەر زۆرۈر تېپىلمىسا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ئىشلەتمەڭ؛ ھېچ زۆرۈرىيىتى قالمىسا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقنى ئېلىۋېتىڭ.

تىراكتورغا ئېغىر يۈك باسماڭ، مۇمكىن بولسا يۈكنى يېنىكلىتىڭ. يېنىك يۈك بىلەن يۇقىرى سۈرئەتتە مەشغۇلات قىلىش، تېخىمۇ تېجەشلىك ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

| | بەك ئاز تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ | | تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ بەك كۆپ |
|---|---|---|---|
| 1. | چاق پات-پات تېيىلىپ كېتىش | 1. | يۈك ئېشىپ كەتكەن |
| 2. | ئارىلاشما تۇپراق سەۋەبىدىن قۇۋۋەت كېمىيىش | 2. | چىشلىق چاق ساندۇقىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىدۇ |
| 3. | بالون زىيادە ئۇپراش | 3. | ئارتۇق يۈك كۆتۈرۈش سەۋەبىدىن قۇۋۋەت خوراش |
| 4. | يېقىلغۇ ئىسراپ بولۇش | 4. | بالون چىگىپ كېتىش |
| 5. | ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەش | 5. | تۇپراق چىڭدىلىپ كېتىش |
| | | 6. | يېقىلغۇ ئىسراپ بولۇش |
| | | 7. | ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش |

N400041,0001FC4-UG-11MAR15-1/1

## تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئېغىرلىقنى تەكشۈرۈش

تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقنىڭ توغرىلىقىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ھەيدەش چاقىنىڭ يۈرۈشتىكى كېمىيىش (چاق تېيىلىش) مىقدارىنى ئۆلچەشتىن ئىبارەت. نورمال ئېتىز شارائىتىدا، ئىككى چاق تارتىدىغان (2WD) تىراكتورنىڭ ھەرىكەت يوقىتىش نىسبىتى 15%-10 كىچە بولىدۇ، تۆت چاق تارتىدىغان (4WD) تىراكتورنىڭ بولسا 12%-8 غىچە بولىدۇ. ئەگەر چاقنىڭ تېيىلىشى ئېغىر بولسا، تىراكتورنىڭ يېتەكچى چاقىغا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ قوشۇڭ. ئەگەر چاقنىڭ تېيىلىشى ئەڭ تۆۋەن تەلەپتىن ئاز بولسا، تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئېلىۋېتىڭ.

N400041,0001FC5-UG-11MAR15-1/1

## ئارقا چاقنىڭ تېيىلىش نىسبىتىنى ئۆلچەك - قول بىلەن




PUC1450—UN—21NOV08

**A—دەسلەپكى بالون بەلگىسى**
**B—يەردىكى باشلىنىش نۇقتىسى**
**C—10 قېتىم ئايلانغاندىن كېيىنكى يەردىكى بەلگە**
**D—بالوندىكى ئىككىنچى بەلگە**

1. ئارقا بالونغا ياخشى كۆرۈنىدىغان بىر بەلگە (A) نى سىلىڭ (بور بىلەن بەلگە سېلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ).
2. تراكتور مېڭىۋاتقان ۋە دېھقانچىلىق جابدۇقى يەرگە چۈشۈرۈلگەن ئەھۋالدا، يەرنىڭ ئۈستىگە بىر بەلگە (B) نى سىزىپ ئۇنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەڭ. ئۇ نۇقتا چوقۇم بالوندىكى بەلگە (A) يەر بىلەن تېگىشكەن جايدا بولىشى كېرەك.
3. بالوندىكى بەلگە (A) 10 قېتىم ئايلانغان ۋاقىتتا، يەرنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر بەلگە (C) نى سىزىڭ.
4. دېھقانچىلىق جابدۇقىنى كۆتۈرۈڭ ۋە قارشى يۆنىلىشكە ھەيدەڭ. يەردىكى ئىككىنچى بەلگە (C) بىلەن تېگىشكەن ۋاقىتتا، بالونغا ئىككىنچى بەلگە (D) نى سىلىڭ.
5. (دېھقانچىلىق جابدۇقى كۆتۈرۈلگەن ھالەتتە) تراكتورنى ئوخشاش يولدا تاكى باشلىنىش نۇقتىسى (B) غا ھەيدەپ يېتىپ بارغۇچە بالوننىڭ قانچە قېتىم ئايلىنىدىغانلىقىنى ساناپ چىقىڭ.
6. يۆكسىز چاقنىڭ ئايلىنىش قېتىم سانىدىن پايدىلىنىپ، تۆۋەندىكى "چاقنىڭ تېيىلىش نىسبەت جەدۋىلى" ئىچىدىن تېيىلىش نىسبىتىنى تېپىپ چىقىڭ.

ئىزاھات: 2 چاقى ئىتتىرىدىغان تراكتور ئۈچۈن، ئەڭ ياخشى بالوننىڭ تېيىلىش نىسبىتى 10-15% گىچە؛ MFWD تراكتورى ئۈچۈن بولسا 8-12% گىچە بولىدۇ.

7. باللاستلاش ياكى يۆكنى تەڭشەش ئارقىلىق، تېيىلىش نىسبىتىنى توغرىلاڭ.

ئىزاھات: ناۋادا بالوننىڭ تېيىلىش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن تېيىلىش نىسبىتىدىنمۇ بەكرەك تۆۋەنرەك بولسا، بۇ قۇۋۋەتنىڭ پەۋقۇلئاددە يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

| بالوننىڭ تېيىلىش نىسبەت جەدۋىلى | | |
|---|---|---|
| يۆكسىز چاقنىڭ ئايلىنىش قېتىم سانى ( 5- قەدەم) | مۆلچەردىكى تېيىلىش پىرسەنتى (%) | تەۋسىيەلىك ھەرىكەت |
| 10 | 0 | تەكشۈكىلاشتۇرغۇچنى ئېلىۋېتىڭ |
| 9-1/2 | 5 | تەكشۈكىلاشتۇرغۇچنى ئېلىۋېتىڭ |
| 9 | 10 | توغرا تەكشۈكىلاشتۇرغۇچ |
| 8-1/2 | 15 | توغرا تەكشۈكىلاشتۇرغۇچ |
| 8 | 20 | تەكشۈكىلاشتۇرغۇچ قوشۇڭ |
| 7-1/2 | 25 | تەكشۈكىلاشتۇرغۇچ قوشۇڭ |
| 7 | 30 | تەكشۈكىلاشتۇرغۇچ قوشۇڭ |

N400041,0001FC6-UG-11MAR15-1/1

## تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچنىڭ چېكى

باللاستلاش چوقۇم بالونلار ۋە تراكتورنىڭ كۆتۈرۈش قۇدرىتىگە ئاساسلانغان بولىشى كېرەك. ھەربىر بالوننىڭ تەۋسىيە قىلىنغان كۆتۈرۈش قۇدرىتى بار بولۇپ، بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىك لازىم ("چاقلار، بالونلار ۋە چاق ئارىلىقى" دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ). ئەگەر ئىتتىرىش ئۇنۇمى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق قېتىشقا توغرا كەلسە، چوڭراق بالوننى ئويلىشىش كېرەك.

سۇيۇق ياكى چويۈن تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقنى قېتىشقا بولىدۇ.

N400041,0001FC7-UG-11MAR15-1/1

## توشۇش ئۈچۈن ئالدىغا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىقى قوشۇش

**ئاگاھلاندۇرۇش: ئارقىغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق جابدۇقىنى توشۇش ئۈچۈن ئالدى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئېغىرلىقىغا ئېھتىياج تۇغۇلۇشى مۇمكىن. چاتما سايمان يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە، قانچىلىك تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ قوشۇلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا ماڭغاندا ئاستا ھەيدەڭ.**

**ئاگاھلاندۇرۇش: مۇۋاپىق كۆتۈرۈش ئۇسكۈنىسى ئىشلىتىڭ.**

**ئۆلچەم**

ئالدى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىقى— ماسسا. . . . . ئۆلچەم: 0; ئىختىيارى: 91 kg (201 lb.) (7 دانە) ياكى 104 kg (229 lb.) (8 دانە)

كۆپ بولغاندا 8 دانە تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق قېتىشقا بولىدۇ.

1. ئالدى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىق براكېتى (A) ۋە ئاساسىي تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىقنى بېكىتىڭ.
2. قوشۇمچە تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق (D) نى تەلەپ بويىچە بېكىتىڭ.
3. تەخسە (B) ۋە بولتا (C) نى بېكىتىڭ. بولتا (C) نى چىڭىتىڭ.




PUC1868—UN—13FEB09

**A**—ئالدى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىق براكېتى
**B**—تەخسە
**C**—بولتا (2 دانە)
**D**—تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىقى

JL31334,0000AC3-UG-03JUL15-1/1

## تراكتورغا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق قوشۇش

تېخىمۇ مۇقىمراق بولىشى ئۈچۈن، تراكتورنىڭ ئالدى ئۇچىغا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق قوشۇڭ. ئېغىر يۈك سۆرىگەندە ۋە ئارقىغا ئېغىر سايمان چېتىلغاندا، ئالدى چاقلارنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولىدۇ. رول كونتروللىقىنى ياخشىلاش ۋە ئۆكتۈرۈلۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يېتەرلىك تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ قوشۇڭ.

سىز ئىشلىتىۋاتقان تىراكتورنىڭ تىپىغا ئەڭ ئاز بولغاندا قانچە دانە ئالدى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ لازىم بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن چاتما سايماننىڭ ئىشلىتىش قوللانمىسىغا قاراڭ.

N400041,0001FC9-UG-11MAR15-1/1

## ئارقىنىڭ ئەڭ چوڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىقىغا ھۆكۈم قىلىش

**مۇھىم: بالوننىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇۋەتمەڭ. جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن ماكسىمۇم تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ بىخەتەرلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا يېتەرلىك ئەمەس. يۈكنى ئازايتىڭ ياكى ئېغىرراق كۆپ قاتلاملىق بالون ئورنىتىڭ.**

**تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق بەك كۆپ بولۇپ كەتسە تۇپراق چىڭدىلىپ كېتىشى، ئەگىلىش قارشىلىقى ئېشىپ كېتىشى ھەمدە ھەيدەش لىنىيىسىنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ كېتىشى مۇمكىن. تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ھەرگىزمۇ ئۈچىنچى خوتتا ئۈزلۈكسىز تولۇق قۇۋۋەت يۈكىنى ئىتتىرىشكە كېتەرلىك ئېغىرلىقتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. دەسلەپكى ئۈچ خوتتا ئېغىر يۈك تارتىۋاتقان ۋاقىتتا، ئەگەر تراكتور ماتورى بەك ئىنجىقلاپ كەتسە تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقنى ئېلىۋېتىڭ.**

**تىراكتور سائىتىگە 7 كىلومېتىرلىق (4.3 mph) تېزلىكتە كېتىۋاتقان ۋاقىتتا، ئارقا چاقتىكى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ماتور بەلگىلىگەن سۈرئەتتە تولۇق يۈكنى سۆرىيەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر يۈرۈش تېزلىكى سائىتىگە 7 كىلومېتىردىن (4.3 mph) تۆۋەن بولسا، ماتور تەرتىپسىز مەشغۇلات قىلىدۇ ياكى ئوتى ئۆچۈپ قالىدۇ، بۇ ئارقا چاقتىكى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.**

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ھەر بىر يەككە بالوننىڭ يۈك كۆتۈرۈش چېكى كۆرسىتىلدى.

| يەككە چاقنىڭ ئەڭ چوڭ يۈك كۆتۈرۈشچانلىقى | | |
|---|---|---|
| بالوننىڭ چوڭلۇقى ئاغما بېسىملىق بالون | قاتلام سانى | سىغىمى kg (lb.) |
| 9.5-24 R-1 | 8 | 940 (2072) |
| 9.5-24 PR-1 (شالىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق - ئىختىيارى) | 6 | 1315 (2899) |
| 11.2-24 R-1 | 8 | 1045 (2304) |
| 11.2-24 PR-1 (شالىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق - ئىختىيارى) | 6 | 1465 (3229) |

JL31334,0000AC5-UG-03JUL15-1/1

## ئالدىنىڭ ئەڭ چوڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش يۈكىنى بەلگىلەش

مەشغۇلات مۇھىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئالدىنىڭ ئەڭ چوڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش يۈكىنى بېكىتىڭ. 2WD تىپلىق تراكتورلارغا پەقەت ئۇنىڭ رولىنى بىخەتەر باشقۇرغىلى بولغىدەك دەرىجىدە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش يۈكى قېتىلسا بولىدۇ. ئېھتىياج بولمىغان ئەھۋالدا، تەڭپۇڭلاشتۇرۇش يۈكىنى ئېلىۋېلىش كېرەك.

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ھەر بىر يەككە بالوننىڭ يۈك كۆتۈرۈش چېكى كۆرسىتىلدى.

**مۇھىم: بالوننىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇۋەتمەڭ. ئەگەر يەككە بالوننىڭ تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن ئەڭ چوڭ يۈك كۆتۈرۈش چېكى بىخەتەرلىك ۋە مۇقىملىقنا كاپالەتلىك قىلالمىسا، تراكتوردىكى ئومۇمىي يۈكنى يەڭگىللىتىڭ ياكى يۈك كۆتۈرۈشچانلىقى تېخىمۇ چوڭراق بولغان بالونلارنى بېكىتىڭ.**

| يەككە چاقنىڭ ئەڭ چوڭ يۈك كۆتۈرۈشچانلىقى | | |
|---|---|---|
| بالوننىڭ چوڭلۇقى | قاتلام سانى | سىغىمى kg (lb.) |
| 5.00-15 F-1 | 4 | 365 (805) |
| 6.00-16 R-1 | 6 | 495 (1091) |
| 6.5-16 PR-1 (شالىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق - ئىختىيارى) | 6 | 565 (1245) |

JL31334,0000AC4-UG-03JUL15-1/1

## چويۈن تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئىشلىتىڭ

ئارقا چاقلارغا چويۈن تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇلارنى چاقنىڭ ئىچكى ياكى سىرتقى تەرىپىگە ئورنىتىشقا بولىدۇ. تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقلارنى ئىشلىتىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، John Deere سودىگىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**ئۆلچەم**

ئارقا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئېغىرلىق — ماسسا . . . . . . . . . ئۆلچەم: 80 kg (176 lb.) (2 دانە);
ئىختىيارى: 0 ياكى 160 kg (353 lb.) (4 دانە)
ياكى 240 kg (529 lb.) (6 دانە)

N400041,0001FCC-UG-11MAR15-1/1

## ئارقا چويۇن تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقنى ئورنىتىش

**مۇھىم: ئارقىغا ئورنىتىشقا بولىدىغان ئەڭ كۆپ تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقنىڭ سانى ھەر بىر بالون ئۈچۈن 4 دانە.**

**ئاگاھلاندۇرۇش: ھەربىر ئارقا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقى 40 كىلوگرام (88.2 قاداق) كېلىدۇ. ئېھتىيات بىلەن بىر تەرەپ قىلىڭ! مۇۋاپىق ئورنىتىش ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىڭ ياكى بۇ ئىشنى John Deere سودىگىرىگىزگە قىلدۇرۇڭ.**

1. گايكا ۋە بولتا (A) ئىشلىتىپ بىرىنچى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچنى (B) چاق كۇدىسىغا مۇقىملاشتۇرۇڭ.
2. باشقا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچنى ئورنىتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق گايكا ۋە بولتىلىرىنى ئىشلىتىڭ.
3. بارلىق بولتا، چىڭىتىش گايكىلىرىنى تەلەپ قىلىنغان تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ. بىر نەچچە مەشغۇلات سائىتىدىن كېيىن يەنە چىڭىتىڭ. بولتىلارنىڭ چىڭلىقىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ.




PUC1869—UN—13FEB09

**A**—گايكا ۋە بولتا (6 دانە)

**B**—ئارقا بىرىنچى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق

N400041,0001FCD-UG-11MAR15-1/1

## بالونلارنى بىخەتەر تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىڭ


TS211—UN—15APR13

**ئاگاھلاندۇرۇش: بالون ۋە رام زاپچاسلىرى پارتلاپ ئاجرىسا ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىش ياكى ئۆلۈم ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

**مۇۋاپىق ئۈسكۈنىڭىز ۋە بۇ ئىشنى قىلالىغۇدەك تەجرىبىڭىز بولمىسا، بالوننى ئېكىتىشكە ئۇرۇنماڭ.**

ھەمىشە توغرا بالون يەل بېسىمنى ساقلاڭ. بالونلارغا تەۋسىيە قىلىنغان بېسىمدىن ئارتۇق بېسىمدا يەل بەرمەڭ.

چاق ۋە بالون توپلىمىنى ھەرگىزمۇ كەپشەرلىمەڭ ياكى قىزدۇرماڭ. ئىسسىقلىق يەل بېسىمىنى يۇقىرىلىتىۋېتىدۇ، ئاقىۋەتتە بالون پارتلاش كېلىپ چىقىدۇ. كەپشەرلەش بولسا چاق قۇرۇلمىسىنى ئاجىزلىتىشى ياكى چاقنى مايماق قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

بالونغا يەل ئۇرغاندا، قىسىش بېشى ۋە يېتەرلىك ئۇزارتىش شىلانكىسى ئىشلىتىڭ، ئۆزىڭىز بىر ياندا تۇرۇڭ، بالون قۇرۇلمىسىنىڭ ئالدى ياكى ئۈستىدە تۇرماڭ. ئەگەر شارائىت بولسا بىخەتەرلىك قاشاسى ئىشلىتىڭ.

چاقلارنى تەكشۈرۈپ يەل بېسىمى تۆۋەنمۇ، كېسىلىش، كۆپۈپ قېلىش، گەردىش بۇزۇلغانمۇ ياكى بولتا ۋە گايكىلار تولۇقمۇ قاراپ چىقىڭ.

N400041,0001FCE-UG-11MAR15-1/1

## سايمان-بالون ئارىلىقىنى تەكشۈرۈڭ



M47177—UN—31JAN92

**مۇھىم: چاتقۇچ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە، بالوننىڭ سىرتقى دىيامېتىر بىلەن سايمان ئارىسىدىكى ئارىلىق (A) يېتەرلىكمۇ ئەمەس تەكشۈرۈڭ.**

**3 پۇتلۇق چاتقۇچ سەپلەنگەن تىراكتورغا دىيامېتىرى چوڭ بولغان ئارقا بالون ئورنىتىلغان ۋاقىتتا، چاتما سايمان بىلەن بالون ئارىسىغا يېتەرلىك ئارىلىق تەمىنلەش ئۈچۈن، تېز ئۇلىغۇچ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپ قىلىنىشى مۇمكىن.**

A—بوشلۇق

N400041,0001FCF-UG-11MAR15-1/1

## بالوننىڭ يەل بېسىمىنى تەكشۈرۈڭ

بالونلاردا بۇزۇلۇش بار-يوقلىقى ياكى يەل بېسىمى زىيادە تۆۋەنلەپ كەتكەن-كەتمىگەنلىكىنى كۆندە تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ.

ئاز دېگەندە ھەر 100 مەشغۇلات سائىتى توشقاندا، ئۆلچىگۈچ ئىشلىتىپ يەل بېسىمىنى تەكشۈرۈڭ. 10 كىلوپاسكاللىق (0.1 bar) (1 psi) شكالىسى بار بولغان توغرا ئۆلچىگۈچ ئىشلىتىڭ.

ئەگەر بالوندا سۇيۇق ھالەتتىكى تەگپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق بولسا، مەخسۇس يەل-سۇيۇقلۇق مانومېتىرى ئىشلىتىش ئارقىلىق، تۆۋەن تەرەپتىكى يەل بېرىش ئېغىزىدىن ئۆلچەش ئېلىپ بېرىڭ.

ئىزاھات: دۆڭدە يەر ئاغدۇرغاندا ياكى مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا، بالوننىڭ قاتلىشىپ قېلىشى ياكى تولغىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بالون بېسىمىنى ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدىن يەنە 28 كىلوپاسكال (0.28 bar) (4 psi) ئاشۇرۇڭ.

**مۇھىم: يەل بېسىمىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، توغرا ئۆلچىگۈچ ئىشلىتىپ يەل بېسىمىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ. يەل بېسىمىنىڭ ئېشىپ كېتىشى تراكتورنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ ۋە بالون ۋە گەردىشىكە بېسىم چۈشۈرىدۇ.**

ئىزاھات: تۆۋەندىكى يەل بېسىمىغا ئائىت ئۇچۇرلار ئالدى ۋە ئارقا بالونلارغا ۋە بالون يەل بېسىمى جەدۋىلىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

1. بارلىق يەل بېسىمى سائىتىگە 29 كىلومېتىرلىق (18 mph) ھەيدەش سۈرئىتى ئاساسىدا ھېسابلانغان.
2. يەل بېسىمى جەدۋەلدە بېرىلگەنگە توغرىلانغان بالونلار ئارقىلىق ئەڭ ياخشى بالون ۋە ماشىنا ئۈنۈمدارلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.
3. تۆۋەن بېسىمدا، (بولۇپمۇ كلاپان مەركىزىدىن) يەل قېچىش كۆرۈلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، يەل بېسىمى 80 كىلوپاسكال (0.8 bar) (11.6 psi) دىن تۆۋەن بولغاندا قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم.
4. ئەگەر تىراكتور يانتۇلۇقتا مەشغۇلات قىلىۋاتقان بولسا، يەل بېسىمىنى جەدۋەلدىكى قىممەتتىن 28 كىلوپاسكال (0.28 bar) (4 psi) ئاشۇرۇش ئارقىلىق، توغرىسىغا ئېغىرلىق يۆتكىلىشكە تولۇقلىما بېرىڭ.
5. ئەگەر چاق ئۇلتىگى تولۇق جايلاشتۇرۇلمىسا ياكى بالون ئورناتقاندا بەك كۆپ سىلىقلاش مېيى ئىشلىتىلسە، يۇقىرى تارتىش كۈچى ئاستىدا ماگغان بالونلاردا ئۇلتاڭ تېيىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ تارتىش كۈچىنى كېمەيتمىسە، يەل بېسىمىنى ئاشۇرۇپ تولۇقلاڭ. ئەگەر بۇنداق مەسىلە كۆرۈلسە، بالون ساتقۇچىدىن مەسلىھەت سوراڭ.
6. ئەگەر يۇقىرى يۆك سىغىمى زۆرۈر بولسا، بالون ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ يۆك ۋە يەل ھەققىدىكى ئۇچۇرلىرى توغرىسىدا جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

N400041,0001FD0-UG-11MAR15-1/1

## بالون يەل بېسىم جەدۋىلى

| **ئالدى بالونلار** | | **تەگپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ئاز ياكى يوق، مەسىلەن، توشۇغاندا** | | | **ئەڭ چوڭ تەگپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق قېتىلغان ياكى ئېغىر دېھقانچىلىق جابدۇقى بېكىتىلگەن، مەسىلەن تېرىقچىلىقتا** | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بالوننىڭ چوڭلىقى | دەرىجىسى | kPa | (bar) | (psi) | kPa | (bar) | (psi) |
| 5.00-15 F-1 | 8 | 165-220 | (1.65-2.2) | (23.9-31.9) | 165-220 | (1.65-2.2) | (23.9-31.9) |
| 6.00-16 R-1 | 6 | 120-160 | (1.2-1.6) | (17.4-23.2) | 120-160 | (1.2-1.6) | (17.4-23.2) |
| 6.5-16 PR-1 شاللىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق | 6 | 120-160 | (1.2-1.6) | (17.4-23.2) | 120-160 | (1.2-1.6) | (17.4-23.2) |
| **ئارقا بالونلار** | | **تەگپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ئاز ياكى يوق** | | | **ئەڭ چوڭ تەگپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق قېتىلغان ياكى ئېغىر دېھقانچىلىق جابدۇقى بېكىتىلگەن، مەسىلەن تېرىقچىلىقتا** | | |
| بالوننىڭ چوڭلىقى | دەرىجىسى | kPa | (bar) | (psi) | kPa | (bar) | (psi) |
| 9.5-24 R-1 | 8 | 80-120 | (8-1.2.) | (11.6-17.4) | 80-120 | (8-1.2.) | (11.6-17.4) |
| 9.5-24 PR-1 (شاللىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق) | 6 | 80-120 | (8-1.2.) | (11.6-17.4) | 80-120 | (8-1.2.) | (11.6-17.4) |
| 11.2-24 R-1 | 8 | 80-120 | (8-1.2.) | (11.6-17.4) | 80-120 | (8-1.2.) | (11.6-17.4) |
| 11.2-24 PR-1 (شاللىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق) | 6 | 80-120 | (8-1.2.) | (11.6-17.4) | 80-120 | (8-1.2.) | (11.6-17.4) |

N400041,0001FD1-UG-11MAR15-1/1

## چاق (ئوق) چىگىتقۇچلىرىنى توغرا چىگىتىڭ

**ئاگاھلاندۇرۇش: گەردىشى، چاقى ۋە ياكى ئاكسىلى بوشاپ قالغان تراكتورنى ھەرگىزمۇ ھەيدەشكە بولمايدۇ.**

ھەرقانداق مىخ بوشاپ قالغان ھامان، ئۇنى تەلەپ قىلىنغان تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر بويىچە چىگىتىڭ.

ئىزاھات: يېڭى تراكتورنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن ياكى چاقنى چىقىرىپ ئالغان ۋاقىتلاردا، تەرتىپ بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىڭ.

1. تراكتورنى 100 مېتىر (328 فۇت) ھەيدىگەندىن كېيىن ۋە ئۇنىڭغا يۈك ئارتىشنىڭ ئالدىدا، مىخلارنى بەلگىلەنگەن مومېنت بويىچە چىگىتىڭ.
2. ئايرىم-ئايرىم ھالدا 3 سائەت ۋە 10 سائەت مەشغۇلات ئىشلىگەندىن كېيىن، مىخلارنى تەكشۈرۈڭ.
3. مىخلارنى قەرەللىك تەكشۈرۈڭ ھەمدە ئۇلارنى چىگىتىلگەن ھالەتتە ساقلاڭ.

N400041,0001FD2-UG-11MAR15-1/1

## گايكىلارنى چىڭىتىش - ئارقا ئاكسىل


N4A0002902—UN—10SEP13

تۆۋەندىكى ئورۇندىكى بولتىلارنى تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر بويىچە چىڭىتىڭ:

**ئۆلچەم**

هەيدەش شافتىسىنىڭ شادىسى ۋە چاق رامىنىڭ
تۇتتۇرما گايكىلىرى—مومېنتى . . . . . . . . . . . . . . . 146-180 N.m (107-132 lb.-ft.)
يېتەكچى چاق شادىسى ۋە يېتەكچى ئوقنى
چىڭىتىش گايكىسى—ئايلىنىش مومېنتى. . . . .. . . . 199-235 N.m (146-173 lb.-ft.)

**A—هەيدەش شافتىسىنىڭ شادىسى ۋە چاق رامىنىڭ تۇتتۇرما گايكىلىرى (12 دانە)**

**B—هەيدەش چاقىنىڭ شادىسى ۋە هەيدەش شافتىسى رامىنىڭ تۇتتۇرما گايكىلىرى (12 دانە)**

N400041,0001FD3-UG-11MAR15-1/1

## گايكىلارنى چىڭىتىش - MFWD ئاكسىل


PUC0018—UN—24MAR09

تۆۋەندىكى ئورۇنلاردىكى گايكىلارنى تېخنىكىلىق ئۆلچەمدىكى مومېنتى بويىچە چىڭىتىڭ:

**ئۆلچەم**

هەيدەش چاقىنىڭ شادىسى ۋە هەيدەش
شافتىسىنىڭ تۇتتۇرما گايكىلىرى—ئايلىنىش
مومېنتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 199-235 N.m (146-173 lb.-ft.)

**A—گايكا (12 دانە)**

N400041,0001FD4-UG-11MAR15-1/1

## گايكىلارنى چىڭىتىش - 2WD ئاكسىل


N4A0002903—UN—10SEP13

تۆۋەندىكى ئورۇندىكى بولتىلارنى تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر بويىچە چىڭىتىڭ:

**ئۆلچەم**

يېتەكچى چاقنىڭ شادىسى ۋە چاق كۆدىسىنىڭ
تۇتتۇرما گايكىلىرى—مومېنتى . . .. . . . . . . . . . . 199-235 N.m (146-173 lb.-ft.)

**A—يېتەكچى چاقنىڭ شادىسى ۋە چاق كۆدىسىنىڭ تۇتتۇرما گايكىلىرى (8 دانە)**

N400041,0001FD5-UG-11MAR15-1/1

## چاق ئارىلىقى تەڭشەكلىرى - كۆپ ئورۇنلۇق ئارقا چاقلار

كۆپ ئورۇنلۇق بالون قېتىلىدىغان ئارقا ئاكسىلنىڭ ئارىلىقىنى چاق گەردىشىنىڭ ئورنىنى قايتا بېكىتىش ياكى ئۇنى يەڭگۈشلەش ۋە ياكى چاق دىسكىسىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تەڭشەشكە بولىدۇ.

چاق ئارىلىقىنى يەنە تراكتورنىڭ بىر تەرىپىدىكى بالوننى يەنە بىر تەرەپكە تولۇق يۆتكەش ئارقىلىق تەڭشىگىلى بولىدۇ. (بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا، چاق دىسكىسى چاقنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى چۇۋۇلماي تۇرۇپمۇ پېتىنقى هالەتتىن كۆپۈنكى هالەتكە ئۆزگىرىدۇ. ) ئارقا چاقلارنى بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە يۆتكىگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنى بالون يۈزىدىكى كۆرسەتكۈچ بەلگە ئالدىغا قاراپ تۇرىدىغان هالەتتە ئورنىتىش كېرەك.

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە چاق دىسكىسى بىلەن گەردىشىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە بالون يۈزى كەڭلىكىنىڭ شۇنىڭغا ماس هالدا قانچىلىك ئۆزگىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىلدى.

ئەڭ ئۇنۇملۇك تەڭشەش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بالون يۈزىنىڭ كەڭلىكىنى تەڭشەشتىن ئاۋال مۇشۇ جەدۋەلدىن پايدىلىنىڭ.

N400041,0001FD6-UG-11MAR15-1/2 داۋامى كېيىنكى بەتتە




PUC5180—UN—29NOV10

A—بالون توپلىمى B—رام بولتىلىرى C—رام D—دىسكا

**مۇھىم: تەگشەش ئىلىپ بارغاندىن كىيىن، گەردىش-دىسكا بولتىلىرى ۋە دىسكا-گەردىش بولتىلىرىنى چىڭدىتىڭ. تىراكتورنى 100 مېتىر (328 فۇت) ھەيدەپ ئاندىن ئۇلارنى قايتا چىڭدىتىڭ.**

**ئۆلچەم**

ھەيدەش شافتىسىنىڭ شادىسى ۋە چاق رامىنىڭ
تۇتتۇرما گايكىلىرى—مومېنتى . . . . . . . . . . . . 146 ~ 180 N.m (107 ~ 132 lb.-ft.)
يېتەكچى چاق شادىسى ۋە يېتەكچى ئوقنى
چىڭدىتىش گايكىسى—ئايلىنىش مومېنتى. . . . . . 199 ~ 235 N.m (146 ~ 173 lb.-ft.)

| بالون يۈزىنىڭ كەڭلىكى (ئوتتۇرا سىزىقتىن ئوتتۇرا سىزىققىچە) | | |
|---|---|---|
| دىئاگرامما | بالون ئۆلچەملىرى | |
| | 9.5-24 R-1 | 11.2-24 R-1 |
| E | 1100 mm (43.3 in.) | 1130 (45.5 in.) |
| F | 1200 mm (47.2 in.) | 1230 (48.4 in.) |
| G | 1300 mm (51.2 in.) | 1330 (52.4 in.) |
| H | 1400 mm (55.1 in.) | 1430 (56.3 in.) |

N400041,0001FD6-UG-11MAR15-2/2

## ئالدى چاق ئارىلىقىنى تەڭشەش (2WD)




PUC0041—UN—03APR09




PUC0019—UN—24MAR09

A—گايكا (6 دانە)
B—يەڭ
C—قالپاقلىق ۋىنتىلار (6 دانە)
D—ئالدى ئاكسىل لىمى
E—قىسماق ۋىنتىلار (2 دانە)
F—قۇلۇپلاش گايكىلىرى
G—دەستە

ئالدى ئاكسىلنىڭ ھەر ئىككى ئۇچىنى 100 مىللىمېتىر (in. 3.94) ئۇزارتىشقا بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا تەڭشەلگەن بولىشىغا جەزىم قىلىڭ.

1. دامكىرات ئىشلىتىپ تىراكتورنىڭ ئالدى قىسمىنى كۆتۈرۈڭ.
2. قالپاقلىق ۋىنتىلار (C) ۋە قۇلۇپلاش گايكىلىرى (A) نى چىقىرىڭ.
3. ئالدى ئاكسىل لىمى (D) دىن يەڭ (B) نى چىقىرىڭ.
4. تۇتاشتۇرۇش كالتىكىدىكى تۆگۈنىدىن قىسماق ۋىنتىلار (E) نى، ھەمدە تارتىش تۆگۈنى (G) دىن قۇلۇپلاش گايكىلىرى (F) نى چىقىرىڭ.
5. ئاكسىلنىڭ تىزىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنغا سۈرۈڭ. ئىككى تەرەپتىكى بوشلۇق چوقۇم ئوخشاش تەڭشىلىشى كېرەك.
6. يەڭ (B) نى ئالدى ئاكسىل لىمى (D) غا بېكىتىڭ. ھەر ئىككى تەرەپتىكى قالپاقلىق ۋىنتىلار (C) ۋە گايكىلار (A) نى بېكىتىڭ. قالپاقلىق ۋىنتىلار (C) نى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

ئالدى ئاكسىل-تىز ۋىنتىلىرى (C) نى
تەڭشەك—مومېنتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 144- 160 N.m ( 106- 118 lb.-ft.)
تۇتاشتۇرۇش كالتىكىدىكى قىسماق ۋىنتىلار
(E)—مومېنتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 90 N.m (66 lb.-ft.)

7. كالاڭنى تەڭشەڭ. تراكتور ئاكسىلنىڭ تىپىغا ئاساسەن، "كالاڭنى تەكشۈرۈش ۋە تەڭشەش" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

N400041,0001FD7-UG-11MAR15-1/1

## كالاڭنى تەكشۈرۈش




PUC5181—UN—30NOV10

MFWD




PUC5182—UN—30NOV10

2WD

1. ماشىنىنى تەكشى يەرگە مۇقىم توختىتىڭ.
2. رولنى بۇراپ، ئالدى چاقلارنى چاق بېشى ئالدى تەرەپكە توپتوز قاراپ تۇرغان ھالەتكە توغرىلاڭ. موتورنى ئۆچۈرۈڭ.
3. رەسىم (A) دا كۆرسىتىلگەن بويىچە، ئالدى ئوقنىڭ ئېگىزلىكىدە ۋە ئالدى ئوقنىڭ ئالدى تەرىپىدە تۇرۇپ ئىككى بالوننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ئۆلچەپ چىقىڭ. ھاسىل بولغان سانلىق قىممەتنى خاتىرىلەڭ ۋە بالونلاردىكى ئۆلچەش نۇقتىسىغا بەلگە سىزىپ قويۇڭ.
4. ئاندىن تاكى بالونلارغا سىزىلغان بەلگە ئالدى ئوقنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتكەنگە قەدەر، تراكتورنى تەخمىنەن 1 m (3 ft.) ئارقىغا ياندۇرۇڭ. بالونلارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى يەنە بىر قېتىم ئۆلچەڭ. ھاسىل بولغان سانلىق قىممەتنى خاتىرىلەڭ.
5. ئالدى ئارقا نۇقتىلاردىن ئۆلچەنگەن سانلىق قىممەتلەردىكى پەرقنى ھېسابلاپ چىقىڭ. ئەگەر ئالدىدىكى قىممەت كىچىكرەك چىقسا، ئۇ "ئىچ كالاڭ" بولىدۇ. ئەگەر ئارقىدىكى قىممەت كىچىكرەك چىقسا، ئۇ "تاش كالاڭ" بولىدۇ.
6. ئالدى بالونلارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۆلچەنگەن ئارىلىق، ئارقا بالونلارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۆلچەنگەن ئارىلىقتىن چوقۇم 3-11 mm كىچىكرەك بولىشى كېرەك. ئالدىن چەكلەش مىقدارىنى مۇۋاپىق تەڭشەڭ. (بۇ بۆلەكتىكى ئالاقىدار ئىش تەرتىپلىرىدىن پايدىلىنىڭ. )

N400041,0001FD8-UG-11MAR15-1/1

## ئىچ كالاڭنى تەڭشەش (2WD)




PUC0021—UN—24MAR09

1. تۇتاشتۇرۇش كالتىكى (C) دىكى گايكىلار (A) نى بوشىتىڭ.
2. ئۇزارتقۇچ (B) نى ئىشلىتىش ئارقىلىق، تراكتورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۇتاشتۇرۇش كالتەكلىرىنى تەپمۇتەڭ ئۇزارتىڭ ياكى قىسقارتىڭ. ئىچ كالاڭنى 3-11 مىللىمېتىرغا تەڭشەڭ.
3. تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، گايكىلارنى چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

تۇتاشتۇرۇش كالتىكىدىكى گايكىلار—مومېنتى . . . . . . . 90 نيۇتون مېتىر (66 قاداق-فۇت)

**A—گايكا (2 دانە)**
**B—ئۇزارتقۇچ**
**C—تۇتاشتۇرۇش كالتىكى**

JL31334,0000AB3-UG-01JUL15-1/1

## ئىچ كالاڭنى تەڭشەش ( MFWD- ئەگەر سەپلەنگەن بولسا)

1. يەڭ (A) نىڭ قۇلۇپلاش گايكىلىرى (B) نى بوشىتىڭ.
2. رولنىڭ چېتىش دەستىسىنى (C) ئايلاندۇرۇڭ ۋە ئىچ كالاڭنى تەڭشەڭ.
3. تىراكتورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى رولنىڭ چېتىش دەستىسىنى ئوخشاش تەڭشەڭ. ئىچ كالاڭنى تەڭشەپ 11-3 مىللىمېتىرغىچە ئەكىلىڭ.
4. تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، گايكىلارنى چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

رول چاتما دەستىسىنىڭ گايكىسى—ئايلىنىش
مومېنتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 50 N.m (35 lb.-ft.)




PUC1872—UN—13FEB09

**A—يەڭ**
**B—گايكا (2 دانە)**
**C—تۇتاشتۇرۇش كالتىكى**

N400041,0001FDA-UG-11MAR15-1/1

## بىخەتەرلىك چىراغلىرى ۋە ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىتىڭ



TS951—UN—12APR90

يولدىكى باشقىلارغا سوقۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ. سايمان ياكى ئۇسكۇنە چېتىلغان ھەممە ئۆزى ماڭىدىغان ماشىنىنى يولدا ھەيدىگەندە ئاستا مېڭىڭ. ئارقىدىكى قاتناش ئەھۋالىنى پات-پات كۆزىتىپ تۇرۇڭ، بولۇپمۇ بۇرۇلغاندا بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنى ئىشلىتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

ئالدى چىراغ، چاقنايدىغان ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغى ۋە بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنى كۈندۈز ۋە كېچىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. تۇرۇشلۇق جايدىكى ئۇسكۇنىلەرنى يورۇتۇش ۋە بەلگە ئىشلىتىشكە ئائىت قائىدە-نىزاملارغا رىئايە قىلىڭ. باشقىلار سىزنىڭ چىراغ ياكى بەلگىڭىزنى ئېنىق كۆرەلىسۇن. ئۇلارنى ياخشى ھالەتتە ساقلاڭ. بۇزۇلغان ياكى يوقاپ كەتكەن چىراغ ۋە بەلگىلەرنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ ياكى رېمونت قىلىڭ. جون دىئېر سودىگىرى ئۇسكۇنىلەرنى بىخەتەر يورۇتۇش يۈرۈشلۈك سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

N400041,0001FDB-UG-11MAR15-1/1

## بىخەتەرلىك زەنجىرىنى ئىشلىتىڭ



TS217—UN—23AUG88

مۇبادا سۆرەش تايىقىدىن تاسادىپىي ئۈزۈلۈپ كەتسە، بىخەتەرلىك زەنجىرى سۆرەلگەن سايماننى كونترول قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ.

مۇۋاپىق ئۇلىغۇچ ئىشلىتىپ بىخەتەرلىك زەنجىرىنى تىراكتورنىڭ ئىلغۇچ رامكىسىغا چېتىڭ ياكى باشقا بەلگىلەنگەن لەڭگەر ئورنىغا چېتىڭ. زەنجىرنىڭ ئايلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك بوش ئورۇن بېرىڭ.

جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بەلگىلەنگەن كۆچى تارتىپ ماڭغان ماشىنىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىغا تەڭ ياكى چوڭ بولغان بىخەتەرلىك زەنجىرى ئېلىڭ. ھەرگىز بىخەتەرلىك زەنجىرىنى ئىشلىتىپ سايمان سۆرىمەڭ.

N400041,0001FDC-UG-11MAR15-1/1

## تراكتورنى يولدا ھەيدەش




N4A003887—UN—11NOV14

A—ئاگاھلاندۇرۇش چىراغلىرى
B—قۇيرۇق چىراغلىرى

**ئاگاھلاندۇرۇش: تراكتورنى يولدا مەشغۇلات قىلدۇرغاندا تۆۋەندىكى تەرتىپلەرگە رىئايە قىلىڭ.**

1. تراكتورنى يولدا مەشغۇلات قىلدۇرۇشتىن بۇرۇن، قۇيرۇق چىراغلىرى (B) ۋە چاقماق چىراغلىرى (A) نى نورمال ئىشلىگەن بولىشىغا جەزىم قىلىڭ. بىخەتەرلىك كۆرسەتمىلىرى ۋە يەرلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن نۇر قايتۇرغۇچ ۋە قوشۇمچە يورۇتۇش ئۇسكۇنىسى ئورنىتىڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: تىراكتورنى يۆتكىگەندە ھەرگىز نۇر قايتۇرغۇچ (ئەگەر سەپلەنگەن بولسا) ئىشلەتمەڭ. تىراكتورنىڭ ئارقا قىسمىدىكى بەك يورۇق چىراغ نۇرى ئارقىڭىزدىن كېلىۋاتقان باشقا شوپۇرلارنىڭ كۆزىنى چېقىشى مۇمكىن. يۆتكىگەندە يول چىراغلىرىنى ئىشلىتىڭ.**

**مۇھىم: يورۇتۇش مەشغۇلاتلىرى ۋە فۇنكسىيىلىرى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن "چىراغلار" دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ.**

N400041,0001FDD-UG-11MAR15-1/6

داۋامى كېيىنكى بەتتە




N4A0003875—UN—11NOV14

2. ئايلانغاندا دائىم بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنى ئىشلىتىڭ. بۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇش سىگنال ئۈزچاتى (A) نىڭ قول بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئورۇنغا يۆتكەلگەن بولىشىغا جەزىم قىلىڭ.

**A—بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغىنىڭ ئۈزچاتى**

N400041,0001FDD-UG-11MAR15-2/6




PUC5045—UN—05OCT10

3. تىراكتورنى يولدا ھەيدەشتىن بۇرۇن، قۇلۇپلاش دەستىسى (A) ئارقىلىق تورمۇز پېداللىرىنى ئۆزئارا چېتىپ قويۇڭ ۋە كۇلۇچ ئارقىلىق بولتىلارنى چىڭىتىڭ. تۇيۇقسىز تورمۇز قىلىشتىن ساقلىنىڭ.

**A—تورمۇز پېدالىنى قۇلۇپلاش تايىقى**

N400041,0001FDD-UG-11MAR15-3/6




PUC5047—UN—08OCT10

**A—MFWD دەستىسى**

4. قاتتىق يول ئۈستىدە يۆتكىگەندە، MFWD نىڭ دەستىسىنى (A) ئۈزۈۋېتىڭ.

5. بىخەتەرلىك ئۈچۈن دائىم ئاستا ھەيدەڭ. دۆڭدە ياكى ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا ھەيدىگەندە ياكى تېز ئايلانغاندا ئاستا ھەيدەڭ، بولۇپمۇ ئارقىغا ئېغىر دېھقانچىلىق جابدۇقى چېتىلغاندا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ.

6. دۆڭدىن ھەيدەپ چۈشۈشتىن ئاۋال، سۈرئەتنىڭ تورمۇز قىلماي تۇرۇپمۇ تىزگىنلىنىشى ئۈچۈن، تۆۋەنرەك خوتقا سىلىڭ. ھەرگىزمۇ دۆڭدىن خالاستوي قىلىپ چۈشمەڭ. بۇ مۇفتا سۈركىلىش دىسكىسىنىڭ سۈرئىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ ۋە مۇفتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

7. مۇز ياكى شېغىللىق دۆڭ يولدا يۆتكىگەندە، تىراكتورنىڭ تېيىلىپ كېتىشىدىن پەخەس بولۇڭ، كونترولluğنى يوقىتىش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. تېيىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ئىشلىتىپ تىراكتورنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىڭ.

N400041,0001FDD-UG-11MAR15-4/6

داۋامى كېيىنكى بەتتە

**ئاگاھلاندۇرۇش: بېخەتەرلىك زەنجىرى بولسا سۆرۈلىدىغان دېھقانچىلىق جابدۇقى سۆرەش تايىقىدىن تاسادىپىي ئاجراپ كېتىپ قالسا ئۇنى تىزگىنلەشكە ياردەم بېرىدۇ. مۇۋاپىق كوننېكتور ئىشلىتىپ بېخەتەرلىك زەنجىرىنى تراكتورنىڭ سۆرەش تايىقىنىڭ رامكىسىغا ياكى باشقا بەلگىلەنگەن لەڭگەر ئورنىغا چېتىڭ. زەنجىرنىڭ ئايلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك بوش ئورۇن بېرىڭ. جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، بەلگىلەنگەن كۈچى تارتىپ ماڭغان ماشىنىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىغا تەڭ ياكى چوڭ بولغان بېخەتەرلىك زەنجىرى ئېلىڭ. ھەرگىز بېخەتەرلىك زەنجىرىنى ئىشلىتىپ سايمان سۆرىمەڭ.**

**مۇھىم: بېخەتەرلىك زەنجىرى پەقەت يۆتكەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى سايماننى ياكى باشقا ئورنىتىلغان نەرسىلەرنى تارتىش ياكى سۆرەش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. بولمىسا، ئۇ تىراكتورنى بۇزۇپ قويىدۇ.**

8. سۆرەلگەن يۈكنى يۆتكەش ئۈچۈن:

ئىلغۇچ مىخىنى (A) جايىغا قۇلۇپلاڭ. بېخەتەرلىك زەنجىرى بولسا




LV4421—UN—02NOV99

A—سۆرەش تايىقىنىڭ پېنى

سۆرۈلىدىغان ئۇسكۈنە سۆرەش تايىقىدىن تاسادىپىي ئاجراپ كېتىپ قالسا ئۇنى تىزگىنلەشكە ياردەم بېرىدۇ.

N400041,0001FDD-UG-11MAR15-5/6

**ئاگاھلاندۇرۇش: يانتۇلۇق دەرىجىسى، سۆرەپ ماڭغان يۈكنىڭ ئېغىرلىقى ۋە مېڭىش سۈرئىتىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، تورمۇزلاپ توختىتىش ئارىلىقىمۇ ئۇزىرىپ بارىدۇ. ئەگەر سۆرىلىدىغان يۈك تورمۇز سەپلەنگەن ياكى سەپلەنمىگەن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر تراكتورغا نىسبەتەن ئېغىر بولسا ياكى يۈك توشۇش سۈرئىتى بەك تېز بولۇپ كەتسە، ئۇ تراكتورنىڭ كونتروللۇقتىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىشى مۇمكىن. ئۇسكۈنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يۈكىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىنى ياخشى ئويلىشىڭ.**

**تۆۋەندىكى تەۋسىيە قىلىنغان ئەڭ يۇقىرى يۈرۈش سۈرئىتى ياكى يەرلىكنىڭ سۈرئەت چەكلىمىسىگە ئەمەل قىلىڭ، قايسىسى تۆۋەن بولسا شۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭ:**

**ئەگەر سۆرىلىدىغان ئۇسكۈنىنىڭ تورمۇزى بولمىسا، ھەيدەش سۈرئىتى سائىتىگە 32 كىلومېتىرلىق (20 mph) تېزلىكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ھەمدە، سۆرىلىدىغان يۈك تراكتور ئېغىرلىقىنىڭ 1.5 ھەسسىسىدىن چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم.**

**ئەگەر سۆرىلىدىغان ئۇسكۈنىنىڭ تورمۇزى بولسا، ھەيدەش سۈرئىتى سائىتىگە 40 كىلومېتىرلىق (25 mph) تېزلىكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ھەمدە، سۆرىلىدىغان يۈك تراكتور ئېغىرلىقىنىڭ 4.5 ھەسسىسىدىن چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم.**

**يۈكنىڭ تەۋسىيە قىلىنغان ئېغىرلىق تەقسىملىنىش نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتمىگەن بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. تراكتورغا تەۋسىيە قىلىنغان ئەڭ چوڭ مىقداردىكى تەكشۈكلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقنى قوشۇڭ. يۈكنى ئازايتىڭ ياكى ئېغىرراق سۆرەش ئۇسكۈنىسى ئىشلىتىڭ. سۆرىگەندە يېتەرلىك تورمۇز قىلىش ئۈچۈن تىراكتور ئېغىر بولۇشى ۋە كۈچلۈك بولۇشى لازىم. ناچار يول شارائىتىدا ماڭغاندا، بۇرۇلغاندا ياكى دۆڭدە ھەيدىگەندە ئالاھىدە پەخەس بولۇڭ.**



LV4042—UN—09JUL99

9. تىراكتورنى يۆتكەش تېزلىكىدە ھەيدىگەندە پەخەس بولۇڭ. ئەگەر سۆرەلگەن يۈك تىراكتوردىن ئېغىر بولسا ھەمدە ئۇنىڭغا تورمۇز سەپلەنمىگەن بولسا، سۈرئەتنى ئاستىلىتىڭ. (سۆرۈلىدىغان ئۇسكۈنىلەرنىڭ مەشغۇلاتچى قوللانمىسىدىكى تەۋسىيە قىلىنغان توشۇش سۈرئىتىگە قاراڭ. )

10. يول شارائىتى ناچار بولغان ئەھۋالدا، ئايلىنىدىغان ۋاقىتتا ياكى يانتۇلۇقلاردا سۆرۈلىدىغان يۈكنى توشۇغاندا ئالاھىدە پەخەس بولۇڭ.

11. سۆرۈلىدىغان ئېغىر يۈكلەر ياكى ئارقىغا بېكىتىلگەن دېھقانچىلىق جابدۇقلىرىنى توشۇش جەريانىدا قاتتىق چايقىلىشى مۇمكىن. زىيادە تەۋرىنىش نەتىجىسىدە رول باشقۇرۇش كونتروللۇقتىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. ئاستىراق ھەيدەڭ ۋە رولنى تېز بۇراشتىن ساقلىنىڭ. ئەڭ يۇقىرى سۈرئەت چەكلىمىسى ئۈچۈن، دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ مەشغۇلاتچى قوللانمىسىغا قاراڭ.

N400041,0001FDD-UG-11MAR15-6/6

## يۆتكەش ئۈچۈن تۈز سۇپىلىق يۈك ئاپتوموبىلى ئىشلىتىش



LV610—UN—22APR94

**ئاگاھلاندۇرۇش: زەنجىر ئارقىلىق تىراكتورنى تۈز سۇپىلىق يۈك ئاپتوموبىلىغا بىخەتەر باغلاڭ. تۈز سۇپىلىق يۈك ئاپتوموبىلىنى ئاستا ھەيدەڭ.**

تىراكتورنى يۆتكەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنى تۈز سۇپىلىق يۈك ئاپتوموبىلى ئۈستىگە قويۇپ يۆتكەشتىن ئىبارەت.

**مۇھىم: ئىچىگە مەينەت نەرسە كىرىپ كېتىپ موتورنىڭ بۇزۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كېرەكسىز گاز چىقىرىش تۇرۇبىسىنى پېچەتلەپ قويۇڭ.**

N400041,0001FDE-UG-11MAR15-1/1

## يېقىلغۇنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىش — ئوتتىن ساقلىنىش



M73115—UN—09MAR90

پەقەت دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلىتىڭ.

يېقىلغۇ ئىنتايىن كۆيۈشچان. ئۇنى ئېھتىيات بىلەن بىر تەرەپ قىلىڭ.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا يېقىلغۇ قاچىلىماڭ:
- تاماكا چېكىۋاتقاندا.
- ماشىنا ئوچۇق ئوت يالقۇنى ياكى ئۇچقۇنغا يېقىن ۋاقىتىدا.
- موتور مېڭىۋاتقاندا. موتورنى ئۆچۈرۈڭ.

يېقىلغۇ باكىغا ئۆي سىرتىدىكى مۇھىتتا ماي قاچىلاڭ.

ئوت كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ
- ماشىنىدىكى ئاپتول، ماي ۋە مەينەت نەرسىلەرنى تازىلاڭ.
- چېچىلىپ كەتكەن يېقىلغۇنى دەرھال سۈرتىۋېتىڭ.

ئەگەر ماشىنىنىڭ باكىدا يېقىلغۇ بار بولسا، ئۇنى ئوچۇق ئوت يالقۇنى ياكى ئۇچقۇن بار يەردە ساقلاپ قويماڭ.

N400041,0001FDF-UG-11MAR15-1/1

## سۈيۈقلۇقنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىڭ - ئوت كېتىشتىن ساقلىنىڭ



TS227—UN—15APR13

يېقىلغۇ ئەتراپىدا خىزمەت قىلغاندا، تاماكا چەكمەڭ ياكى ئىسسىتقۇچ يېنىدا ياكى باشقا يوشۇرۇن ئوت خەۋپى ئەتراپىدا مەشغۇلات قىلماڭ.

كۆيۈشچان سۈيۈقلۇقنى ئوت خەۋپى بار يەردىن يىراق ساقلاڭ. يۇقىرى بېسىملىق قاچىنى كۆيدۈرمەڭ ياكى ئۇنىڭغا تۆشۈك تەشمەڭ.

ماشىنا ئەخلەت، ماي ياكى مەينەت نەرسىلەردىن يىراق تۇرسۇن.

مايلىشىپ كەتكەن پۇرۇچلارنى ساقلاپ قويماڭ، چۈنكى ئۇلار ئاسان ئوت كېتىدۇ ۋە كۆيۈپ كېتىدۇ.

N400041,0001FE0-UG-11MAR15-1/1

## دىزېل يېقىلغۇسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ساقلاش

**ئاگاھلاندۇرۇش: ئوت كېتىش خەۋپىنى ئازايتىڭ. يېقىلغۇنى ئېھتىيات بىلەن بىر تەرەپ قىلىڭ. موتور مېڭىۋاتقاندا يېقىلغۇ باكىغا يېقىلغۇ قاچىلىماڭ. ماي قاچىلاۋاتقاندا ياكى يېقىلغۇ سىستېمىسىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىۋاتقاندا تاماكا چەكمەڭ.**

سۇ ئۇيۇشۇش ۋە سوغۇق ھاۋادا مۇزلاپ قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر كۈنلۈك مەشغۇلاتتىن كېيىن يېقىلغۇ باكىنى لىقلاپ قويۇڭ.

ئۇيۇشۇۋېلىشنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بارلىق ئامبارلاش باكلىرىنى ئىمكان قەدەر لىق توشقۇزۇلغان ھالەتتە ساقلاڭ.

سۇ كىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يېقىلغۇ باكىنىڭ قاپقىقىنى مۇۋاپىق ئورنىتىڭ. يېقىلغۇ تەركىبىدىكى سۇ مىقدارىنى قەرەللىك كۆزىتىپ تۇرۇڭ.

ئەگەر بىيودىزېل ئىشلىتىلسە، يېقىلغۇ سۈزگۈچنىڭ ئالماشتۇرۇش قېتىم سانى يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئاسان توسۇلۇپ قالىدۇ.

ھەركۈنى موتورنى قوزغىتىشتىن بۇرۇن ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئاپتول مىقدارى ئېشىپ كەتسە، بۇ ئاپتولنىڭ يېقىلغۇ بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**مۇھىم: يېقىلغۇ باكىنىڭ قاپقىقى ئارقىلىق يېقىلغۇ باكىدىكى گازنى قويۇپ بېرىڭ. يېقىلغۇ باكىنىڭ قاپقىقىنى ئالماشتۇرغاندا، پەقەت ئەسلى مەھسۇلات ئىشلىتىڭ.**

ناۋادا يېقىلغۇنى ئۇزۇن مەزگىل ساقلاشقا توغرا كەلسە ياكى يېقىلغۇنىڭ ئىشلىتىش قېتىم سانى بەك ئاز بولسا، يېقىلغۇنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە سۇ ئۇيۇشۇۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يېقىلغۇ تەڭشىگۈچى قوشۇڭ. يېقىلغۇ تەمىنلىگۈچى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارنىڭ تەۋسىيەلىرىنى ئاڭلاڭ.

N400041,0001FE1-UG-11MAR15-1/1

## سوغۇق ھاۋادا مەشغۇلات قىلىش

**مۇھىم: يېپىشقاقلىقنى تاللاش تېزلىك كوروپكىسىنىڭ سوغۇق ھاۋادا ئىشلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئاپتولنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەن بولغان ۋاقىتتا تېزلىك كوروپكىسى مەشغۇلات قىلغاندا، قىزىتىش تەرتىپلىرى بويىچە ئىش قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.**

ئىزاھات: مەلۇم تېزلىك كوروپكىسىنىڭ مەشغۇلات تېمپېراتۇرىسى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان مىنىمۇم يېپىشقاقلىق ئۈچۈن، بۇ بابتىكى «تېزلىك كوروپكىسى ۋە گىدراۋلىك مېيى» دېگەن بۆلەككە قاراڭ.

## قىزىتىش باسقۇچلىرى

ئەگەر چىشلىق چاق ساندۇقىنى قىزىتىش ئۈچۈن قوشۇمچە قىزىتىش مەنبەسى ئىشلىتىلسە، مەشغۇلات قىلىشتىن بۇرۇن ترانسمىسسىيون مېيىنى تەلەپ قىلىنغان ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا كەلگىچە قىزىتىڭ.

ياكى بولمىسا ترانسمىسسىيوننى بوش خوتقا سېلىپ تراكتورنى تەخمىنەن 20 مىنۇت ئەتراپىدا ياكى ماي يۇقىرىدا تەۋسىيە قىلىنغان ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا ئىسسىغانغا قەدەر مەشغۇلات قىلدۇرۇڭ.

N400041,0001FE2-UG-11MAR15-1/1

## ئىسسىق ھاۋادا مەشغۇلات قىلىش

ئىزاھات: مەلۇم تېزلىك كوروپكىسىنىڭ مەشغۇلات تېمپېراتۇرىسى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان توغرا يېپىشقاقلىق ئۈچۈن، بۇ بابتىكى «تېزلىك كوروپكىسى ۋە گىدراۋلىك مېيى» دېگەن بۆلەككە قاراڭ.

تۆۋەندىكى شارائىتلاردا نورمال يېپىشقاقلىقتىن يۇقىرى بولغان ئاپتول ئىشلىتىڭ:

- مۇھىت تېمپېراتۇرىسى مۇقىم ھالدا 30 سېلسىيە گرادۇستىن (86 فارېنگېيت) يۇقىرى بولغاندا.
- ئىسسىق ھاۋادا بىر توختاپ بىر ماڭغاندا.
- ئىسسىق ھاۋادا دۆڭدە ئۈزلۈكسىز ھەيدىگەندە.

N400041,0001FE3-UG-11MAR15-1/1

## دىزېل

سىز تۇرۇۋاتقان يەردىكى دىزېل تەمىنلىگۈچىدىن دىزېلنىڭ خاسلىقى ھەققىدە مەسلىھەت سوراڭ.

ئادەتتە دىزېل يېقىلغۇلىرى، ئۇ سېتىلىدىغان جۇغراپىيىلىك رايوننىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىن ئارىلاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

EN 590 ياكى ASTM D975 ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دىزېل يېقىلغۇسى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ھايۋان ياغلىرى ۋە ئۆسۈملۈك مايلىرىنى ھىدرولاشتۇرۇپ پىششىقلانغان تەكرار ھاسىلىي دىزېل يېقىلغۇسى بىلەن نېفىتتىن ئايرىۋېلىنغان دىزېل يېقىلغۇسى ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش. EN 590 ۋە ASTM D975 غا چۈشىدىغان، ھەرخىل سەۋىيىدە ئارىلاشتۇرۇلغان تەكرار ھاسىلىي دىزېل يېقىلغۇسىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**يېقىلغۇنىڭ تەلەپ قىلىنغان خۇسۇسىيەتلىرى**

بارلىق ئەھۋاللاردا، يېقىلغۇ چوقۇم تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بولىشى كېرەك:

**سېتان قىممىتى ئاز دېگەندە 40 بولۇشى لازىم.** سېتان قىممىتى 47 دىن چوڭ بولغان يېقىلغۇ ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ تېمپېراتۇرا 0 دىن تۆۋەن 20 (-4°F) بولغاندا ياكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1675 مېتىردىن (5500 ft) يۇقىرى بولغاندا.

**سۈزگۈچنىڭ سوغۇق ھاۋادا توسۇلۇپ قېلىش نۇقتىسى** CFPP ئاز دېگەندە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىن 5 سېلسىيە گىرادۇس (9°F) تۆۋەن بولۇشى ياكى**دوغلىشىش نۇقتىسى** ئەڭ تۆۋەن مۆھىت تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەن بولۇشى لازىم.

**يېقىلغۇنىڭ سىلىقلاش خۇسۇسىيىتى،** ASTM D6079 ياكى SO 12156-1 بويىچە ئۆلچىگەندە، چوقۇم ئەڭ چوڭ ئەسەر دىئامېتىرى 0.52 mm لىق ئۆتكەلدىن ئۆتكەن بولىشى كېرەك. ماكسىمۇم دىيامېتىر .45 مىللىمېتىر بولسا ئەڭ ياخشى.

**دىزېل سۈپىتى ۋە يېقىلغۇدىكى گۈڭگۈرت تەركىبى**موتور مەشغۇلات قىلىدىغان رايوندىكى گاز قويۇپ بېرىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. گۈڭگۈرت تەركىبى 10000 mg/kg (10000 ppm) دىن يۇقىرى بولغان دىزېل ئىشلەتمەڭ.

**ۋاقىتلىق ئۆلىغۇچ 4، ئاخىرقى ئۆلىغۇچ III B ،4 باسقۇچ، ۋە IV باسقۇچ موتورلىرى ئۈچۈن گۈڭگۈرت تەركىبى**

- پەقەت گۈڭگۈرت تەركىبى 15 mg/kg (15 ppm) دىن ئېشىپ كەتمەيدىغان ئۇلترا تۆۋەن گۈڭگۈرت دىزېل (ULSD) ئىشلىتىڭ.

**ۋاقىتلىق ئۆلىغۇچ 3 ۋە III A باسقۇچلۇق موتورلار ئۈچۈن گۈڭگۈرت تەركىبى**

- گۈڭگۈرت تەركىبى 1000 mg/kg (1000 ppm) دىن تۆۋەن بولغان دىزېل ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.
- گۈڭگۈرت تەركىبى 1000-2000 mg/kg (1000-2000 ppm) بولغان دىزېل ئىشلەتكەندە ئاپتول ۋە سۈزگۈچ ئالماشتۇرۇش ئىنتېرۋالى قىسقىرايدۇ.
- گۈڭگۈرت تەركىبى 2000 mg/kg (2000 ppm) بولغان دىزېل ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**ۋاقىتلىق ئۆلىغۇچ 2 ۋە II باسقۇچلۇق موتورلار ئۈچۈن گۈڭگۈرت تەركىبى**

- گۈڭگۈرت تەركىبى 2000 mg/kg (2000 ppm) بولغان دىزېل ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.
- گۈڭگۈرت تەركىبى 2000-5000 mg/kg (2000-5000 ppm) بولغان دىزېل ئىشلەتكەندە ئاپتول ۋە سۈزگۈچ ئالماشتۇرۇش ئىنتېرۋالى قىسقىرايدۇ.
- گۈڭگۈرت تەركىبى 5000 mg/kg (5000 ppm) بولغان دىزېل ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**باشقا موتورلارنىڭ گۈڭگۈرت تەركىبى**

- گۈڭگۈرت تەركىبى 5000 mg/kg (5000 ppm) دىن تۆۋەن بولغان دىزېل تەۋسىيە قىلىنىدۇ.
- گۈڭگۈرت تەركىبى 5000 mg/kg (5000 ppm) بولغان دىزېل ئىشلەتكەندە ئاپتول ۋە سۈزگۈچ ئالماشتۇرۇش ئىنتېرۋالى قىسقىرايدۇ.

**مۇھىم: دىزېل ئاپتولىنى ياكى باشقا سىلىقلاش مېيىنى دىزېل يېقىلغۇسى بىلەن ئارىلاشتۇرماڭ.**

**يېقىلغۇ خۇرۇجىنى نامۇۋاپىق ئىشلەتكەندە دىزېل موتورنىڭ يېقىلغۇ پۈركۈش ئۈسكىنىسى بۇزۇلۇپ قالىدۇ.**

N400041,0001FE4-UG-11MAR15-1/1

## دىزېلنىڭ سىلىقلاش دەرىجىسى

ئامېرىكا، كانادا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدا ئىشلەپچىقىرىلغان دىزېل يېقىلغۇلىرىنىڭ سىلىقلاشچانلىقى، يېقىلغۇ ئىنجېكسىيون سىستېما دېتاللىرىنىڭ مۇۋاپىق مەشغۇلات قىلالىشى ۋە چىدامچانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك. ھالبۇكى، دۇنيانىڭ بەزى رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان دىزېلنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسى تەلەپتىن تۆۋەن بولىدۇ.

**مۇھىم: ماشىنىڭىزغا ئىشلەتكەن دىزېل يېقىلغۇسىدا ياخشى سىلىقلاش خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بولىشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.**

ASTM D6079 ياكى SO 12156-1 ئۆلچىمىگە ئاساسەن، يېقىلغۇنىڭ سىلىقلاش دەرىجىسى چوقۇم ئەڭ چوڭ ئۇپراش ئەسەر دىئامېتىرى 0.45 mm لىق ئۆتكەلدىن ئۆتكەن بولىشى كېرەك.

سىلىقلاشچانلىقى تۆۋەن ياكى نامەلۇم بولغان يېقىلغۇنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭغا John Deere ئالىي دەرىجىلىك دىزېل يېقىلغۇ تەڭشىگۈچ (ياكى ئۇنىڭ تەڭدىشى) نى بېكىتىلگەن قويۇقلۇقتا قوشۇڭ.

**بىئودىزېلنىڭ سىلىقلاشچانلىقى**

B20 (20% بىئودىزېل) گىچە بولغان بىئودىزېل ئارىلاشما يېقىلغۇسى سىلىقلاشچانلىقنى ئالاھىدە ياخشىلايدۇ. B20 دىن يۇقىرى بولغان بىيودىزېل قوشقاندا يېقىلغۇنىڭ سىلىقلاش خۇسۇسىيىتىنى.

N400041,0001FE5-UG-11MAR15-1/1

## دىزېلنى سىناپ بېقىڭ

يېقىلغۇ ئانالىزى دىزېلنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىشنى قولايلاشتۇرىدۇ. يېقىلغۇ ئانالىزى مۇھىم مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، مەسىلەن، سېتان سانى، يېقىلغۇ تىپى، گۆڭگۈرت تەركىبى، سۇ تەركىبى، سىرتقى ھالەت ئالاھىدىلىكى، سوغۇق ھاۋادا مەشغۇلات قىلىشقا ماس كېلىش ئەھۋالى، باكتېرىيە قىممىتى، دۇغلىشىش نۇقتىسى، كىسلاتا قىممىتى، بۇلغانغان دانىچە مىقدارى ۋە يېقىلغۇ تەلەپ قىلىنغان تېخنىكىلىق ئۆلچەمگە يەتتىمۇ-يوق قاتارلىق.

ئاپتول ئانالىزى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

N400041,0001FE6-UG-11MAR15-1/1

## يېقىلغۇ باكىغا يېقىلغۇ قۇيۇڭ



TS202—UN—23AUG88




PUC5050—UN—06OCT10

**ئاگاھلاندۇرۇش: يېقىلغۇنى بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىڭ: ئۇ پەۋقۇلئاددە كۆيۈشچان. تاماكا چېكىۋاتقاندا، يالقۇن ياكى ئۇچقۇنغا يېقىن يەردە قەتئىي ماشىنىغا يېقىلغۇ قاچىلىماڭ.**

**ماشىنىغا يېقىلغۇ قاچىلاشتىن ئاۋال ھەمىشە ماتورنى توختىتىڭ. يېقىلغۇ باكىغا ئۆي سىرتىدىكى مۇھىتتا يېقىلغۇ قاچىلاڭ.**

**ئوت كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ماشىنىنى يىغىلىپ قالغان ئەخلەت، ماي ياكى مەينەت نەرسىلەردىن يىراق تۇتۇڭ. تۆكۈلۈپ كەتكەن يېقىلغۇنى دائىم سۈرتۈۋېتىڭ.**

يېقىلغۇ باكى توشقۇزغۇچىنىڭ قالپىقى (A) ئارقىلىق يېقىلغۇ قاچىلاڭ. ھەر كۈنلۈك مەشغۇلات تۈگىگەندىن كېيىن يېقىلغۇ باكىغا يېقىلغۇ توشقۇزۇڭ. ئۇ يېقىلغۇ باكىدىكى نەم ھاۋانىڭ سوۋۇشى ۋە ئۇيۇشۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

**ئۆلچەم**

يېقىلغۇ باكى —سىغىمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 40 L (10.56 gal.)

ئىزاھات: سوغۇق ھاۋادا، دىزېلنىڭ يېپىشقاقلىقى ۋە كىرسىنلىشىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، John Deere دىزېل ئېقىشچانلىقىنى ئەلالاشتۇرغۇچ ياكى ئۇنىڭغا تەڭداش مەھسۇلاتنى يېقىلغۇغا ياكى چوڭ تىپتىكى يېقىلغۇ ئامبارلاش باكىغا قوشۇڭ.

**A—يېقىلغۇ باكى توشقۇزغۇچىنىڭ قالپىقى**

N400041,0001FE7-UG-11MAR15-1/1

## تاللاشقا بولىدىغان ۋە سۈنئىي سىلىقلىغۇچ

بۇ قوللانمىدا تەۋسىيە قىلىنغانلىرىدىن پەرقلىنىدىغان سىلىقلاش مېيىنى بەزى رايونلاردا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

سىز تۇرىۋاتقان رايوندا بىر قىسىم جون دىئېر ماركىلىق سوۋۇتقۇچ ياكى سىلىقلاش مېيىنى سېتىۋېلىشقا بولماسلىقى مۇمكىن.

بۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر ئۈچۈن جون دىئېر سودىگىرىدىن مەسلىھەت سوراڭ.

بۇ قوللانمىدا يېزىلغان تەلەپ قىلىنغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان سۈنئىي سىلىقلاش مېيىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

بۇ قوللانمىدا يېزىلغان تېمپېراتۇرا دائىرىسى ۋە ئاسراش دەۋرىيلىكى ئەنئەنىۋى ۋە سۈنئىي سىلىقلاش مېيىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئەگەر قايتا ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللاردىن ئىشلەنگەن سىلىقلاش مېيىنىڭ تەلەپ قىلىنغان خۇسۇسىيىتى بار بولسا، ئۇنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

N400041,0001FE8-UG-11MAR15-1/1

## سىلىقلاش مېيىنى ساقلاش

پاكىز سىلىقلاش مېيى ئىشلىتىپ ئۇسكۈنىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

سىلىقلاش مېيىنى ساقلاش ئۈچۈن، پاكىز قاچا ئىشلىتىڭ.

سىلىقلاش مېيىنى ۋە ئۇنىڭ قاچىسىنى قۇرغاق، توزانسىز ۋە باشقا بۇلغىمىلاردىن يىراق يەردە ساقلاڭ. سۇ ۋە ئەخلەت يىغىلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قاچىنى يانچە قويۇپ ساقلاڭ.

قاچا ئۈستىگە بەلگە سېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى توغرا پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان قىلىڭ.

بارلىق كونا قاچا ۋە ئىچىدىكى ئېپىشىپ قالغان سىلىقلاش مېيىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىڭ.

N400041,0001FE9-UG-11MAR15-1/1

## دىزېل موتورنىڭ قىتلاندۇرۇش ئاپتولى

زاۋۇت ھالىتىدىكى يېڭى موتورغا جون دىئىر™Break-Inياكى جون دىئىر ماركىلىق™Break-In Plus موتور قىتلاندۇرۇش ئاپتولى قۇيۇلغان. قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدە، زۆرۈر بولغاندا، تەلەپ قىلىنغان ئاپتول مىقدارىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ™John Deere Break-In ياكى Break-In Plus™ ئاپتول قۇيۇڭ.

موتور زاپچاسلىرىنى قىتلاندۇرۇش ئۈچۈن، موتورنى ئوخشىمىغان مەشغۇلات شارائىتىدا ماڭدۇرۇڭ، بولۇپمۇ تۆۋەن سۈرئەتتە ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ ماڭغاندا شۇنداق قىلىڭ.

يېڭى ياكى قايتا ئۆزگەرتىلگەن موتورغا تۇنجى قېتىم جون دىئىر ماركىلىق قىتلاندۇرۇش ئاپتولى ئىشلىتىلسە، 250 مەشغۇلات سائىتى ئىچىدە ئاپتول ۋە سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇڭ.

ئەگەر John Deere Break-In Plus قىتلاندۇرۇش ئاپتولى ئىشلىتىلگەن بولسا، ئاپتول ۋە سۈزگۈچ ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەڭ قىسقا ئىنتېرۋالى 100 مەشغۇلات سائىتى بولىدۇ، ئەڭ ئۇزۇن ئىنتېرۋال John Deere Plus-50™ II ياكى Plus-50 تىپلىق ئاپتولنىڭ بەلگىلەنگەن ئالماشتۇرۇش ئىنتېرۋالى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

موتورنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ™John Deere Break-In ياكى Break-In Plus™ قىتلاندۇرۇش ئاپتولى قۇيۇڭ.

ئەگەر John Deere Break-In ياكى Break-In Plus تىپلىق موتور قىتلاندۇرۇش ئاپتولى يوق بولسا، تۆۋەندىكى شارائىتنىڭ خالىغان بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەمدە ئامېرىكا ئاپتوموبىل ئىنژېنېرلىرى بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تەۋسىيە قىلىنغان 10W-30 يېپىشقاقلىقىقا ئىگە بولغان دىزېل ئاپتولى ئىشلىتىڭ. 100 مەشغۇلات سائىتىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي ئاپتول ۋە سۈزگۈچ ئالماشتۇرۇڭ:

- API Service Classification CE
- API Service Classification CD
- API Service Classification CC
- ACEA Oil Sequence E2
- ACEA Oil Sequence E1

**مۇھىم: يېڭى ياكى قايتا ئۆزگەرتىلگەن موتورنىڭ دەسلەپكى قىتلاندۇرۇش مەزگىلىدە، تۆۋەندىكى شارائىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ™Plus-50 II, Plus-50 ئاپتول ئىشلىتىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ:**

| | |
|---|---|
| **API CJ-4** | **ACEA E9** |
| **API CI-4 PLUS** | **ACEA E7** |
| **API CI-4** | **ACEA E6** |
| **API CH-4** | **ACEA E5** |
| **API CG-4** | **ACEA E4** |
| **API CF-4** | **ACEA E3** |
| **API CF-2** | |
| **API CF** | |

**بۇ ئاپتوللار موتورنى مۇۋاپىق قىتلاندۇرمايدۇ.**

John Deere Break-In Plus™ تىپلىق قىتلاندۇرۇش ئاپتولى گاز قويۇپ بېرىش دەرىجىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بارلىق جون دىئىر ماركىلىق دىزېل موتورلارغا ماس كېلىدۇ.

قىتلاندۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، John DeerePlus-50™II, John Deere Plus-50 تىپلىق ياكى بۇ قوللانمىدا تەۋسىيە قىلىنغان باشقا ئاپتول ئىشلىتىڭ.

Break-In بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.
Break-In Plus بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.
Plus-50 بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.

N400041,0001FEA-UG-11MAR15-1/1

## دىزېل موتور ئاپتولى

ئاپتول ئالماشتۇرۇش مەزگىلى جەريانىدا، تېمپېراتۇرا ئەھۋالىغا قاراپ ماس ھالدىكى يېپىشقاقلىقتا ئىگە ئاپتول ئىشلىتىڭ.

**بۇ ئاپتولنى ئىشلىتىش ياخشىراق John DeerePLUS-50™ II oil.**

John Deere Plus-50™ تىپلىق ئاپتول ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

تۆۋەندىكى بىر ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق تەلەپلەر قاندۇرۇلسا، باشقا ئاپتول ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

- John Deere Torq-Gard™
- API Service Category CJ-4
- API Service Category CI-4 PLUS
- API service category CI-4
- API service category CH-4
- ACEA Oil Sequence E9
- ACEA Oil Sequence E7
- ACEA Oil Sequence E6
- ACEA Oil Sequence E5
- ACEA Oil Sequence E4
- ACEA Oil Sequence E3




ئوخشىمىغان ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىكى ئاپتولنىڭ يېپىشقاقلىقى

**كومپلېكس يېپىشقاقلىقتا ئىگە دىزېل ئاپتول ئىشلىتىش ئەڭ ياخشى**

دىزېل سۈپىتى ۋە يېقىلغۇدىكى گۆڭگۈرت تەركىبى موتور مەشغۇلات قىلىدىغان رايوندىكى گاز قويۇپ بېرىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم.

ھەربىر كىلوگىرام دىزېل تەركىبىدىكى گۆڭگۈرت مىقدارى 10000 مىللىگىرامدىن (ppm10000) يۇقىر بولغان دىزېل يېقىلغۇسى ئىشلىتىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ.

Plus-50 بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى.
Torq-Gard بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى

N400041,0001FEB-UG-11MAR15-1/1

## ماتور ماي فىلتىرى

ماشىنىنىڭ نورمال مەشغۇلات قىلىشى ۋە سىلىقلىنىشى ئۈچۈن، ئاپتول سۈزۈش بەك مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قوللانمىدا كۆرسىتىلگەندەك، سۈزگۈچنى قەرەللىك ئالماشتۇرۇپ تۇرۇڭ.

جون دىئىر ماركىلىق ئاپتول خۇسۇسىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سۈزگۈچ ئىشلىتىڭ.

N400041,0001FEC-UG-11MAR15-1/1

## ئېغىر تىپلىق دىزېل موتورىنىڭ سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى

موتورنىڭ سوۋۇتۇش سىستېمىسىغا سوۋۇتقۇچ ئالدىن قاچىلانغان بولىدۇ. بۇ پۈتۈن يىل جەريانىدا داتلىشىش ۋە نەيچىلەرنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرا 37°C- (34°F-) غا چۈشسىمۇ سۇۋۇتقۇچ توڭلىمايدۇ. ئەگەر تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا نىسبەتەن قوغداش تەلەپ قىلىنسا، جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**تۆۋەندىكى موتور سوۋۇتقۇچلارنى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ:**

- John Deere COOL-GARD™ II Premix
- John Deere COOL-GARD II PG Premix

زەھەرسىز سوۋۇتقۇچ شەكىللەندۈرۈش تەلەپ قىلىنغاندا John Deere COOL-GARD II PG Premix نى ئىشلىتىڭ.

**باشقا تەۋسىيە قىلىنغان سوۋۇتقۇچلار**

يەنە تۆۋەندىكى موتور سوۋۇتقۇچلارنى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

- John Deere COOL-GARD II نىڭ سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان نىسبىتى 60%-40%.

John Deere COOL-GARD II Premix ۋە COOL-GARD II ئارىلاشتۇرۇلغان سوۋۇتقۇچقا قوشۇمچە خۇرۇچ لازىم بولمايدۇ.

**باشقا سوۋۇتقۇچلار**

John Deere COOL-GARD II ۋە COOL-GARD II PG تىپلىق سوۋۇتقۇچلار ئاسراش مۇلازىمىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان بەزى رايونلاردا يوق بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر بۇ سوۋۇتقۇچ يوق بولسا، ئېغىر تىپلىق دىزېل موتورى ئۈچۈن قويۇلدۇرۇلغان سوۋۇتقۇچ ياكى تۆۋەندىكى خىمىيەلىك ۋە فىزىكىلىق تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالدىن ئارىلاشتۇرۇلغان سوۋۇتقۇچ ئىشلىتىڭ:

- تەركىبىدە نىترىت بولمىغان ۋە ئەلا سۈپەتلىك خۇرۇچ ئىشلىتىڭ.
- جون دىئېر كاۋاكلىشىش تەجرىبىسىدە ياكى 60% ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى يۈك كۆتۈرۈشچانلىقتا كالونلۇق تەتقىق ماگدۇرۇش جەريانىدا سىلىندىر ئەستىرىنى كاۋاكلىشىشتىن قوغدىيالايدىغان بولۇش.
- سوۋۇتۇش سىستېما مېتاللىرى (چويۈن، ئاليومىن قېتىشمىسى ۋە سېرىق مىسقا ئوخشاش مىس قېتىشمىلار) نى چىرىشتىن قوغدىيالايدىغان بولىدۇ.

تۆۋەندىكى سوۋۇتقۇچ ئارىلاشمىسىدا بەلگىلەنگەن خۇرۇچ بولۇشى لازىم:

- ئېتىلىن گلىكول ياكى پروپىلېن گلىكوللۇق ئالدىن سۇيۇلدۇرۇلغان (40%-60%) ئېغىر تىپلىق سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى
- ئېتىلىن گلىكول ياكى پروپىلېن گلىكوللۇق ئالدىن سۇيۇلدۇرۇلغان (40%-60%) ئېغىر تىپلىق سۈپەتلىك سۇدا ئارىلاشتۇرۇلغان بولۇشى لازىم.

**سۇ سۈپىتى**

سۇنىڭ سۈپىتى سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئېتىلىن گلىكول ۋە پروپىلېن گلىكوللۇق قويۇلدۇرۇلغان ماتور سوۋۇتقۇچنى سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرغان ۋاقىتتا دىستىللەنگەن، ئىئونسىزلاندۇرۇلغان ياكى مىنېرالسىزلاشتۇرۇلغان سۇنى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

**مۇھىم: سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى پېچەتلەش خۇرۇچلىرى ياكى پېچەتلەش خۇرۇچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇزلاشتىن ساقلىغۇچنى ھەرگىز ئىشلىتىپ سالماڭ.**

**ئېتىلىن گلىكول ۋە پروپىلېن گلىكولنى ئاساس قىلغان سوۋۇتقۇچلارنى ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرماڭ.**

**تەركىبىدە نىترىتلار بولغاب سوۋۇتقۇچ ئىشلىتىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ.**

COOL-GARD بولسا جون دىئېر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى

N400041,0001FED-UG-11MAR15-1/1

## سۇيۇق سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچ

تاللىۋالغىلى بولىدىغان سوۋۇتقۇچ فىلتىرى يوق نەم يەڭلىك دىزېل ماتورلىرى ئۈچۈن، John Deere سۇيۇق سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچىنى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. John Deere سودىگىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ. تەركىبىدە خرومسىز چەكلىگۈچىلەر بولغان تەڭشىگۈچلەرنى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: سوۋۇتقۇچ خۇرۇچى ئالكالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كۆزگە تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ. تېرىگە ئۇزاق ۋاقىت ياكى قايتا-قايتا تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ. ئۇنى ھەرگىز ئىچىپ سالماڭ. تاساددىپىي تېرىگە تېگىپ كەتكەن ئەھۋالدا، ئۇنى دەرھال سوپۇن سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىڭ. ئەگەر ئۇ كۆزگە كىرىپ كەتسە، كۆپ مىقداردا سۇ بىلەن ئاز دېگەندە 15 مىنۇت چايقاڭ. دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ. ئۇنى بالىلاردىن يىراق تۇتۇڭ.**

**ئاگاھلاندۇرۇش: سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى سوۋۇمىغىچە رادىياتورنىڭ قاپقىقىنى چىقىرىپ ئالماڭ. رادىياتور قاپقىقىنى ئاستا بوشىتىپ ئارتۇق بېسىمنى قويۇپ بېرىڭ.**

**مۇھىم: ئەگەر ماتورغا John Deere سوۋۇتقۇچ فىلتىر تەڭشىگۈچى سەپلەنگەن بولسا، ھەرگىز سۇيۇق تەڭشىگۈچ ئىشلەتمەڭ، چۈنكى توغرا چەكلىگۈچىلەر ئاللىقاچان فىلتىرىنىڭ ئىچىگە قوشۇلۇپ بولغان. ئەگەر ئىككىسى تەڭ ئىشلىتىلسە، يىلىمسىمان چۆكمە ھاسىل بولىۋېلىپ ئىسسىقلىقنىڭ يۆتكىلىشى ۋە سوۋۇتقۇچنىڭ ئېقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. John Deere سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچلىرى مۇز توڭلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ.**




RG4690—UN—14DEC88

قوشۇلغان ھەر بىر لىتىر سوۋۇتقۇچقا 30 مىللىلېتىر (oz./quart .1 fl) مىقداردا John Deere سۇيۇق سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچى قوشۇڭ. سوۋۇتۇش سىستېمىسىغا 2000 سائەتتە ئاسراش ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، پەقەت ئەسلىدىكى مىقدارنىڭ يېرىمى 1/2 بولسا كۇپايە.

N400041,0001FEE-UG-11MAR15-1/1

## ترانسمىسسىيون ۋە گىدراۋلىك مېيى




TS1660—UN—10OCT97

ئاپتول ئالماشتۇرۇش مەزگىلى جەريانىدا، تېمپېراتۇرا ئەھۋالىغا قاراپ ماس ھالدىكى يېپىشقاقلىقتا ئىگە ئاپتول ئىشلىتىڭ.

تۆۋەندىكى ئاپتولنى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

- John DeereHY-GARD™
- جون دىئىر تۆۋەن يېپىشقاقلىق HY-GARD™

تۆۋەندىكى ئۆلچەملەرنىڭ خالىغان بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاپتول ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ:

- John Deere Standard JDM J20C
- John Deere Standard JDM J20D

بىيودېگراتسىيەلىك ئاپتول تەلەپ قىلىنغاندا، جون دىئىر ماركىلىق ئاپتول ئىشلىتىشكە بولىدۇ BIO-HY-GARD™.[1]

HY-GARD بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى
BIO-HY-GARD بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى

[1] CEC-L-33-T-82 سىناق ئۇسۇلى بويىچە،BIO-HY-GARD تىپلىق ئاپتول 21 كۈن ئىچىدە ئاز دېگەندە 80% كە يېتىدۇ. BIO-HY-GARD نى مىنېرال ئاپتول بىلەن ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بولمىسا، بىيودېگراتسىيەلىشىش تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ۋە سىلىقلىغۇچنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

N400041,0001FEF-UG-11MAR15-1/1

## سىلىقلاش-گىدراۋلىك مېيىنىڭ سۈزگۈچىنى توغرا ئىشلىتىڭ

سىستېمىنى قوغداش ئۈچۈن، خوت-گىدراۋلىك سۈزگۈچ دېتالىنى جون دىئىر ماركىلىق ئاسراش سۈزگۈچ دېتالىغا ئالماشتۇرۇڭ. مېنىمۇم ۋە ماكسىمۇم ئىشلەش تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى جون دىئىر ماركىلىق سۈزگۈچ ئۈستىگە بېسىلغان. ئەگەر ئۇلار ئىشلەش ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن كەلسە، باشقا سۈزگۈچلەرنىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

«سىلىقلاش ۋە ئاسراش» دېگەن بۆلەكتىكى تەۋسىيە قىلىنغان سۈزگۈچ ئالماشتۇرۇش ئىنتېرۋالىغا قاراڭ.

N400041,0001FF0-UG-11MAR15-1/1

## سىلىقلاش مېيى

ئاپتول ئالماشتۇرۇش ئىنتېرۋالى مەزگىلىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ۋە NLGI يېپىشقاقلىق كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن سىلىقلاش مېيى تاللاڭ.

**John Deere SD Polyurea تىپلىق سىلىقلاش مېيى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.**

تۆۋەندىكى سىلىقلاش مايلىرىمۇ تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

- John Deere HD Lithium Complex تىپلىق سىلىقلاش مېيى
- John Deere HD Water Resistant تىپلىق سىلىقلاش مېيى
- John DeereGREASE-GARD™

تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان باشقا سىلىقلاش مېيىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ:

- NLGI ئىقتىدار كاتېگورىيەسى GC-LB

**مۇھىم: بەزى سىلىقلاش مېيىنى قويۇقلاندۇرغۇچلار باشقا سىلىقلاش مېيىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئوخشىمىغان ماركىدىكى سىلىقلاش مېيىنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، سىلىقلاش مېيى تەمىنلىگۈچىدىن مەسلىھەت سوراڭ.**




ئوخشىمىغان تېمپېراتۇرا دائىرىسىدىكى سىلىقلاش مېيى

GREASE-GARD بولسا جون دىئىر شىركىتىنىڭ تاۋار ماركىسى

N400041,0001FF1-UG-11MAR15-1/1

## قوشۇمچە ئاسراش ئۇچۇرلىرى

مەزكۇر بۆلۈم تېخىمۇ تەپسىلىي بولغان تېخنىكىلىق قوللانمىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بۇ يەردە پەقەت مەشغۇلات ۋە ئادەتتىكى پەرۋىش خىزمەتلىرىگە كېرەكلىك بولغان ئۇچۇرلار كۆرسىتىلدى. ئەگەر سىزگە تېخىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ئۇچۇرى زۆرۈر بولسا، جون دىئىر سودىگىرى ئارقىلىق تېخنىكىلىق قوللانما زاكاز قىلىڭ.

N400041,0001FF2-UG-11MAR15-1/1

## تىراكتورغا نىسبەتەن بىخەتەر ئاسراش ئېلىپ بېرىڭ



PUC5052—UN—06OCT10

رېمونت ياكى تەڭشەش ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋال، قوشۇمچە ئۈسكۈنىگە يەتكۈزۈلىدىغان قۇۋۋەتنى ئاجرىتىڭ ھەمدە ماتورنى ئۆچۈرۈڭ.

موتورنىڭ سۈرئىتىنى زىيادە ئاشۇرۇۋەتمەڭ.

ماشىنا ۋە زاپچاسلارنى ياخشى ھالەتتە ساقلاڭ.

بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرىنى جايىدا ساقلاڭ ھەمدە ياخشى ئىشلەش ھالىتىدە ساقلاڭ.

بارلىق گايكا، بولتا ۋە بۇرما مىخلارنى چىڭىتىڭ ۋە ئۈسكۈنىلەرنى بىخەتەر ئىشلەش ھالىتىدە ساقلاڭ.

موتورنىڭ ھەرقانداق قىسمىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، موتورنى توختىتىپ، ئۇنى سوۋۇتۇڭ. قىزىق ماتور زاپچاسلىرى تېرىگە تېگىپ كەتسە كۆيدۈرىدۇ.

ماتور پەقەت يۈتكەش دەستىسى بوش خوتتا بولغاندا ئاندىن قوزغىلالايدۇ.

كىيىم، زىبۇ-زىننەت ياكى ئۇزۇن چاچنىڭ شامالدۇرغۇچ قانىتى، ھەيدەش تاسمىلىرى ياكى باشقا ئايلىنىۋاتقان ماتور زاپچاسلىرىغا چىرمىشىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭ.

ماشىنىغا رۇخسەتسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ماشىنىنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە ياكى بىخەتەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇشى ۋە شۇنداقلا ماشىنىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىشى مۇمكىن.

N400041,0001FF3-UG-11MAR15-1/1

## ئاسراش ئىنتېرۋالى جەدۋىلى - كۈندە ياكى 10، 50، 250 مەشغۇلات سائىتىدە

| مەزمۇنى | كۈندە ياكى 10 مەشغۇلات سائىتىدە | 50 سائەتتە | 250 سائەتتە |
|---|---|---|---|
| سۇ ئايرىغۇچىنى تەكشۈرۈش | • | | |
| ماتورنىڭ ماي سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈڭ | • | | |
| سوۋۇتقۇچ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش | • | | |
| گىدراۋلىك سىستېمىسىنىڭ ماي سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش | • | | |
| ترانسمىسيون سىستېمىسىنىڭ ماي سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش | • | | |
| رول سىستېمىسىنىڭ گىدراۋلىك مېيى سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش | • | | |
| هاۋا سۈمۈرۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش | • | | |
| هاۋا ئالدى تازىلىغۇچنى ئاسراش | • | | |
| چۆكمە قاچىسىنى تەكشۈرۈش | • | | |
| هاۋا تازىلىغۇچنى ئاسراش | | • | |
| مىخلارنىڭ چىڭ-بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش | | • | |
| باتارېيەلەرنى تازىلاش ۋە تەكشۈرۈش | | • | |
| بالونلارنى تەكشۈرۈش | | • | |
| MFWD ئالدى ئاكسىلنىڭ لىڭشىش تەختىنى مايلاش[a] | | • | |
| رولنىڭ ئاساسىي شافتىسىنى مايلاش[a] | | • | |
| يېقىلغۇ باكىدىن سۇ ۋە چۆكمىنى ئېقىتىۋېتىش | | | • |
| MFWD ئالدى ئاكسىل ساندۇقىدىكى ماي سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش | | | • |
| ئالتېرناتورنىڭ/شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى تەڭشەش | | | • |
| 3 نۇقتىلىق ئېسىش قۇرۇلمىسىنىڭ لىفىت باغلانچىسىنى مايلاش | | | • |
| يېقىلغۇ باكى ئۆتۈشتۈرۈش تازىلىغۇچىنى تەكشۈرۈش ۋە تازىلاش | | | • |
| نېيترال قوزغىتىش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش | | | • |
| تورمۇز پېدالىنىڭ ئەركىن مۇساپىسىنى تەڭشەش | | | • |
| مۇفتا پېدالىنىڭ ئەركىن مۇساپىسىنى تەڭشەش | | | • |
| ROPS مىخلىرى (ئەگەر سېلىنغان بولسا) تەكشۈرۈش ۋە چىڭىتىش | | | • |

[a] پەۋقۇلئاددە نەم ياكى پاتقاق شارائىتتا، ئاسراش ئىنتېرۋالىنى 10 مەشغۇلات سائىتىگە قىسقارتىڭ.

N400041,0001FF4-UG-25JAN16-1/1

## ئاسراش ئىنتېرۋالى جەدۋىلى — 500 مەشغۇلات سائىتى — 1000 مەشغۇلات سائىتى — ھەر يىلى — 2 يىل ياكى 2000 مەشغۇلات سائىتى

| تۈر | 500 سائەت | 1000 سائەت | ھەر يىلى | 2 يىل ياكى 2000 مەشغۇلات سائىتى |
|---|---|---|---|---|
| ماتور مېيى ۋە فىلتىرىنى ئالماشتۇرۇش[a] | • | | | |
| يېقىلغۇ فىلتىرىنى ئالماشتۇرۇش | • | | | |
| گىدراۋلىك سىستېما ماي فىلتىرىنى / سۈزگۈچنى ئاسراش | • | | | |
| ماتور جەينەكلىك شافتىسىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۇرۇبىسىنى تازىلاش | • | | | |
| بارلىق شىلانكىلار ۋە شىلانكا قىسقۇچلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە چېڭىتىش | • | | | |
| سوۋۇتۇش سىستېمىسىدا قىچىش بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈش | • | | | |
| ئارقا ئاكسىل ياتىقىنى مايلاش[b] | • | | | |
| ماتورنىڭ قۇرۇق ئايلىنىش سۈرئىتىنى تەكشۈرۈش | • | | | |
| گىدراۋلىك ماي فىلتىرىنى / سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇش | | • | | |
| گىدراۋلىك سىستېما مېيىنى ئالماشتۇرۇش | | • | | |
| ترانسمىسسىيون سىستېمىسىنىڭ مېيىنى ئالماشتۇرۇش | | • | | |
| رول سېستىمىسى گىدراۋلىك مېيىنى ئالماشتۇرۇش | | • | | |
| ماتور كلاپان بوشلۇقىنى تەڭشەش | | • | | |
| MFWD ئالدى ئاكسىل ساندۇقىنىڭ مېيىنى ئالماشتۇرۇش | | • | | |
| ئورۇندۇق كەمىرىنى تەكشۈرۈش | | | • | |
| سوۋۇتۇش سىستېمىسى چايقاش | | | | • |

[a] TorqGARD ياكى PLUS 50 دىن باشقا سىلىقلىغۇچ ئىشلەتكەندە، ئاسراش ئىنتېرۋالىنى 200 مەشغۇلات سائىتىگە قىسقارتىڭ
[b] پەۋقۇلئاددە نەم ياكى پاتقاق شارائىتتا، ئاسراش ئىنتېرۋالىنى 50 مەشغۇلات سائىتىگە قىسقارتىڭ.

N400041,0001FF5-UG-11MAR15-1/1

## دەسلەپكى 100 مەشغۇلات سائىتىدىن كېيىنكى ئاسراش

دەسلەپكى 100 مەشغۇلات سائىتىدىن كېيىنكى ئاسراش ئۈچۈن، 30-بۆلۈم "قىتلاندۇرۇش مەزگىلى" گە قاراڭ.

N400041,0001FF6-UG-11MAR15-1/1

## مۇۋاپىق سىلىقلىغۇچ ئىشلىتىش

**مۇھىم: تراكتورغا ئاسراش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، "يېقىلغۇ، سىلىقلىغۇچلار ۋە سوۋۇتقۇچ" دېگەن بۆلۈمدە كۆرسىتىلگەن تېخنىكىلىق ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سىلىقلىغۇچى ئىشلىتىڭ.**

N400041,0001FF7-UG-11MAR15-1/1




PUC5193—UN—13JAN11

## بارلىق ھاۋا سۈزگۈچلەرنى تازىلاش

### دەسلەپكى ھاۋا فىلتىرى

**ئاسراش ئېنتېرۋالى — كۈندىلىك** چاڭ-توزانلىق شارائىتلاردا، قېتىم سانىنى ئاشۇرۇڭ

1. قىسقۇچ (A) نى بوشىتىڭ.
2. دەسلەپكى فىلتىر (B) نى چىقىرىڭ ۋە تازىلاڭ.
3. دەسلەپكى فىلتىر (B) نى قاچىلاڭ ۋە قىسقۇچ (A) نى چىڭىتىڭ.

**A—قىسقۇچ**　　**B—دەسلەپكى فىلتىر**

N400041,0001FF8-UG-11MAR15-1/2




PUC5194—UN—13JAN11




PUC5195—UN—13JAN11

### ھاۋا فىلتىرى

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 50 مەشغۇلات سائىتى** ئېنتېرۋال مەشغۇلات شارائىتىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ

**ئاگاھلاندۇرۇش: ئەگەر ماتور قىزىق بولسا، تراكتورنى بىر سائەت توختىتىپ قويۇڭ. ماي، ماي رومكىسىغا قايتقاندىن كېيىن، ئاندىن قايتا ئاسراش ئېلىپ بېرىڭ.**

1. قىسقۇچلار (A) نى بوشىتىڭ ۋە ماي رومكىسى (B) نى چىقىرىڭ.
2. ماي رومكىسىنىڭ ئىچىنى بوشىتىڭ ۋە ئۇنى تازىلاڭ.
3. ماي رومكىسى (B) نىڭ ئۈستى قىسمىنى تېرەپ تۇرغان سىم ئېلېمىنتلىرى (C) نى چىقىرىڭ.
4. سىم ئېلېمىنتلىرى (C) دا بۇزۇلۇش بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ. ناۋادا ئۇ بۇزۇلغان بولسا، ئۇنى يېڭى سىم ئېلېمىنتى بىلەن يەڭگۈشلەڭ.
5. ئەگەر ئۇ بۇزۇلمىغان بولسا، ماي رومكىسى (B) ۋە سىم ئېلېمىنتى (C) نى بېنزىن بىلەن يۇيۇڭ. (ئېلېمېنتنى دېزىل بىلەن تازىلىسىمۇ بولىدۇ. )
6. ماي رومكىسى (B) نىڭ ئىچىنى تاكى ماي سەۋىيە بەلگىسىگە تاقاشقۇچە پاكىزە ماي بىلەن توشقۇزۇڭ.
7. ماي رومكىسى (B) ۋە سىم ئېلېمىنتى (C) نى بېكىتىڭ.

**A—قىسقۇچ (3 دانە)**　　**C—سىم ئېلېمىنتى (2 دانە)**
**B—ماي رومكىسى**

N400041,0001FF8-UG-11MAR15-2/2




PUC5210—UN—13JAN11

## ھاۋا سۈمۈرۈش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى - كۈندىلىك**

ھاۋا تازىلىغۇچىدىكى بېكىتىش ۋىنتىلىرى (A) نىڭ چىڭ بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈڭ.

ھىملىغۇچ (B) دا بۇزۇلۇش بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر بولسا ئۇنى ئالماشتۇرۇڭ.

**A—ۋىنتا (2 دانە)**　　**B—ھىملىغۇچ**

N400041,0001FF9-UG-11MAR15-1/1

## سۇ ئايرىغۇچىنى تەكشۈرۈش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — كۈندە**

سۇدا چۆكمە بولۇش ئەھۋالىنى كۈندە تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ ۋە پەرۋىش ئىشلەڭ.

15000 ~ 20000 كىلومېتىر ياكى 300 ~ 400 سائەت ھەيدىگەندىن كېيىن، فىلتىر يادروسىنى يەڭگۈشلەڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: بۇ بولسا يېقىلغۇ يىرىك فىلتىرى بولۇپ، پەقەت ئاساسىي ئىشلىتىش ئۈچۈن بېكىتىشكە بولىدۇ.**

**ئاگاھلاندۇرۇش: قول پومپىسى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا، ئاۋال ھاۋالاندۇرۇش بولتىسىنى ئېچىڭ. نامۇۋاپىق ئىشلىتىش ماتورنىڭ ئۈنۈمدارلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.**

فىلتىر يادروسىنى يەڭگۈشلىگەن ۋاقىتتا:

1. پېچەتكە ئازغىنە ماي تەگكۈزۈڭ.
2. پېچەت بىلەن فىلتىر تۇتۇپ تۇرغۇچى تولۇق تېگىشكەندىن كېيىن، قولىڭىز بىلەن 3/4 ئايلانمىدىن تولۇق 1 ئايلانمىغىچە چېكىڭ.




**A—سۇ ئايرىغۇچ**

3. ماتورنى ئوتئالدۇرۇڭ ۋە ئېقىپ قىلىش ئەھۋالى بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ.

N400041,0002A63-UG-25JAN16-1/1

## تورمۇز پېدالىنىڭ ئەركىن تاكتىنى تەڭشەش




A—دەستە
B—گايكا
C—سىرتماق
D—تورمۇز پېدالى
E—تورمۇز پېدالىنىڭ تاكتى
F—دوقا چاق بىلىكى

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 250 سائەتتە**

ئىزاھات: مېڭىش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تورمۇز چوقۇم تەڭشىلىشى كېرەك. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلىتىش جەريانىدا سۈركىلىش تاسمىسىنىڭ ئۈپرايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، سۈركىلىش تاسمىسى بىلەن تورمۇز كۇدىسى ئارىلىدىكى بوشلۇقنى چوڭراق قالدۇرۇلۇش كېرەك.

1. ماشىنىنى تەكشى يەرگە مۇقىم توختىتىڭ. چاقلارغا پانا قىستۇرۇش ئارقىلىق، ماشىنا مېڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ.
2. تورمۇز پېدالى تۇگۈنىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىڭ.
3. تورمۇز پېداللىرىنىڭ بىرىنى دەسسەڭ. ئىشقا كىرىشكەن پېدال بىلەن كىرىشتۈرۈلمىگەن پېدال ئارىسىدىكى بۇلۇڭ (E) نى ئۆلچەڭ.
4. بۇلۇڭ (E) تاكى تېخنىكىلىق ئۆلچەمگە يەتكەنگە قەدەر، تورمۇز تۇگۈنىنى تەڭشەڭ.

**ئۆلچەم**

| | |
|---|---|
| تورمۇز پېدالىنىڭ تاكتى — بۇلۇڭى | 25°-27° |

5. تورمۇز تۇگۈنىنى تەڭشەش ئۈچۈن، قۇلۇپلاش گايكىسى (B) نى بوشىتىڭ ۋە كالتەكنىڭ ئۇزۇنلىقى (A) نى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئاچىماق (C) نى تەڭشەڭ.
6. ئەگەر سۈركىلىش تاسمىسىنىڭ ئۈپرىشى بەك ئېغىر بولسا، تومۇزنىڭ دوقا چاق بىلىكى (F) نى تەتۈر قىلىش ئارقىلىق، كالتەكنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تەڭشەڭ.
7. ئوڭ ۋە سول پېداللاردىكى ئەركىن تاكتىنىڭ ئوپئوخشاش بولىشىغا جەزىم قىلىڭ.

**مۇھىم: ئىككى پېدالدىكى ئەركىن تاكتىنى ئوخشاش تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە تەڭشەڭ. بولمىسا تورمۇز تۇتقان ۋاقىتتا، بىر تەرەپنىڭ ئىنكاسى يۇقىرى بولۇپ كېتىپ ھادىسە يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.**

N400041,0001FFA-UG-11MAR15-1/1

## مۇفتا پېدالىنىڭ ئەركىن مۇساپىسىنى تەڭشەش




PUC5184—UN—07DEC10

**A**—ئىتتىرىش كالتىكى
**B**—تەڭشەش ئاچىمىقى
**C**—چەكلەش ۋىنتىسى
**D**—قۇلۇپ گايكا
**E**—مۇفتا دەستىسىنىڭ تەڭشەش گايكىسى
**F**—ساندۇق

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 250 سائەتتە**

1. ئىتتىرىش كالتىكى (A) نى ئۇزارتىش ياكى قىسقارتىش ئۈچۈن، تەڭشەش ئاچىمىقى (B) نى تولغاڭ ۋە ئەركىن تاكتىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە تەڭشەڭ. تەڭشەش تاماملانغاندىن كېيىن، ئىتتىرىش كالتىكىدىكى قۇلۇپلاش گايكىسى (A) نى چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

يالغۇز ھەرىكەتلىك مۇفتا پېدالىنىڭ ئەركىن
تاكتى—ئارىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 12-21 مىللىمېتىر (0.47-0. 83 ديۇم)

2. خىزمەت تاكتىنى 80-110 mm (3.15-4.33 in.) غا تەڭشەش ئۈچۈن، چەكلەش ۋىنتىسى (C) نى تەڭشەڭ.

3. تاكى كۆڭۈلدىكىدەك ئەركىن تاكت تەڭشىكىگە كەلگەنگە قەدەر مۇفتا پېدالىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۇزارتىش ياكى قىسقارتىش ئۈچۈن، چەكلەش ۋىنتىسى (C) نى بۇراڭ. تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن، تەڭشەش گايكىسى (C) نى چىڭىتىڭ.

4. خىزمەت تاكتىنى ئەڭ چوڭ قىلىپ تەڭشەش ئۈچۈن، قۇلۇپلاش گايكىسى (D) نى بوشىتىڭ ۋە ئۈچ دانە تەڭشەش گايكىلىرى (E) نى ئوخشاش ۋاقىتتا چىڭىتىڭ. لېكىن (گايكىلارنىڭ ئىچىدە 2 سىنىڭ) بۇرۇلۇش بۇلۇڭى چوقۇم ئوخشاش بولۇشى كېرەك. مۇفتىنى مەشغۇلات قىلدۇرۇش ئارقىلىق، تەڭشەشنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرۈڭ. تەڭشەش ۋە سىناش تاماملانغاندىن كېيىن، قۇلۇپلاش گايكىسى (D) نى چىڭىتىڭ.

JL31334,0000AB4-UG-01JUL15-1/1




PUC1720—UN—02JAN09

## ماتور جەينەكلىك شافتىسىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۇرۇبىسىنى تازىلاش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 500 مەشغۇلات سائىتى**

**ئاگاھلاندۇرۇش: تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ۋاقىتتا، پرېسلانغان ھاۋانىڭ بېسىمى 210 كىلوپاسكال (2 bar) (30 psi) دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەتراپتىكى كىشىلەر يىراق تۇرسۇن. ئۇچۇپ چىقىدىغان پارچە نەرسىلەردىن ئۆزىڭىزنى قوغداڭ، كۆز ئاسراش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق قوغدىنىش ئۈسكۈنىسى تاقاڭ.**

جەينەكلىك ئوق ساندۇقىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۇرۇبىسىنى (A) موتوردىن چىقىرىپ ئېلىڭ. ئېرىتكۈچ بىلەن تازىلاڭ ياكى پرېسلانغان ھاۋا بىلەن قۇرۇتۇڭ. ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۇرۇبىسىنىڭ كىلاپان قاپقىقىنى موتورغا ئورنىتىڭ. ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۇرۇبىسىنىڭ تولغىنىپ ياكى قىسىلىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

**A—جەينەكلىك ساندۇقنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۇرۇبىسى**

N400041,0001FFC-UG-11MAR15-1/1

## ماتورنىڭ قۇرۇق ئايلىنىش سۈرئىتىنى تەكشۈرۈش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 500 مەشغۇلات سائىتىدە**

ئاستا قۇرۇق ئايلىنىش سۈرئىتىگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، قول ئېقىم كىلاپانىنى ئالدىغا تولۇق ئىتتىرىڭ.

تېز قۇرۇق ئايلىنىش سۈرئىتىگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، قول ئېقىم كىلاپانىنى ئارقىغا تولۇق تارتىڭ.

ئەگەر قۇرۇق ئايلىنىش سۈرئىتى توغرا بولمىسا، John Deere سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**ئۆلچەم**

ماتور سۈرئىتى—تۆۋەن قۇرۇق ئايلىنىش

سۈرئىتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . مىنۇتىغا 30±750 قېتىم دەۋرىيلىنىش

ماتور سۈرئىتى—يۇقىرى قۇرۇق ئايلىنىش

سۈرئىتى . . . . . . . . . . . . ≥2376 مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش (30 ئات كۈچى مودېلى)
≥2538 مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش (32 ئات كۈچى مودېلى)
≥2592 مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش (35 ئات كۈچى مودېلى)

JL31334,0000ABF-UG-01JUL15-1/1

## ماتور كلاپان بوشلۇقىنى تەڭشەش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 1000 مەشغۇلات سائىتى**

ماتور كلاپان بوشلۇقىنى تەكشۈرۈپ ياكى تەڭشەپ بېرىش ئۈچۈن، John Deere سودىگىرىگە ئىلتىماس قىلىڭ.

N400041,0001FFE-UG-11MAR15-1/1

## بارلىق شىلانكىلار ۋە شىلانكا قىسقۇچلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە چىڭىتىش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 500 مەشغۇلات سائىتى**

تۆۋەندىكى سىستېما شىلانكىلىرى ۋە شىلانكا قىسقۇچلىرىنىڭ چىڭ بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئۇلار بوشاپ قالغان بولسا چىڭىتىڭ.

- موتورنىڭ ھاۋا سۈمۈرۈش سىستېمىسى
- موتور سوۋۇتۇش سىستېمىسى
- گىدراۋلىك سىستېما
- يېقىلغۇ سىستېمىسى

N400041,0001FFF-UG-11MAR15-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

بارلىق شىلانكىلاردا قىچىش ياكى بۇزۇشقا سەۋەبچى بولالايدىغان يېرىقلار بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر بولسا ئۇلارنى ئالماشتۇرۇڭ.



PUC1880—UN—13FEB09



PUC1881—UN—13FEB09



PUC1882—UN—13FEB09

**A**—**رادىئاتور ئۈستۈنكى شىلانكىسىنىڭ قىسقۇچلىرى (2 دانە)**
**B**—**رادىئاتور ئاستىنقى شىلانكىسىنىڭ قىسقۇچلىرى (2 دانە)**
**C**—**رول مېيى غەملەنمىسىنىڭ شىلانكا قىسقۇچلىرى (4 دانە)**

N400041,0001FFF-UG-11MAR15-2/2

## مىخلارنىڭ چىڭ-بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 50 مەشغۇلات سائىتى**

| **ماددا** | **ئۆلچەش** | **ئۆلچەم** |
|---|---|---|
| تەگپۇڭلاشتۇرغۇچنى چىڭىتىش بولتىلىرى | ئايلىنىش مومېنتى | (lb.-ft. 170) N.m 230 |
| ھەيدەش شافتىسىنىڭ شادىسى ۋە چاق رامىنىڭ تۇتتۇرما گايكىلىرى | مومېنتى | (lb.-ft. 132 ~ 170) N.m 180 ~ 146 |
| يېتەكچى چاق شادىسى ۋە يېتەكچى ئوقنى چىڭىتىش گايكىسى | ئايلىنىش مومېنتى | (lb.-ft. 173 ~ 146) N.m 235 ~ 199 |
| يېتەكچى چاقنىڭ شادىسى ۋە چاق كۆدىسىنىڭ تۇتتۇرما گايكىلىرى | مومېنتى | (lb.-ft. 173 ~ 146) N.m 235 ~ 199 |
| ئالدى شافتىنىڭ ئەستىرى ۋە قوشۇمچە ئەستەرنىڭ ئۇلاش گايكىسى | مومېنتى | (lb.-ft. 88 ~ 73) N.m 120 ~ 100 |

N400041,0002000-UG-11MAR15-1/1

## نىيترال قوزغىتىش سىستېمىسىنى تەكشۈرۈش




N4A0003895—UN—13NOV14




PUC5035—UN—05OCT10

### ئاسراش ئىنتېرۋالى — 250 سائەتتە

John Deere تراكتورىڭىزغا، ماتور قوزغىتىلغان ۋاقىتتا تاسادىپىي ھەرىكەت سادىر بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۆزئارا قۇلۇپلاش قۇرۇلمىسى سەپلەنگەن. مۇفتا پېداللىرىنى دەسسەڭ. ئەگەر تۆۋەندىكى بارلىق شەرتلەر قانائەتلەندۈرۈلسە، ئاچقۇچ ئۇزچاتىنى تولغىغان ۋاقىتتا ماتور قوزغىلالايدۇ:

- دائىرە يۆتكەش دەستىسى (B) بوش خوت ئورنىدا بولغان.
- PTO دەستىسى ئاجرىتىش ئورنىدا بولغان.

**ئاگاھلاندۇرۇش: ئەگەر ستاتور ماتورنى قوزغاتقان ھەمدە تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ خالىغان بىرى يۈز بەرگەن بولسا، نېيترال قوزغىتىش سىستېمىسىنى رېمونت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، John Deere سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.**

ئەگەر تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ خالىغان بىرى يۈز بەرسە، ئاچقۇچ ئۇزچاتىنى قوزغىتىش ئورنىغا بۇرىغاندا موتور قوزغالمايدۇ:

- دائىرە يۆتكەش دەستىسى خوتتا تۇرۇپ قالغان (يەنى بوش خوتتا ئەمەس).
- PTO دەستىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئورۇنىدا تۇرغان.

**A—PTO** دەستىسى **B**—دائىرە يۆتكەش دەستىسى

N400041,0002001-UG-11MAR15-1/1

## ئورۇندۇق كەمىرىنى تەكشۈرۈش




PUC1831—UN—08FEB09

### ئاسراش ئىنتېرۋالى — يىلدا بىر قېتىم

بېزىندە ۋە ئۇنىڭ چىڭگىتقۇچلىرىنى كەم دېگەندە يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈڭ. ئەگەر بېزىندە سىستېمىسىدا كېسىلىپ كېتىش، زىيادە ياكى غەيرىي ھالەتتىكى ئۇپراش، رەڭگى ئۆڭۈش، ھالقا ياكى چاتقۇچتا جىجىلىش ياكى بۇزۇلۇش ئەھۋالى بار بولسا، پۈتۈن بېزىندە سىستېمىسىنى دەرھال يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. بىخەتەرلىك ئۈچۈن، بېزىندە سىستېمىسىنى پەقەت تەستىقلانغان ماشىنا دېتالىغا ئالماشتۇرۇڭ. ئۇنىڭ ئۈچۈن جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**A**—ئورۇندۇق كەمىرى

N400041,0002002-UG-11MAR15-1/1

## ئېقىم كلاپانىنى تەڭشەش




1. پانا پىن (A) ۋە پىن (B) نى چىقىرىڭ.
2. قۇلۇپلاش گايكىسى (D) نى بوشىتىڭ.
3. يېقىلغۇ پومپىسىدىكى ئېقىم كلاپان تۇتقۇچىنى كۆكۈلدىكىدەك ئورۇنغا تەڭشەڭ.
4. ئاچىماق (C) نى تاكى ئۇ ئېقىم كلاپان تۇتقۇچى بىلەن ماسلاشقانغا قەدەر بۇراڭ ۋە تەڭشەڭ. پانا پىن (A) ۋە پىن (B) نى بېكىتىڭ.
5. قۇلۇپلاش گايكىسى (D) نى چىڭىتىڭ.

**A**—پانا پىن
**B**—پىن
**C**—ئاچىماق
**D**—قۇلۇپلاش گايكىسى

N400041,0002003-UG-11MAR15-1/1

## بالونلارنى تەكشۈرۈش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 50 مەشغۇلات سائىتى**

1. بالونلاردا بۇزۇلۇش بار-يوقلىقى ياكى يەل بېسىمى زىيادە تۆۋەنلەپ كەتكەن-كەتمىگەنلىكىنى كۆزدە تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ.
2. كېسىلگەن ياكى يېرىلغان جايلارنى كېچىكتۈرمەي رېمونت قىلىڭ.
3. بالونلارنى قۇياش نۇرىنىڭ بىۋاسىتە چۈشىشى، نېفىت مەھسۇلاتلىرى ۋە خىمىيىلىك دورىلاردىن قوغداڭ.
4. ئاۋايلاپ ھەيدەڭ. تاش ۋە ئۇچلۇق نەرسىلەردىن ساقلىنىڭ.

**مۇھىم: ئەڭ كىچىك يەل بېسىمى پەقەت تراكتورغا تەگپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ئارتىلمىغان ۋە يەڭگىل يۈكلۈك ئىشلارغا ماس كېلىدۇ. تەگپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ياكى دېھقانچىلىق جابدۇقىنى چاتىدىغان ۋە ياكى ئېغىر يۈك سۆرەيدىغان ۋاقىتتا، يەل بېسىمىنى ئاشۇرۇڭ.**

5. 10 كىلوپاسكاللىق (0.1 bar) (1 psi) ئىشكالىسى بار بولغان توغرا ئۆلچىگۈچ ئىشلىتىپ بالونلارنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر بالونلاردا سۇيۇقلۇق تەگپۇڭلاشتۇرغۇچ بار بولسا، مەخسۇس ئىشلەنگەن يەل-سۇيۇقلۇق ئۆلچىگۈچ ئىشلىتىپ ئاستىدىكى كىلاپان دەستىسىنى ئۆلچەڭ.

"چاقلار، بالونلار ۋە چاق ئارىلىقى" دېگەن بابتىكى "بالوننىڭ يەل بېسىم جەدۋىلى" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ.

N400041,0002004-UG-11MAR15-1/1

## موۋاپىق سىلىقلاش مېيى ئىشلىتىڭ

**مۇھىم: تراكتورغا ئاسراش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، "يېقىلغۇ، سىلىقلىغۇچلار ۋە سوۋۇتقۇچ" دېگەن بۆلۈمدە كۆرسىتىلگەن تېخنىكىلىق ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سىلىقلىغۇچى ئىشلىتىڭ.**

N400041,0002005-UG-11MAR15-1/1

## ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — كۈندە ياكى ھەر 10 مەشغۇلات سائىتىدە**



PUC5053—UN—07OCT10



PUC1884—UN—13FEB09




PUC1885—UN—13FEB09

1. ئەگەر موتور قىزغىتىلمىغان بولسا، موتورنى قىزغىتىپ تۆۋەن ئايلىنىش تېزلىكىدە 3-2 مىنۇت ماڭدۇرۇڭ. موتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، 2-3 مىنۇت ساقلاڭ. ئاپتول ئېقىپ ئاپتول قاچىسىغا قايتىپ كەتسۇن.
2. ئەگەر موتور ئاللىبۇرۇن مېڭىۋاتقان بولسا، موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى تۆۋەنلىتىپ 3-2 مىنۇت ماڭدۇرۇڭ. موتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، 3-2 مىنۇت ساقلاڭ.
3. ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ئاپتول ئۆلچەش تايىقىنى (A) چىقىرىپ ئېلىپ سۈرتۈڭ. ئاندىن، ئۇنى تۆۋىگىچە قايتا تىقىڭ. ئۇنى چىقىرىڭ ۋە ماي سەۋىيىسىنى بەلگىلەڭ.
4. بىخەتەر مەشغۇلات دائىرىسى بولسا ماي ئۆلچەش تاياقچىسىدىكى تۆۋەن سەۋىيە بەلگىسى (C) ۋە يۇقىرى سەۋىيە بەلگىسى (D) نىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ماي سەۋىيىسى تۆۋەن سەۋىيە بەلگىسى (C) نىڭ ئاستىدا بولسا، ماتورنى ھەرگىز مەشغۇلات قىلدۇرماڭ. توشقۇزغۇچ قالپىقى (B) نى چىقىرىڭ. يېپىشقاقلىقى پەسلگە موۋاپىق ماتور مېيى قوشۇڭ. (ماتور مېيىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى ئۈچۈن، "يېقىلغۇ، سىلىقلىغۇچلار ۋە سوۋۇتقۇچ" دېگەن بۆلۈمىدىن پايدىلىنىڭ. )

**A**—**ماتور ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى**
**B**—**ماتور مېيى توشقۇزغۇچىنىڭ قالپىقى**
**C**—**تۆۋەن سەۋىيە بەلگىسى**
**D**—**يۇقىرى سەۋىيە بەلگىسى**

N400041,0002006-UG-11MAR15-1/1

## ماتور مېيى ۋە فىلتىرىنى ئالماشتۇرۇش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 500 مەشغۇلات سائىتى**[1] بىر قېتىم، دەسلەپكى 100 مەشغۇلات سائىتى

1. ماتورنى ماگدۇرۇپ، مايىنى ئىسسىتىڭ. ماتورنى ئۆچۈرۈڭ.
2. ئېقىتىش شتېپسىلىنى چىقىرىڭ ۋە مايىنى مۇۋاپىق بىر قاچىغا ئېقىتىڭ.
3. ماي ئالماشتۇرغان ۋاقىتتا، ماتور مېيى سۈزگۈچى (A) نى يەڭگۈشلەڭ. يېڭى ماي فىلتىر ھىملىغۇچىنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت ماي يالىتىڭ. فىلتىرنى قاچىلاڭ. شتېپسىلنى قولىڭىز بىلەن يېرىم 1/2 ئايلانما چېڭىتىڭ.
4. ئېقىتىش شتېپسىلى (B) نى ئورنىتىڭ ۋە چېڭىتىڭ.
5. يېپىشقاقلىقى پەسىلگە مۇۋاپىق ماي قوشۇڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلاش ۋە سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرى" دېگەن بابقا قاراڭ. )

**ئۆلچەم**

ماتور مېيى—سىغىمى . . . . . .. . . . . . . . . . . . . . . . 6 ~ 6.5 L (1.58 ~ 1.71 gal.)

[1] TorqGARD ياكى PLUS 50 دىن باشقا سىلىقلىغۇچ ئىشلەتكەندە، ئاسراش ئىنتېرۋالىنى 200 مەشغۇلات سائىتىگە قىسقارتىڭ




PUC5197—UN—13JAN11

**A**—ماتور ماي فىلتىرى

N400041,0002007-UG-11MAR15-1/1

## ترانسمىسسىيون / گىدراۋلىك سىستېما مېيىنىڭ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى - كۈندىلىك**

**مۇھىم: قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرغاندا رېمونتخانىنىڭ ئىش توختىتىش ۋاقتىدىن ساقلىنىشقا بولىدۇ. مەشغۇلاتچى ماشىنىدا كۆرۈلگەن بارلىق كاشىلىلارنى، سۇيۇقلۇق/ماي ئېقىپ قېلىش ئەھۋاللىرىنى خاتىرلەپ ماڭسا، چاتاق چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا چوڭ ياردىمى تېگىدۇ. چىشلىق چاقلار ماتور مېيىنىڭ ئىچىدە چىلىشىپ تۇرىدىغان ۋە شۇ ماينىڭ ياردىمىدە خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، ماينىڭ ھەر ۋاقىت پاكىز ۋە يېتەرلىك مىقداردا بولىشى ئىنتايىن مۇھىم.**




PUC1834—UN—08FEB09




PUC1835—UN—08FEB09

**A**—**گىدراۋلىك ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى**

**B**—**ترانسمىسسىيون ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى**

1. ماشىنىنى تەكشى يەرگە مۇقىم توختىتىڭ. يۆتكەش دەستىسىنى بوش خوت ئورنىغا ئەكىلىڭ. تورمۇز پېداللىرىنى قۇلۇپلاڭ ۋە پارك تورمۇزىنى قوللىنىڭ.
2. تەۋرەنمە يەلكە شافتىسىنىڭ تۆۋەنگە يۆزلەندۈرۈلگەن بولىشىغا جەزىم قىلىڭ. ("تەۋرەنمە يەلكە شافتىسى ۋە 3 نۇقتىلىق ئېسىش قۇرۇلمىسى" دېگەن بابتىكى "تەۋرەنمە يەلكە شافتىسى كونتروللىغۇچى" دېگەن مەزمۇنىدىن پايدىلىنىڭ. )
3. قول ئېقىم كىلاپانىنى تولۇق ئالدىغا ئىتتىرىڭ. ماتورنى 5 مىنۇتقىچە قۇرۇق ماڭدۇرۇڭ. ماتورنى ئۆچۈرۈڭ.
4. ماتور مېيى ماي ساندۇقىغا تولۇق سىرغىپ چۈشۈپ بولىشى ئۈچۈن 5 مىنۇتچە ساقلاڭ.
5. ئۆلچەش تايىقىدىكى (A) گىدراۋلىك مېيىنىڭ مىقدارىنى ۋە ئۆلچەش تايىقىدىكى (B) سىلىقلاش مېيىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ.
6. ئاپتول ئۆلچەش تايىقىنى (A ياكى B) چىقىرىپ ئېلىپ ئۇنى پاكىز سۈرتۈڭ. ماي ئۆلچەش تاياقچىسىنى قايتىدىن تۆۋىگىچە كىرگۈزۈڭ. ماي سەۋىيىسىنىڭ ماي ئۆلچەش تايىقىدىكى يۇقىرى سەۋىيە بەلگىسى بىلەن تۆۋەن سەۋىيە بەلگىسىنىڭ ئارىسىدا بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈڭ.
7. ئەگەر ماي سەۋىيىسى بەك تۆۋەن بولسا، توشقۇزغۇچ ئارقىلىق ماي تولۇقلاڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلىغۇچلار ۋە سوۋۇتقۇچ" دېگەن بابتىكى "ترانسمىسسىيون مېيى ۋە گىدراۋلىك مېيى" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )

N400041,0002008-UG-11MAR15-1/1

## گىدراۋلىك سىستېما ماي فىلتىرىنى / سۈزگۈچنى ئاسراش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 500 مەشغۇلات سائىتى** بىر قېتىم، دەسلەپكى 100 مەشغۇلات سائىتى

1. ۋىنتىلار (A) نى چىقىرىڭ.
2. گىدراۋلىك لىنىيە (B) نى ئاجرىتىڭ. ئېغىزلىرىنى قالپاقلار ۋە شتېپسېللار بىلەن تاقىۋېتىڭ.
3. قالپاقلىق ۋىنتىلار (D) ۋە توشقۇزغۇچ (C) نى چىقىرىڭ. ئېھتىياجغا قاراپ رېمونت قىلىڭ ياكى يەڭگۈشلەڭ.
4. توشقۇزغۇچ (C) ۋە قالپاقلىق ۋىنتىلار (D)نى بېكىتىڭ. قالپاقلىق ۋىنتىلار (D) نى چىڭىتىڭ.
5. گىدراۋلىك لىنىيە (B) نى ئۇلاڭ ۋە ۋىنتىلار (A) نى بېكىتىڭ.
6. بېتەرلىك ترانسمىسسىيون مېيى ۋە گىدراۋلىك مېيىنى قوشۇش ئارقىلىق، ماي سەۋىيىسىنى بەلگىگە يەتكۈزۈڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلىغۇچلار ۋە سوۋۇتقۇچ" دېگەن بابقا قاراڭ. )
7. موتورنى 30 سېكۇنت ماگدۇرۇپ ئاندىن ئاپتول مىقدارىنى قايتا تەكشۈرۈڭ.
8. بەش مىنۇت مەشغۇلات قىلغاندىن كېيىن قايتا تەكشۈرۈڭ. ئېھتىياجغا قاراپ ماتور مېيى تولۇقلاڭ.




PUC0045—UN—03APR09




PUC1796—UN—16JAN09

**A**—ۋىنتا
**B**—گىدراۋلىك لىنىيىلىرى
**C**—فىلتىر
**D**—قالپاقلىق ۋىنتىلار (3 دانە)

N400041,0002009-UG-11MAR15-1/1

## رولنىڭ ئاساسىي شافتىسىنى مايلاش (2WD)

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 50 مەشغۇلات سائىتى** پەتقۇلنادىدە نەم ياكى پاتقاق شارائىتتا — 10 مەشغۇلات سائىتى

رول ئاساسىي شافتىسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى بارلىق مايلاش خوپ پارچىلىرى (A) غا بىر نەچچە مىقدار سىلىقلاش مېيى سۈرۈڭ.




PUC0022—UN—24MAR09

**A**—رول ئاساسىي شافتىسىدىكى مايلاش خوپ پارچىلىرى

N400041,000200A-UG-11MAR15-1/1

## رولنىڭ ئاساسىي شافتىسىنى مايلاش (MFWD)

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 50 مەشغۇلات سائىتى** پەۋقۇلئاددە نەم ياكى پاتقاق شارائىتتا — 10 مەشغۇلات سائىتى

رول ئاساسىي شافتىسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى بارلىق مايلاش خوپ پارچىلىرى (A) غا بىر نەچچە مىقدار سىلىقلاش مېيى سۈرۈڭ.

PUC1887—UN—13FEB09




**A—رول ئاساسىي شافتىسىدىكى مايلاش خوپ پارچىلىرى**

N400041,000200B-UG-11MAR15-1/1

## 3 نۇقتىلىق ئېسىش قۇرۇلمىسىنىڭ سىگارىيان دەستىسىنى مايلاشد

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 250 سائەتتە**

سىگارىيان دەستىنى مايلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ مايلاش خوپ پارچىلىرى (A) ۋە (B) غا بىر نەچچە مىقدار سىلىقلاش مېيى سۈرۈڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلىغۇچلار ۋە سوۋۇتقۇچ" دېگەن بابقا قاراڭ. )

**A—ئوڭ سىگارىيان دەستىدىكى مايلاش خوپ پارچىلىرى**

**B—سول سىگارىيان دەستىدىكى مايلاش خوپ پارچىلىرى**

PUC1888—UN—13FEB09




PUC1889—UN—13FEB09




N400041,000200C-UG-11MAR15-1/1

## ئارقا ئوق قازىنىنى مايلاڭ

**ئاسراش ئىنتېرۋالى - 500 مەشغۇلات سائىتى** ئىنتايىن نەم ياكى پاتقاق شارائىتتا - 50 مەشغۇلات سائىتى

ئارقا ئوقنىڭ مايلاش ئېغىزلىرىنىڭ (A) هەر ئىككى تەرىپىگە بىر قانچە قېتىم سىلىقلاش مېيى پۈركەش ئارقىلىق مايلاڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلاش ۋە سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرى" دېگەن بابقا قاراڭ. )

**A—ئارقا ئاكسىلدىكى مايلاش خوپ پارچىلىرى (2 دانە)**

PUC5054—UN—06OCT10




N400041,000200D-UG-11MAR15-1/1

## MFWD ئالدى ئاكسىلنىڭ لىڭشىش تەختىنى مايلاش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 50 سائەتتە**

MFWD ئالدى ئوقىنىڭ ئىككى ئايرىم ئايلانما ئورنى بار. ھەربىر تەۋرىنىش ئورنىنىڭ مايلاش ئېغىزلىرىنى (A) مۇۋاپىق مايدا مايلاڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلاش ۋە سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرى" دېگەن بابقا قاراڭ.)




PUC1891—UN—13FEB09

N400041,000200E-UG-11MAR15-1/1

## MFWD ئالدى ئاكسىل ساندۇقىدىكى ماي سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 250 سائەتتە**

N400041,000200F-UG-11MAR15-1/2

1. تراكتورنى تەكشى يەر يۈزىدە توختىتىڭ.
2. ئالدى ئاكسىل ساندۇقىدىكى ماي سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ماي ئۆلچەش تاياقچىسى (A) نى چىقىرىڭ. ماي سەۋىيىسى تۆشۈكنىڭ ئاستى قىسمى بىلەن بىر تەكشىلىكتە بولۇشىغا جەزىم قىلىڭ.
3. ئەگەر ماي سەۋىيىسى بەك تۆۋەن بولسا، ماي تولۇقلاڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلاش ۋە سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرى" دېگەن بابقا قاراڭ.)




PUC1892—UN—13FEB09

N400041,000200F-UG-11MAR15-2/2

## ترانسمىسسىيون / گىدراۋلىك سىستېمىسىنىڭ مېيىنى ئالماشتۇرۇش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 1000 مەشغۇلات سائىتى**

1. تەۋرەنمە يەلكە ئوقىنى تۆۋەنلىتىپ قاپسىلىپ قالغان ئاپتولنى ئېقىتىۋېتىڭ.

N400041,0002010-UG-11MAR15-1/5

ئىزاھات: ئىشلىتىپ بولغان مايلارنى ھەر ۋاقىت يەرلىكنىڭ ئالاقىدار قانۇن تۈزۈملىرىدە تەلەپ قىلغىنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىڭ.

2. چىشلىق چاق ساندۇقىدىكى ئېقىتىش شتېپسىلى (A) نى چىقىرىڭ ۋە ماينى ئېقىتىۋېتىڭ. ئىشلىتىپ بولغان ماينى مۇۋاپىق بىر ياقىلىق قىلىڭ.




PUC1893—UN—13FEB09

**A—چىشلىق چاق ساندۇقىدىكى ئېقىتىش شتېپسىلى**

N400041,0002010-UG-11MAR15-2/5

داۋامى كېيىنكى بەتتە




3. چىشلىق چاق ساندۇقىدىكى ئېقىتىش شتېپسىلى (A) نى چىقىرىڭ ۋە مايىنى ئېقىتىۋېتىڭ.

**A—ئېقىتىش شتېپسىلى**

N400041,0002010-UG-11MAR15-3/5







4. فىلتىرنى چىقىرىڭ ۋە مايىنى ئېقىتىڭ. مايىنى ئالماشتۇرغاچ، فىلتىر (B) نىمۇ يەڭگۈشلەڭ.

5. فىلتىر گىدراۋلىك ماي غەملەنمىسى (A) نىڭ ئىچىگە جايلاشقان. فىلتىرنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، مىخلارنى مۇۋاپىق چىڭگىتىڭ.

**A—گىدراۋلىك ماي غەملەنمىسى** **B—ماتور ماي فىلتىرى**

N400041,0002010-UG-11MAR15-4/5

داۋامى كېيىنكى بەتتە



PUC5055—UN—06OCT10

6. ئۆلچەش تاياقلىرى (A ۋە B) نى چىقىرىڭ. سىستېمىنى ترانسمىسسىيون ۋە گىدراۋلىك مېيى بىلەن توشقۇزۇڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلىغۇچلار ۋە سوۋۇتقۇچ" دېگەن بابقا قاراڭ. )

**ئۆلچەم**

ترانسمىسسىيون مېيى (MFWD)—سىغىمى . . . . . 16.5 ~ 17.5 L (4.35 ~ 4.62 gal.)

ترانسمىسسىيون مېيى (2WD)—سىغىمى . . . . . . . . . 15 ~ 16 L (3.96 ~ 4.22 gal.)

گىدراۋلىك مېيى—سىغىمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 7 ~ 8 L (1.84 ~ 2.11 gal.)

7. قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلچەش تايىقى (A ياكى B) ئۈستىدىكى ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. 5 مىنۇت مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يەنە تەكشۈرۈڭ.

**A—گىدراۋلىك ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى**
**B—ترانسمىسسىيون ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى**

N400041,0002010-UG-11MAR15-5/5

## ترانسمىسسىيون / گىدراۋلىك مېيىنى توشقۇزۇش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى - 1000 مەشغۇلات سائىتى**

**مۇھىم: تېزلىك كوروپكىسىنى بەك تولدۇرۇۋەتمەڭ. بۇ زىيادە قىزىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە چىشلىق چاق ساندۇقىنى بۇزۇپ قويىدۇ.**



PUC5055—UN—06OCT10

**A—گىدراۋلىك ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى**
**B—ترانسمىسسىيون ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى**

1. ئۆلچەش تاياقلىرى (A ۋە B) نى چىقىرىڭ. سىستېمىنى ترانسمىسسىيون / گىدراۋلىك مېيى بىلەن توشقۇزۇڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلىغۇچلار ۋە سوۋۇتقۇچ" دېگەن بابقا قاراڭ. )

**ئۆلچەم**

ترانسمىسسىيون مېيى (MFWD)—سىغىمى . . . . . 16.5 ~ 17.5 L (4.35 ~ 4.62 gal.)

ترانسمىسسىيون مېيى (2WD)—سىغىمى . . . . . . . . . 15 ~ 16 L (3.96 ~ 4.22 gal.)

گىدراۋلىك مېيى—سىغىمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 7 ~ 8 L (1.84 ~ 2.11 gal.)

2. قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلچەش تايىقى (A ياكى B) ئۈستىدىكى ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ئاپتول مىقدارى چوقۇم تولۇق بولسۇن. 5 مىنۇت مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ماي مىقدارىنى يەنە تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر تېپىلسا ماي تولۇقلاڭ.

N400041,0002011-UG-11MAR15-1/1

## رول سىستېمىسى گىدراۋلىك مېيىنىڭ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش



PUC5198—UN—13JAN11

1. توشقۇزغۇچ قالپىقى (A) نى چىقىرىڭ.
2. گىدراۋلىك ماي غەملەنمىسىدىكى ماي سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈڭ.
3. زۆرۈر تېپىلسا گىدراۋلىك مېيى قوشۇڭ.

**ئۆلچەم**

گىدراۋلىك رولنىڭ گىدراۋلىك مېيى - 304 ۋە 2C-354 تراكتورلىرى—سىغىمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1.8 L (1.90 qt.)

مېخانىكىلىق رولنىڭ چىشلىق چاق مېيى - 300 ۋە B350 تراكتورلىرى—سىغىمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . 0.9 L (0.95 qt.)

**A—توشقۇزغۇچ قالپىقى**

N400041,0002012-UG-11MAR15-1/1

## رول سىستېمىسى گىدراۋلىك مېيىنى ئالماشتۇرۇش

### ئاسراش ئىنتېرۋالى — 1000 سائەتتە

1. رول سىستېمىسىنىڭ گىدراۋلىك مېيىنى ئېقىتىڭ. MFWD مودېلىدا، رولنىڭ ماي لىنىيە كوننېكتورى (A) ئارقىلىق مايىنى مۇۋاپىق بىر قاچىغا ئېقىتىشقا بولىدۇ؛ 2WD مودېلىدا بولسا، رولنىڭ ماي لىنىيە كوننېكتورى (B) ئارقىلىق مايىنى مۇۋاپىق بىر قاچىغا ئېقىتىشقا بولىدۇ.
2. توشقۇزغۇچ قالپىقى (C) نى چىقىرىڭ ۋە گىدراۋلىك مېيىنى قۇيۇڭ.

**ئۆلچەم**

گىدراۋلىك رولنىڭ گىدراۋلىك مېيى - 284،
304 ۋە 324 تراكتورلىرى—سىغىمى . . . . . . .. . . . . . . . . . . . . . . . 1.8 L (qt. 1.90)
مېخانىكىلىق رولنىڭ چىشلىق چاق مېيى -
320 ،300 ،280 ۋە B350
تراكتورلىرى—سىغىمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 0.9 L (qt. 0.95)

**MFWD—A رولىنىڭ ماي لىنىيە كوننېكتورى**
**2WD—B رولىنىڭ ماي لىنىيە كوننېكتورى**
**C—رول سىستېمىسى گىدراۋلىك مېيىنىڭ توشقۇزغۇچ قالپىقى**




MFWD مودېلى




2WD مودېلى




N400041,0002013-UG-11MAR15-1/1

## MFWD ئالدى ئاكسىل ساندۇقىنىڭ مېيىنى ئالماشتۇرۇش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى - 1000 مەشغۇلات سائىتى** دەسلەپكى 100 مەشغۇلات سائىتىدە

بىر قېتىم

1. ئاپتول قۇيغاندا تىراكتورنى تەكشى يەرگە توختىتىپ ئاپتول مىقدارىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.
2. ئېقىتىۋېتىش پۇرۇپكىسى (B) ۋە (C) نى چىقىرىپ ئېلىڭ. ئاپتول ئېقىتىۋېتىڭ.
3. ئېقىتىۋېتىش پۇرۇپكىلىرىنى (B ۋە C) ئورنىتىڭ.
4. ئاپتول ئۆلچەش تايىقىنى (A) چىقىرىپ ئېلىڭ. دىففېرېنسىيال ئوققازىنىغا جون دىئىر ماركىلىق™Hy-Gard چىشلىق چاق سىلىقلاش مېيى قۇيۇڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلاش ۋە سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقلىرى" دېگەن بابقا قاراڭ. )

**ئۆلچەم**

MFWD ئالدى ئاكسىل ساندۇقىنىڭ مېيى

(1200 چاق ئارىلىقى)—سىغىمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 5.5 L (1.45 gal.)

MFWD ئالدى ئاكسىل ساندۇقىنىڭ مېيى

(1300 چاق ئارىلىقى)—سىغىمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 6 L (1.58 gal.)

**مۇھىم: 30 مىنۇتتىن كېيىن ئاپتول مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. ئاپتول ئوققازان ۋە ئالدى ئوق ئوققازىنىدىن ئاستا ئاقىدۇ. ئېھتىياجغا قاراپ ماي تولۇقلاڭ.**



PUC1892—UN—13FEB09



PUC1983—UN—27FEB09



PUC1987—UN—02MAR09

**A—ماي ئۆلچەش تاياقچىسى**
**B—ئېقىتىش شتېپسىلى**
**C—ئېقىتىش شتېپسىلى**

Hy-Gard بولسا Deere & Company نىڭ تاۋار ماركىسى.

N400041,0002014-UG-11MAR15-1/1

## موتور سوۋۇتۇش سىستېمىسىنىڭ زاپچاسلىرى

**مۇھىم: موتور قىزىق ۋاقتىدا ئۇنىڭ سوۋۇتۇش سىستېمىسىغا سوغۇق سۇ قۇيماق. بولمىسا، پورشېن گەۋدىسى ياكى ئۇنىڭ بېشى يېرىلىپ كېتىشى مۇمكىن. سوۋۇتقۇچ يوق ئەھۋالدا، ماتورنى بىر-نەچچە مىنۇت بولىشىدىن قەتئىي نەزەر مەشغۇلات قىلدۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.**

ئەگەر تېخىمۇ كۆپ سوۋۇتقۇچ كېرەك بولسا، رادىئاتور تورپلىمى (C) غا سوۋۇتقۇچ قوشۇڭ. (مەزكۇر بابتىكى "سوۋۇتقۇچ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش" دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ. )



PUC5199—UN—13JAN11



PUC5200—UN—13JAN11



PUC5201—UN—13JAN11



PUC1787—UN—16JAN09

**A**—رادىئاتور سۇ لىنىيىسىنىڭ كىرگۈزۈش شلانكىسى
**B**—رادىئاتور قالپىقى
**C**—رادىئاتور توپلىمى
**D**—رادىئاتور سۇ لىنىيىسىنىڭ چىقىرىش شلانكىسى
**E**—تېرموستات ساندۇقى
**F**—رادىئاتوردىكى ئېقىتىش شتېپسىلى

N400041,0002015-UG-11MAR15-1/1

## ئالدى سېتكا ۋە رادىياتورنى تازىلاش



TS266—UN—23AUG88

1. ئالدى سېتكا (A) غا ئەخلەت توپلىشىپ قالسا، ماتورنى توختىتىپ ۋە ئۇنى چوتكا بىلەن تازىلاڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ۋاقىتتا، پرېسلانغان ھاۋانىڭ بېسىمى 210 كىلوپاسكال (2 bar) (30 psi) دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەتراپتىكى كىشىلەر يىراق تۇرسۇن. ئۇچۇپ چىققان پارچە-پۇراتلاردىن قوغدىنىڭ ۋە كۆز ئەينەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوغداش ئۈسكۈنىلىرىنى تاقىۋېلىڭ.**

2. ماتور قاپقىقىنى ئېچىڭ ۋە رادىئاتوردا ئەخلەت يىغىلىپ قالغان-قالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئەخلەت بار بولسا، ئۇنى چوتكا ياكى پرېسلانغان يەل بىلەن ئاۋايلاپ تازىلىۋېتىڭ.

3. تېخىمۇ تەلتۆكۈس تازىلاش ئۈچۈن، پرېسلانغان يەل ياكى سۇ ئىشلىتىپ رادىئاتورنىڭ ئارقا قىسمىدىن تازىلاڭ. ئېگىلىپ كەتكەن قالغان پەرەكلىرى بولسا تۈزلەڭ.




PUC5056—UN—06OCT10

A—ئالدى سېتكا

N400041,0002016-UG-11MAR15-1/1

## سوۋۇتقۇچ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈڭ

**ئاسراش ئىنتېرۋالى - 10 مەشغۇلات سائىتى**

**ئاگاھلاندۇرۇش: سوۋۇتقۇچ سوۋۇمىغىچە قاچىنى چىقىرىپ ئالماڭ. ئارتۇق بېسىمنى قويۇۋېتىش ئۈچۈن، غەملىمىنىڭ قالپىقىنى ھەر دائىم ئاستىراق چىقىرىڭ.**

رادىئاتوردىكى سوۋۇتقۇچ سەۋىيىسىنىڭ تولۇق دېگۈدەك بولىشىنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، رادىئاتورغا سوۋۇتقۇچ قوشۇڭ. ("يېقىلغۇ، سىلىقلىغۇچلار ۋە سوۋۇتقۇچ" دېگەن بابقا قاراڭ. )

N400041,0002017-UG-11MAR15-1/1




PUC5057—UN—06OCT10




PUC5202—UN—13JAN11

## سوۋۇتۇش سىستېمىسىدا ئېقىپ قېلىش بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 500 سائەتتە**

1. رادىئاتور توپلىمى (A) نىڭ ئۆلى ئەتراپىدا تۇشۇكلەر ياكى سوۋۇتقۇچ قاچىدىغان يېرلەر بار يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ.
2. تېرموستات ساندۇقىنىڭ ھىملىغۇچىسى (B) نىڭ ئەتراپىدا سوۋۇتقۇچ قېچىش ئالامەتلىرى بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ.

**A—رادىئاتور توپلىمى**
**B—تېرموستات ساندۇقىنىڭ ھىملىغۇچىسى**

N400041,0002018-UG-11MAR15-1/1

## سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى چايقاش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — ھەر 2 يىل ياكى ھەر 2000 مەشغۇلات سائىتى**

ئۈنۈملۈك تراكتور مەشغۇلاتى ئۈچۈن، كەم دېگەندە ھەر 2 يىلدا بىر قېتىم كونا سوۋۇتقۇچنى ئېقىتىۋېتىڭ، پۈتۈن سىستېمىسىنى چايقاڭ ۋە ئۇنى پاكىز توڭلىماس ئېرىتمە بىلەن توشقۇزۇڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى سوۋۇمىغىچە رادىياتورنىڭ قاپقىقىنى چىقىرىپ ئالماڭ. رادىياتور قاپقىقىنى ئاستا بوشىتىپ ئارتۇق بېسىمنى قويۇپ بېرىڭ.**

1. سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنى ئېقىتىۋېتىڭ. رادىئاتور قالپىقى (A) نى چىقىرىڭ. رادىئاتوردىكى ئېقىتىش شتېپسىلى (B) نى ئېچىڭ ۋە بىر دانە ئېقىتىش شلانكىسى بېكىتىڭ. شلانكىنى بىر تۇڭغا باشلاڭ ۋە رادىئاتوردىكى سوۋۇتقۇچنى ئېقىتىپ چىقىرىڭ. ماتور بۆلۈمچىسىدىكى سوۋۇتقۇچنى ئېقىتىپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئېقىتىش شتېپسىلى (C) نى ئېچىڭ.

**مۇھىم: تەلتۆكۈس چايقاشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، تېرموستاتنى چىقىرىۋېتىڭ.**

2. تېرموستات ساندۇقى (D) نى چىقىرىڭ. تېرموستاتنى چىقىرىۋېلىپ، قاپلىمىنى (تېرموستاتسىز) بېكىتىپ قويۇڭ. قاپلام بولتىلىرىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەملەرگە ئاساسەن چېكىڭ.

**ئۆلچەم**

تېرموستات ساندۇقىنىڭ قاپلىما
بولتىسى—ئايلىنىش مومېنتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 70 N.m (52 lb.-ft.)

3. سىستېمىنى سۇ بىلەن چايقاڭ - بارلىق ئېقىتىۋېتىش كىلاپانىنى (پۇرۇپكىسىنى) تاقاڭ ئاندىن سىستېمىغا پاكىز سۇ قۇيۇڭ. موتورنى تەخمىنەن 10 مىنۇت ماڭدۇرۇپ، دات ياكى چۆكمىنى ئىلەشتۈرۈڭ. دات ۋە چۆكمە تىنىشتىن بۇرۇن، موتورنى توختىتىپ سىستېمىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ.

4. سىستېمىنى رادىياتور تازىلاش سۇيۇقلۇقى بىلەن چايقاڭ - بارلىق ئېقىتىۋېتىش كىلاپانىنى (پۇرۇپكىسىنى) تاقاڭ ئاندىن سىستېمىغا سۈپەتلىك رادىياتور تازىلاش سۇيۇقلۇقى ۋە سۇ قۇيۇڭ. تازىلاش سۇيۇقلۇقىنى ئىشلىتىش كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىڭ. موتورنى توختىتىڭ ۋە سىستېمىنىڭ سۇيۇقلۇقىنى دەرھال ئېقىتىۋېتىڭ.

5. سىستېمىنى سۇ بىلەن چايقاڭ - بارلىق ئېقىتىۋېتىش كىلاپانىنى (پۇرۇپكىسىنى) تاقاڭ ئاندىن پاكىز سۇ قۇيۇپ سىستېمىنى چايقاڭ. موتورنى تەخمىنەن 10 مىنۇت ماڭدۇرۇڭ. ئاندىن، چايقاش سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ.

6. تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچنىڭ قاپقىقىنى چىقىرىپ ئېلىپ كونا شايبىنى تازىلاڭ. يېڭى شايبىغا ھىملىغۇچ ئىشلىتىڭ. تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ ۋە قاپقاقنى ئورنىتىڭ. بولتىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر بويىچە چىڭىتىڭ.

**ئۆلچەم**

تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ قازىنى قاپقىقىنىڭ
بولتىسى—ئايلىنىش مومېنتى . . . . . . .. . . . . . . . . . . . . . . . . . 70 N.m (52 lb.-ft.)

7. يېڭى سوۋۇتقۇچ قۇيۇڭ — بارلىق ئېقىتىش كلاپانلىرىنى/شتېپسىللارنى تاقاڭ ۋە ئاندىن "يېقىلغۇ، سىلىقلىغۇچلار ۋە سوۋۇتقۇچ" دېگەن بابتا كۆرسىتىلگەن مۇزلاشقا قارشى تۇرغۇچ، يۇمشاق سۇ ۋە سوۋۇتقۇچ تەڭشىگۈچلىرىنىڭ ئارىلاشمىسىنى قۇيۇڭ.

8. سوۋۇتقۇچ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈڭ — رادىئاتور توشقۇزغۇچ ئېغىزىنىڭ بوغۇزىغا تاقاشقانغا قەدەر تولدۇرۇڭ. ماتورنى تاكى ئۇ نورمال مەشغۇلات تېمپېراتۇرىسىغا يەتكەنگە قەدەر ماڭدۇرۇڭ. ماتورنى (ئەڭ



PUC5058—UN—06OCT10



PUC1902—UN—13FEB09



PUC1984—UN—27FEB09



PUC1903—UN—13FEB09

**A**—رادىئاتور قالپىقى
**B**—رادىئاتوردىكى ئېقىتىش شتېپسىلى
**C**—ماتور بۆلۈمچىسىدىكى ئېقىتىش شتېپسىلى
**D**—تېرموستات قاپلىمى

N400041,0002019-UG-11MAR15-2/1

داۋامى كېيىنكى بەتتە

ياخشىسى بىر كىچە تۇرغۇزۇپ) سوۋۇتۇلۇك ۋە سوۋۇتقۇچ سەۋىيىسىنى قايتىدىن تەكشۈرۈڭ. موتور سوغۇق ۋاقتىدىكى سوۋۇتقۇچ مىقدارى قۇيۇش بوغۇزىنىڭ ئاستىدا بولۇشى لازىم.

9. سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى توشقۇزغان ۋاقىتتا، سىستېمىدىكى سوۋۇتقۇچ سەۋىيىسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەشغۇلات قىلدۇرۇش/سوۋۇتۇش جەريانىنى بىر قانچە مەرتە قايتىلاش زۆرۈر بولىشى مۇمكىن. سوۋۇتقۇچ سەۋىيىسىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن، رادىئاتورغا ئېھتىياجغا قاراپ يەنە سوۋۇتقۇچ قوشۇڭ.

N400041,0002019-UG-11MAR15-1/1

## قىشتا پەرۋىش قىلىش

1. قىشلىق سىلىقلاش مېيى ۋە يېقىلغۇ ئىشلىتىڭ.
2. ساقلاش جەريانىدا، سوۋۇتۇش سۈيىگە توڭلىماس سۇيۇقلۇق قوشۇڭ. توڭلىماس سۇيۇقلۇق يوق بولغان سوۋۇتۇش سۈيىنى ئېقىتىۋېتىڭ.
3. قىشتا قوزغىتىش تەرتىپلىرى بويىچە ئىش قىلىڭ.
4. تىراكتورنى شامال كىرمەيدىغان ۋە ئىسسىق كەپە ئىچىگە توختىتىڭ.

N400041,000201A-UG-11MAR15-1/1

## يېقىلغۇ سىستېمىسىدىن گاز قويۇپ بېرىڭ




**ئاگاھلاندۇرۇش: يۇقىرى بېسىم بىلەن چاچراپ چىققان سۇيۇقلۇقلار تېرىگە كىرىپ كېتىشى ھەمدە ئېغىر يارىلىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، گىدراۋلىك ماي لىنىيىلىرىنى ئاجرىتىشتىن ئاۋال سىستېمىدىكى بېسىمنى قويۇۋېتىڭ. قاتتىق قەغەز ئىشلىتىش ئارقىلىق، قېچىش بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ. قوللىرىڭىزنى ۋە بەدىنىڭىزنى يۇقىرى بېسىملىق سۇيۇقلۇقلاردىن قوغداڭ.**

**مۇبادا ۋەقە يۈز بەرسە، دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ. ھەر قانداق سۇيۇقلۇق تېرىگە كىرىپ كەتسە، ئۇنى چوقۇم بىر-قانچە سائەت ئىچىدە ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىش كېرەك، بولمىسا تېرە چىرىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ خىل يارىلىنىشنى چۈشەنمەيدىغان دوختۇرلار ئالاقىدار تىببىي كىتابلاردىن پايدىلىنىشى لازىم. بۇ خىل ئۇچۇرنى ئامېرىكا ئىلىنوئىس ئىشتاتىنىڭ مولىن شەھىرىدىكى جون دىئېر شىركىتىنىڭ مېدىتسىنا مەركىزىدىن ئېلىشقا بولىدۇ.**

يېقىلغۇ سىستېمىسى ئاسراش مەشغۇلاتى ئۈچۈن ئېچىلغان ھامان (نەيچىلەرنى ئۈزۈش ياكى سۈزگۈچنى چىقىرىپ ئېلىش)، سىستېمىنىڭ يېلىنى قويۇپ بېرىڭ.

N400041,000201B-UG-11MAR15-1/3

**سىستېمىنىڭ يېلىنى سۈزگۈچتىن قويۇپ بەرگەندە، تۆۋەندىكى باسقۇچلارنى ئېلىپ بېرىڭ:**




**A—يەل ھەيدەش ۋىنتىسى**

1. فىلتىرىدىكى يەل ھەيدەش ۋىنتىسى (A) نى قول بىلەن ئىككى قېتىم بۇراپ ئېچىڭ.
2. ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش ئېغىزىدىن بىلىنگۈدەك مىقداردا يېقىلغۇ تەپچىپ چىققانغا قەدەر، يېقىلغۇ تەمىنلەش پومپىسىنىڭ قول پومپىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈڭ. بېسىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ. يېقىلغۇ ئېقىپ چىقىشقا باشلىغاندا، يەل قويۇپ بېرىش بۇرما مىخىنى چىڭىتىڭ.
3. قول پومپىسىنى ئازراق قارشىلىقنى سەزگىلى بولغىچە بىر نەچچە قېتىم بېسىڭ. داۋاملىق بېسىپ تۇرۇپ، يەل قويۇپ بېرىش بۇرما مىخىنى قايتا ئېچىڭ.
4. قول پومپىسىنى بېسىپ تۇرغان ھالدا يەل ھەيدەش ۋىنتىسىنى تاقاڭ. قول پومپىسىنى تاكى قارشىلىق قايتا ھېس قىلىنغانغا قەدەر بېسىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

N400041,000201B-UG-11MAR15-2/3

**يېقىلغۇ سىستېمىدىكى يەلنى يېقىلغۇ ئېنجىكسيون پومپىسى ئارقىلىق چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى باسقۇچلارنى ئورۇنداڭ:**




**A—ماي چىقىرىش نەيچىسى**

1. يېقىلغۇ ئېنجىكسيون پومپىسىدىكى يېقىلغۇ كىرگۈزۈش نەيچىسى (A) نى بوشىتىڭ.
2. يېقىلغۇ تەمىنلەش پومپىسىدىكى قول پومپىسىنىڭ قالپىقىنى بوشىتىڭ.
3. يېقىلغۇ تەمىنلەش پومپىسىدىكى قول پومپىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈڭ.
4. يېقىلغۇ ئېقىمى ھاۋا كۆپۈكچىلىرىدىن خالىي بولغان ھامان، يېقىلغۇ قايتىش لىنىيىسىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر بويىچە چىڭىتىڭ. پومپا دەستىسىگە پۈرژىنا قاچىلانغان بولۇپ، نورمال ئورنىغا ئاپتوماتىك قايتىدۇ.

**ئۆلچەم**

ماي كىرگۈزۈش نەيچىسى—ئايلىنىش مومېنتى . . . . . . . . . . . . 27 N.m (20 lb.-ft.)

N400041,000201B-UG-11MAR15-3/3

## چۆكمە قاچىسىنى تەكشۈرۈش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى - كۈندىلىك**

چۆكمە قاچىسىنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر سۇ ياكى چۆكمە بايقالسا، ئۇنى تازىلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى قەدەم-باسقۇچلارغا ئەگىشىڭ:

1. چۆكمە قاچا توپلىمىنىڭ ئۈزچاتى (A) نى تاقاڭ. دىئاگراممىدا كۆرسىتىلگىنى ئوچۇق ھالەت.
2. چۆكمە قاچىسىنىڭ يۇمىلاق گايكىسى (G) نى چىقىرىڭ.
3. چۆكمە قاچىسى (G) نى چىقىرىڭ. چۆكمە قاچىسىنى تازىلاڭ.
4. چۆكمە قاچىسىنى بېكىتىڭ. چۆكمە قاچا توپلىمىنىڭ ئۈزچاتىنى ئېچىڭ.




N4A0000074—UN—23AUG12

**A**—چۆكمە قاچا توپلىمىنىڭ ئۈزچاتى
**B**—چۆكمە قاچىسى
**C**—نەيچىسىمان ۋىنتا
**D**—مىس شايبا (2 دانە)
**E**—چۆكمە قاچىسىدىن يېقىلغۇ تەمىنلەش پومپىسىغا تۇتىشىدىغان ماي نەيچىسى
**F**—چۆكمە قاچا تېرىكى
**G**—چۆكمە قاچىسىنىڭ يۇمىلاق گايكىسى

N400041,000201C-UG-11MAR15-1/1

## چۆكمە قاچىسىنى يەڭگۈشلەش

1. دېزىلنى مۇۋاپىق بىر تۇڭغا ئېقىتىپ چىقىرىڭ.
2. نەيچە ۋىنتىسى (C) ۋە مىس شايبا (D) نى چىقىرىڭ.
3. چۆكمە قاچىسىدىن يېقىلغۇ تەمىنلەش پومپىسىغا تۇتىشىدىغان ماي نەيچىسى (E) نى چىقىرىڭ.
4. چۆكمە قاچا تېرىكى (F) نى چىقىرىڭ.
5. بارلىق زاپچاسلاردا ئۇپراش ياكى بىرىلىش بار-يوقلىقىنى تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر تېپىلسا ئۇلارنى يەڭگۈشلەڭ.

ئىزاھات: چۆكمە قاچا تېرىكى (F) نى يېقىلغۇ باكى توپلىمىغا بېكىتىدىغان ۋاقىتتا، چوقۇم 577 تىپلىق رېزبا يار يېلىمىنى ئىشلىتىش كېرەك.

6. چۆكمە قاچا تېرىكىنى بېكىتىش ئۈچۈن، يۇقىرىقى قەدەم-باسقۇچلارنى ئەكسى تەرتىپ بويىچە ئىشلەڭ.
7. يېقىلغۇ باكىنى توغرا يېقىلغۇ بىلەن توشقۇزۇڭ.
8. يېقىلغۇ سىستېمىسىدىكى يەلنى قويۇۋېتىڭ. (مەزكۇر بابتىكى "يېقىلغۇ سىستېمىسىدىكى يەلنى ھەيدەش" دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ. )




N4A0000074—UN—23AUG12

**A**—چۆكمە قاچا توپلىمىنىڭ ئۈزچاتى
**B**—چۆكمە قاچىسى
**C**—نەيچىسىمان ۋىنتا
**D**—مىس شايبا (2 دانە)
**E**—چۆكمە قاچىسىدىن يېقىلغۇ تەمىنلەش پومپىسىغا تۇتىشىدىغان ماي نەيچىسى
**F**—چۆكمە قاچا تېرىكى
**G**—چۆكمە قاچىسىنىڭ يۇمىلاق گايكىسى

N400041,000201D-UG-11MAR15-1/1

## يېقىلغۇ باكى ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش فىلتىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تازىلاش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 250 مەشغۇلات سائىتى**

**ئاگاھلاندۇرۇش: يېقىلغۇ باكى ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش فىلتىرىنى ئۇ تېخى سوۋۇماي تۇرۇپ ھەرگىز تازىلاشقا ئۇرۇنماڭ.**

يېقىلغۇ باكى ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش فىلتىرىنى تەكشۈرۈڭ ۋە تازىلاڭ. ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش فىلتىرى بولسا يېقىلغۇ باكىدىكى فىلتىر پورتىغا جايلاشقان.

N400041,000201E-UG-11MAR15-1/1

## يېقىلغۇ فىلتىرىدىن سۇ ۋە چۆكمىنى ئېقىتىۋېتىش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 250 سائەتتە**

N400041,000201F-UG-11MAR15-1/2 داۋامى كېيىنكى بەتتە




PUC1906—UN—13FEB09

ئېقىتىش شتېپسىلى (A) نى يېقىلغۇ باكىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستى تەرىپىگە قويۇڭ. ئېقىتىش شتېپسىلىنىڭ ئاستىغا مۇۋاپىق بىر تۇڭ قويۇڭ ۋە شتېپسىلنى بوشىتىڭ. پاكىزە يېقىلغۇ ئېقىپ چىقىشقا باشلىغان ۋاقىتتا، ئېقىتىش كلاپانىنى چېكىتىڭ.

**A—ئېقىتىش شتېپسىلى**

N400041,000201F-UG-11MAR15-2/2

## يېقىلغۇ فىلتىرىنى ئالماشتۇرۇش

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 500 سائەتتە**[1]

1. يېقىلغۇ سۈزگۈچ قورۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى تەلتۆكۈس تازىلاڭ.
2. يېقىلغۇ سۈزگۈچنى (B) چىقىرىپ ئېلىڭ.
3. سۈزگۈچنىڭ ئورنىتىش تەگلىكىنىڭ پاكىزلىقىنى تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر بولسا تازىلاڭ.
4. سۈزگۈچ تەگلىكىنىڭ (A) هىملاش چەمبىرىنى تولۇق تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر بولغاندا ئالماشتۇرۇڭ.
5. يېڭى يېقىلغۇ سۈزگۈچ (B) ئالماشتۇرغاندا، يېڭى يېقىلغۇ سۈزگۈچكە يېڭى يېقىلغۇ قۇيۇڭ ئاندىن يېقىلغۇ سۈزگۈچنىڭ هىملاش چەمبىرى ئۈستىگە ئازراق سىلىقلاش مېيى قۇيۇڭ. سىلىقلاش مېيى قۇيۇپ 15 مىنۇت ئىچىدە يېقىلغۇ سۈزگۈچنى ئورنىتىشنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ.
6. يېڭى سۈزگۈچ دېتالىنى ئورنىتىش تەگلىكى ئۈستىگە ئورنىتىڭ. ئاندىن، ئۇنى 2/1 دىن 4/3 غىچە ئايلاندۇرۇپ چىڭىتىڭ. رېزىنا ۋە هىملاش هالقىسىنى بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قولۇپلاش هالقىسىنى بەك چېڭىتىۋەتمەك.
7. يېقىلغۇ سىستېمىسىدىكى يەلنى قويۇۋېتىڭ. (مەزكۇر بابتىكى "يېقىلغۇ سىستېمىسىدىكى يەلنى هەيدەش" دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ. )




PUC5060—UN—07OCT10

**A—فىلتىر تەگلىكى** **B—يېقىلغۇ فىلتىرى**

[1] ئاسراش ئېنتېرۋالى مەشغۇلات شارائىتىغا ئاساسەن پەرقلىنىشى مۇمكىن.

N400041,0002020-UG-11MAR15-1/1

## يېقىلغۇ سىستېمىسىنى هەرگىز ئىسلاھ قىلماڭ

**مۇھىم: ئىنجېكسىيون پومپىسى، ئىنجېكسىيون پومپا تايمېرى، ياكى يېقىلغۇ ئىنجېكتورغا هەرقانداق شەكىلدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ياكى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش سېتىۋالغۇچىغا بېرىلگەن كاپالەتنى ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىدۇ. (ئالدى مۇقاۋىدىكى هۆددە رېمونت ئۇچۇرىغا قاراڭ. )**

**ئىنجېكسىيون پومپىسى ياكى يېقىلغۇ ئىنجېكتورنى ئۆزىڭىز رېمونت قىلىشقا ئۇرۇنماڭ. بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ئالاهىدە تەربىيىلىنىش ۋە مەخسۇس سايمانلار كېرەك. (جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. )**

N400041,0002021-UG-11MAR15-1/1

## ئېلېكتىر سىستېمىسىنى ئاسراش ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىگە رىئايە قىلىڭ



TS204—UN—15APR13

**ئاگاھلاندۇرۇش: ئېلېكترولىت قويۇپ بەرگەن گاز بەك كۆيۈشچان بولغانلىقى ئۈچۈن، باتارېيەلەرنى ئۇچقۇن ياكى ئوتتىن يىراقراق ساقلاڭ. كۈچەيتكۈچ باتارېيەلەرنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا، "ماتورنى مەشغۇلات قىلدۇرۇش" دېگەن بۆلۈمدە بېرىلگەن تەلىماتلارغا ئەمەل قىلىڭ.**

**توك سوقۇۋېتىش ۋە كۆيۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئېلېكتىر سىستېمىسىنىڭ ھەرقانداق زاپچاسلىرىغا ئاسراي ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋال، مەنپىي (-) كابېل (B) نى ئۈزۈۋېتىڭ. ئاندىن، ئەگەر ئاككۇمۇلياتورنى چىقىرىپ ئېلىشقا توغرا كەلسە، مۇسبەت (+) قۇتۇپ سىمىنى ئېلىۋېتىڭ.**

**بارلىق ئېلېكتىرىك قالقانلارنى جايىدا تۇرغۇزۇڭ.**




N4A0003897—UN—16NOV14

A—مۇسبەت (+) باتارېيە كابېلى
B—مەنپىي (-) باتارېيە كابېلى

N400041,0002022-UG-11MAR15-1/1

## ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ / شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى تەڭشەش

### ئاسراش ئىنتېرۋالى — 250 سائەتتە

ئەگەر تاسما ئۇپرىغان ياكى بۇزۇلغان بولسا، ئۇنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ. (بۇ بۆلەكتىكى «ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى ۋە شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى ئالماشتۇرۇڭ» دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )

ئىزاھات: موتورنى 5 مىنۇت ماڭدۇرۇپ سوغۇق تاسمىنى قىزىتىڭ. تەڭشەشتىن بۇرۇن، قىزىق تاسمىنى 15 مىنۇت سوۋۇتۇڭ.

تاسمىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى بېسىش ئارقىلىق تاسمىنىڭ تارتىش كۈچىنى تەكشۈرۈڭ. تاسمىنىڭ ئېگىلىش دەرىجىسى چوقۇم 10-15 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىشى كېرەك.

ئاۋال ئورنىتىش گايكىسى (B) نى ۋە ئاندىن تەڭشىگۈچى قالپاقلىق ۋىنتا (A) نى بوشىتىش ئارقىلىق كېرىلىش كۈچىنى تەڭشەڭ. تاكى كېرىلىش كۈچى توغرىلانغانغا قەدەر، ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ جازىسىغا كۈچ ئىشلىتىڭ. ئاۋال تەڭشىگۈچى قالپاقلىق ۋىنتا (A) نى ۋە ئاندىن ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنى ئورنىتىش گايكىسى (B) نى چېڭىتىڭ.




PUC5170—UN—08NOV10

A—كېرىلىش كۈچىنى تەڭشىگۈچى قالپاقلىق ۋىنتا
B—ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنى ئورنىتىش گايكىسى

N400041,0002023-UG-11MAR15-1/1

## ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ / شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى ئالماشتۇرۇش




PUC5170—UN—08NOV10

A—كېرىلىش كۈچىنى تەڭشىگۈچى قالپاقلىق ۋىنتا

B—ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنى ئورنىتىش گايكىسى

1. كېرىلىش كۈچىنى تەڭشىگۈچى قالپاقلىق ۋىنتا (A) ۋە ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنى ئورنىتىش گايكىسى (B) نى بوشىتىڭ. تاسمىسىنى بوشىتىش ئۈچۈن، ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنى چۆرگىلىتىڭ.
2. ھەيدەش غالتىكىدىن تاسمىنى چىقىرىڭ.
3. تاسمىنى چىقىرىپ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى شامالدۇرغۇچ ئەتراپىدىن تارتىپ چىقىرىڭ.
4. يېڭى تاسمىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، چىقىرىش قەدەم-باسقۇچىنى ئەكىس تەرتىپ بويىچە ئىشلەڭ.
5. تاسمىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تەڭشەڭ. (مەزكۇر بابتىكى "ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ / شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى تەڭشەش" دېگەن بۆلۈمگە قاراڭ.  )

N400041,0002024-UG-11MAR15-1/1

## ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئورنى



N4A0003896—UN—16NOV14

ئاككۇمۇلياتور رادىياتورنىڭ ئالدىدا.

ئاككۇمۇلياتورنى ئېلىش ئۈچۈن، موتور قاپقىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ.

N400041,0002025-UG-11MAR15-1/1

## باتارېيىنى زەرەتلەش



TS204—UN—15APR13




N4A0003897—UN—16NOV14

ئاككۇمۇلياتورنى تولۇق زەرەتلەنگەن ھالەتتە ساقلاڭ، بولۇپمۇ سوغۇق ھاۋادا شۇنداق قىلىڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: ئاككۇمۇلياتوردىن چىققان گاز پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئاككۇمۇلياتورنى ئۇچقۇن ۋە ئوت يالقۇنىدىن يىراق ساقلاڭ. ئاككۇمۇلياتور زەرەتلىگۈچنى ئۇلاش ياكى ئۈزۈپ ئېلىشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال زەرەتلىگۈچنى ئوچۇرۇۋېتىڭ. ئاخىرقى باغلىنىشنى چاتقاندا ۋە بىرىنچى ئاجرىتىشنى ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، باتارىيىدىن يىراقراق تۇرۇڭ.**

1. زەرەتلىگۈچنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ. باتارىيە زەرەتلىگۈچىنىڭ مۇسبەت ئۇچىنى مۇسبەت (+) باتارىيە تېرمىنالىغا باغلاڭ. زەرەتلىگۈچىنىڭ مەنپىي ئۇچىنى باتارىيىدىن ئۇزاقراق يەردىكى تراكتور جازىسىغا مۇقىملاشتۇرۇڭ.

2. زەرەتلىگۈچىنىڭ ئۇزچاتىنى ئېچىپ باتارېيىنى زەرەتلەڭ. زەرەتلىگۈچنى ئىشلەتكەندە، ئاككۇمۇلياتور ئىشلەپچىقارغان زاۋۇتنىڭ كورسەتمىلىرى بويىچە ئىش قىلىڭ. تۆۋەندە كورسىتىلگەندەك، ئاككۇمۇلياتورنىڭ ھالىتىنى تەكشۈرۈڭ.

3. ئاككۇمۇلياتور زەرەتلىگۈچنى ئۈزۈۋېتىڭ. زەرەتلىگۈچنى ئوچۇرۇۋېتىڭ. ئاۋۋال مەنپىي قۇتۇپ ئۇچىنى چىقىرىپ ئېلىڭ، ئاندىن مۇسبەت قۇتۇپ ئۇچىنى ئېلىڭ.

**A—مۇسبەت (+) باتارىيە تېرمىنالى** **B—مەنپىي (-) باتارىيە تېرمىنالى**

N400041,0002026-UG-11MAR15-1/1

## ئاككۇمۇلياتورنى تازىلاڭ




N4A0003896—UN—16NOV14

**ئاسراش ئىنتېرۋالى — 50 مەشغۇلات سائىتى**

باتارېيىنى ئىشلىتىش ھەققىدە مەزكۇر بابتىكى مۇناسىۋەتلىك تەرتىپلەرگە قاراڭ.

يۈتكەش دەستىسىنى بوش خوت ئورنىغا ئەكىلىڭ. تورمۇز پېداللىرىنى قۇلۇپلاڭ ۋە پارك تورمۇزىنى قوللىنىڭ.

قول ئېقىم كىلاپانىنى تولۇق ئالدىغا ئىتتىرىڭ. ماتورنى 1، 2 مىنۇتقىچە قوزۇق ماڭدۇرۇڭ. ماتورنى ئوچۇرۇڭ.

نەم لاتا بىلەن ئاككۇمۇلياتورنى سۈرتۈڭ. ئەگەر زۆرۈر بولسا، ئۇلاش دېتاللىرىنى تازىلاڭ ۋە چىڭىتىڭ.

N400041,0002027-UG-11MAR15-1/1

## ئاككۇمۇلياتورنىڭ ھالىتىنى تەكشۈرۈڭ



TS204—UN—15APR13

**ئاسراش ئىنتېرۋالى - 50 مەشغۇلات سائىتى**

**ئاگاھلاندۇرۇش: باتارىيىدىن قويۇپ بېرىلگەن گاز پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. باتارىيىلەرنى ئوت ياكى ۋە ئۇچقۇننى يىراقراق تۇتۇڭ. باتارىيىنىڭ ئېلېكترولىت سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، چاقماق لامپا ئىشلىتىڭ.**

**باتارىيىنىڭ زەرىتىنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئارىسىغا مېتال نەرسە قويۇپ ئۆلچىمەڭ. ۋولتمېتىر ياكى گىدرومېتىر ئىشلىتىپ تەكشۈرۈڭ.**

**ئاككۇمۇلياتورنىڭ يەر سىم (-) قىسقۇچىنى دائىم ئاۋۋال چىقىرىپ ئېلىڭ ھەمدە ئۇنى ئەڭ ئاخىرىدا چېتىڭ.**

1. ئاككۇمۇلياتور گىدرومېتىرى ئىشلىتىپ، ھەربىر بۆلەكتىكى ئېلېكترولىتنىڭ ئېنىق ئېغىرلىق كۈچىنى تەكشۈرۈڭ. ئەگەر ئىشكالا سانى 1.215 دىن تۆۋەن بولسا، ئاككۇمۇلياتورنى زەرەتلەڭ. ئەگەر باتارېيەلەر ئارىسىدىكى پەرق .050 دىن چوڭ بولسا ياكى باتارېيە 1.225 دىن يۇقىرى بولغىچە زەرەتلەنمىسە، باتارېيەنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇڭ.
2. ئېلېكتىرولىت تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشى ئۈچۈن ئېغىرلىق ئىشكالاسىنى دائىم توغرا قىلىڭ. 80 گارېنگېيتتىن يۇقىرى بولغان ھەر 10 فارېنگېيت گىرادۇس ئۈچۈن، بىرىنچى قەدەمدە ئېرىشكەن ئىشكالا سانىغا 0.004 نى قوشۇڭ (27 سېلسىيە گىرادۇستىن يۇقىرى بولغان ھەر 10 سېلسىيە گىرادۇس ئۈچۈن 0.007 نى قوشۇڭ). ئەگەر ئېلېكترولىت تېمپېراتۇرىسى 80 فارېنگېيت (27 سېلسىيە) گىرادۇستىن تۆۋەن بولسا، ئوخشاش نىسبەتتە ئېلىۋېتىڭ. تولۇق زەرەتلەنگەن ئاككۇمۇلياتورنىڭ توغرا بولغان ئېنىق ئېغىرلىقى 1.265 دىن 1.280 غىچە بولىدۇ.
3. سۇيۇقلۇق ئېغىرلىق ئۆلچىگۈچ ئارقىلىق ئۇدا ئۈچ سائەت ئىچىدە ئۆلچەنگەن ھەر سائەتلىك ئىشكالا سانىدا ئېشىش بولمىسا، ئاككۇمۇلياتور تولۇق زەرەتلەنگەن دەپ قارىلىدۇ.

N400041,0002028-UG-11MAR15-1/1

## ئاككۇمۇلياتورنى چىقىرىپ ئېلىڭ




N4A0003898—UN—16NOV14

1. ماتور قاپقىقىنى كۆتۈرۈڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: ئۇچقۇن چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەنپى قۇتۇپ (يەر سىم) ئۇچىنى ئاۋۋال ئۈزۈپ ئېلىڭ ۋە ئۇنى ئاخىرىدا ئۇلاڭ.**

2. باتارىيىنىڭ مەنپىي (-) كابېلىنى سىمىنى ئاجرىتىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ مۇسبەت (+) كابېلىنى ئاجرىتىڭ.
3. گايكا (C) نى چىقىرىڭ ۋە ئاندىن تېرەك تەگلىكىنى چىقىرىڭ.
4. باتارېيەنى ماشىنىدىن چىقىرىڭ.

**A—باتارىيىنىڭ مۇسبەت (+) كابېلى**
**B—باتارىيىنىڭ مەنپىي (-) كابېلى**
**C—باتارېيەنى ئورنىتىش گايكىلىرى (2 دانە)**

N400041,0002029-UG-11MAR15-1/1

## ئاككۇمۇلياتورنى تەلەپ قىلىنغان تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر بويىچە ئالماشتۇرۇڭ

باتارېيەنى يەڭگۈشلىگەن ۋاقىتتا، Deere باتارىيىسى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىشىڭىزنى سورايمىز. John Deere سودىگىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

**ئۆلچەم**

| | |
|---|---|
| ئاككۇمۇلياتور—ئېلېكتىر بېسىمى | 12 ۋولت |
| سوغۇقتا قوزغىلىش ئېلېكتېر ئېقىمى 18°C- (0° F) دا | 320 ئامپېر |

N400041,000202A-UG-11MAR15-1/1

## ئاككۇمۇلياتورنى ئاسراش

1. نەم لاتا بىلەن ئاككۇمۇلياتورنى سۈرتۈڭ. ئاككۇمۇلياتورنى پاكىز ساقلاڭ. قۇتۇپ ئۇچلىرىنى (A ۋە B) پاكىز ۋە چىڭ‌ تىلغان ھالەتتە ساقلاڭ. چىرىپ كەتكەن نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇچىنى تۆت ئۆلۈش سۇ بىلەن بىر ئۆلۈش ناترىي گىدرو كاربوناتنىڭ ئارىلاشما سۇيۇلۇقى بىلەن يۇيۇڭ.

**ئاگاھلاندۇرۇش: ئۇچقۇندىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەنپىي (يەر) قۇتۇپ سىمىنى ئاۋۋال ئۈزۈڭ، ھەممە ئۇنى ئەڭ ئاخىرىدا چېتىڭ.**

2. باتارېيىنى بولۇپمۇ سوغۇق ھاۋادا تولۇق زەرەتلەنگەن ھالەتتە ساقلاڭ. ئەگەر باتارىيە زەرەتلىگۈچ چېتىلغان بولسا، مۇسبەت كابېلنى مۇسبەت (+) باتارىيە تېرمىنالى (A) غا چېتىڭ. مەنپىي (-) باتارىيە زەرەتلىگۈچ كابېلىنى تراكتور جاھازىسىدىكى ياخشى بىر جايغا يەر ئۇلاڭ.

3. تېرمىناللارغا ئازراق مىقداردا سىلىقلاش مېيى يالىتىڭ.




N4A0003897—UN—16NOV14

A—مۇسبەت (+) باتارىيە تېرمىنالى
B—مەنپىي (-) باتارىيە تېرمىنالى

N400041,000202B-UG-11MAR15-1/1

## ئالدى چىراغلارنى تەڭشەش

**مۇھىم: قوزغىتىشتىن بۇرۇن، تەڭشەش ۋىنتىلىرىنىڭ رېزبىلىرىغا سىلىقلاش مېيى پۈركەڭ. بولمىسا، تەڭشەش ۋىنتىلىرىنى خالىغان بىر يۆنىلىشكە بۇراش قىيىن بولىدۇ.**

1. ۋىنتا (A) نى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ قارشى يۆنىلىشى بويىچە بۇراڭ ۋە ۋىنتىلار (B ۋە C) لارنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە بۇراش ئارقىلىق، نۇر ئورنىنى تۆۋەنلىتىڭ؛ ۋىنتا (A) نى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە بۇراڭ ۋە ۋىنتىلار (B ۋە C) لارنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ قارشى يۆنىلىشى بويىچە بۇراش ئارقىلىق، نۇر ئورنىنى كۆتۈرۈڭ.

2. نۇرنى تراكتورنىڭ ئوتتۇرىغا تەڭشەش ئۈچۈن، ۋىنتا (A ۋە B) لارنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ قارشى يۆنىلىشى بويىچە بۇراڭ ۋە ۋىنتا (C) نى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئوخشاش قېتىم ئايلاندۇرۇڭ.

3. نۇرنى تراكتورنىڭ يان تەرىپىگە تەڭشەش ئۈچۈن، ۋىنتا (A ۋە B) لارنى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە بۇراڭ ۋە ۋىنتا (C) نى سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ قارشى يۆنىلىشى بويىچە ئوخشاش قېتىم ئايلاندۇرۇڭ.




N4A0003903—UN—24NOV14

A—ئالدى چىراغنى تەڭشەش ۋىنتىلىرى (2 دانە)
B—ئالدى چىراغنى تەڭشەش ۋىنتىلىرى (2 دانە)
C—ئالدى چىراغنى تەڭشەش ۋىنتىلىرى (2 دانە)

N400041,000202C-UG-11MAR15-1/1




PUC5171—UN—08NOV10




LV3020—UN—10JUN99

## ئالدى چىراغلارنى توغرىلاش

1. تىراكتورنى تەكشى يەرگە ئەكىلىپ، تىراكتور چىرىغى تامدىن 8 مېتىر (25 فۇت) كېلىدىغان يەرگە توختىتىڭ.
2. موتور قاپقىقىنىڭ ئۈستىدىن يەرگىچە (A) بولغان ئارىلىقنى ئۆلچەڭ. تامدىكى ئوخشاش ئېگىزلىككە بىر لېنتا (B) قويۇڭ.
3. بىر پلاستىرنى ئوتتۇرىسىدىن قاتلاڭ ۋە ئۇنى ماتور قاپقىقىنىڭ ئالدى تەرەپ ئوتتۇرىسىغا قويۇڭ.
4. ماتور ئۈستىدىكى پلاستىرنى بەلگە ئورنىدا ئىشلىتىڭ، ۋە تراكتورنىڭ ئوتتۇرا سىزىقىنى تېپىش ئۈچۈن، رول ۋە موتور قاپقىقىنىڭ ئۈستىدىن قاراڭ. تامغا تىراكتورنىڭ ئوتتۇرا سىزىقىنى (C) سىزىڭ.
5. تىراكتورنىڭ ئوتتۇرا سىزىقىدىن (C) ئىككى (D) تەرەپتىكى 130 مىللىمېتىر (5 دېئوم) كېلىدىغان ئورۇنغا بىر بەلگە سېلىڭ. بۇ بەلگە ھەربىر ئالدى چىراغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئالدىدىكى بىر نۇقتىنى بېكىتىپ بېرىدۇ.
6. چىراغ ئۆزچاتىنى يولدا يۇرۇش ئورنىغا يۆتكەڭ. ئاندىن، ئالدى چىراغنىڭ غۇۋالاشتۇرۇش ئۆزچاتىنى يېقىننى يورۇتۇش ھالىتىگە تەڭشەڭ.
7. ھەر بىر چىراغ تارقاتقان يورۇق نۇرنىڭ كىچىك رايونىنى تېپىپ چىقىڭ. ئەگەر زۆرۈر بولسا باشقا چىراغلارنى چۈمكەپ قويۇڭ. رايون (E) نىڭ ئۈستى قىسمى چوقۇم پىلاستردىن 130 مىللىمېتىر (5 .in) تۆۋەن بولۇش لازىم. رايوننىڭ (F) سول گىرۋىكى بەلگە سېلىنغان نۇر (D) ئورنىدىن 130 مىللىمېتىر (5 دېئوم) سول تەرەپتە بولۇشى لازىم.
8. ئالدى چىراغلارنى تەڭشەش ئۈچۈن، بۇ بابتىكى «ئالدى چىراغلارنى تەڭشەڭ» دېگەن بۆلەككە قاراڭ.

A—ماتور قاپقىقىدىن يەرگىچە بولغان ئارىلىق
B—توسۇش پىلاستېرى
C—تىراكتورنىڭ ئوتتۇرا سىزىقى
D—ئالدى چىراغنىڭ مەركىزى
E—رايوننىڭ ئۈستى تەرىپى
F—رايوننىڭ سول گىرۋىكى

N400041,000202D-UG-11MAR15-1/1

## ئالدى چىراغ لامپۇچكىلىرىنى ئالماشتۇرۇڭ

**ئاگاھلاندۇرۇش: گالوگېنلىق لامپۇچكا يۇقىرى بېسىملىق بولۇپ، چېقىلىپ كېتىشى مۇمكىن. لامپۇچكىنى سۈركىلىش ۋە جىجىلىشتىن ساقلاڭ.**

**يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، لامپۇچكىلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا كۆزنى قوغداش قۇرۇلمىسى تاقاڭ ۋە كىيىم كىيىڭ. لامپۇچكىنى ئورنىتىش ياكى چىقىرىپ ئېلىشتىن بۇرۇن، ئېلېكتىر مەنبەسىنى تاقاڭ. لامپۇچكىلارنى ئېهتىيات بىلەن بىر تەرەپ قىلىڭ.**

**لامپۇچكىنى چىقىرىشتىن ئاۋال، ئۇنى سوۋۇغىلى قويۇڭ.**

**لامپۇچكا ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ ئورنىتىش كۆرسەتمىلىرىنى نوقۇڭ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭ.**



PUC5168—UN—08NOV10

**A**—كوننېكتور (2 دانە) **B**—قاپلىما (2 دانە)

1. موتور قاپقىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ.
2. ئۇلىغۇچنى (A) ئۈزۈپ ئېلىڭ.
3. قاپقاق (B) ۋە چىراغ قۇرۇلمىسىنى چىقىرىپ ئېلىڭ.
4. لامپۇچكىنى ئالماشتۇرۇڭ. چىراغ قۇرۇلمىسى ۋە قاپقاقنى (B) ئورنىتىڭ.
5. كوننېكتورلار (A) نى ئۇلاڭ.

N400041,000202E-UG-11MAR15-1/1

## قۇيرۇق چىراغ / ئارقا بۇرۇلۇش سىگنال چىرىغى / تورمۇز چىراغ لامپۇچكىلىرىنى ئالماشتۇرۇش



PUC5172—UN—08NOV10

1. ۋىنتا (A) ۋە لېنزىلارنى چىقىرىپ ئېلىڭ.
2. ئاگاھلاندۇرۇش چىرىغىنىڭ تىرىكىنى چىقىرىپ ئېلىڭ.
3. ئارقا چىراغنىڭ تىرىكىنى چىقىرىپ ئېلىڭ.
4. يېڭى لامپۇچكا ئورنىتىڭ.
5. لېنزا ۋە ۋىنتىلارنى (A) ئورنىتىڭ.

**A**—ۋىنتا (2 دانە)

N400041,000202F-UG-11MAR15-1/1

## بىخەتەرلىك سىملىرىنىڭ ئورنىنى تېپىڭ


N4A0003905—UN—24NOV14

بارلىق بىخەتەرلىك سىملىرى بىخەتەرلىك سىم ساندۇقىنىڭ ئىچىدە. بارلىق ئېلېكتىر دەۋرىلەر بىخەتەرلىك سىمى بىلەن قوغدالغان. ھەر بىر بىخەتەرلىك سىمىنىڭ نورمىلىق ئېقىم قىممەت بەلگىسى بولۇپ، بىخەتەرلىك سىمىنى يەڭگۈشلەشنى قۇلايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار رەڭلەر بىلەن ماس كودلاشتۇرۇلغان.

| بىخەتەرلىك سىمىنىڭ نورمىسى | رەڭگى |
|---|---|
| 10 ئامپېر | سېرىق/قىزىل |
| 20 ئامپېر | قىزىل |
| 30 ئامپېر | قىزىل/كۆك |

**مۇھىم: ئەسلىدىكى بىخەتەرلىك سىمىنىڭ ئورنىغا نورمىسى چوڭراق بولغان بىخەتەرلىك سىمىنى يەڭگۈشلەشكە قەتئىي بولمايدۇ، بولمىسا ماشىنا بۇزۇلۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئەسلىدىكى بىخەتەرلىك سىمى ئېلېكتىر يۈكىنى كۆتۈرەلمىسە ھەمدە قايتا-قايتا كۆيۈپ كەتسە، ماشىنىنىڭ ئېلېكتىر سىستېمىسىنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن، John Deere سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.**

N400041,0002030-UG-11MAR15-1/1

## بىخەتەرلىك سىمىنىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى ۋە فۇنكسىيىلىرى

**مېخانىكىلىق پومپا مودېلى**




N4A0003904—UN—24NOV14

**A—10** ئامپېر — رولنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**B—10** ئامپېر — ئەسۋاپ بىخەتەرلىك سىمى
**C—15** ئامپېر — تورمۇزنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**D—15** ئامپېر — خىزمەت چىرىغىنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**E—20** ئامپېر — چىراغىنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**F—15** ئامپېر — خېيىمخەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش بىخەتەرلىك سىمى
**G—10** ئامپېر — گۈدۈكنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**H—30** ئامپېر — ئاساسى قۇۋۋەتنىڭ بىخەتەرلىك سىمى

N400041,0002031-UG-25JAN16-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

## ئېلېكتىرك پومپا مودېلى




N4A0004351—UN—25JAN16

**1—15** ئامپېر — خېيىمختەردىن ئاگاھلاندۇرۇش بىخەتەرلىك سىمى
**2—5** ئامپېر — گۈدۈكنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**3—15** ئامپېر — **ECU** ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**4—20** ئامپېر — چىراغىنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**5—20** ئامپېر — ئاساسىي قۇۋۋەتنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**6—15** ئامپېر — خىزمەت چىرىغىنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**7—10** ئامپېر — ئەسۋاپ بىخەتەرلىك سىمى
**8—10** ئامپېر — رولنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**9—10** ئامپېر — تورمۇزنىڭ بىخەتەرلىك سىمى
**10—5** ئامپېر — **ECU** نىڭ ئاچقۇچلۇق بىخەتەرلىك سىمى
**11—10** ئامپېر — زاپاس
**12—15** ئامپېر — زاپاس
**13—20** ئامپېر — زاپاس

N400041,0002031-UG-25JAN16-2/2

# كاشىلىنى چىقىرىپ تاشلاش

## تېزلىك كوروپكىسىدىكى كاشىلىنى بىر تەرەپ قىلىش

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **ترانسمىسسىيون مېيى پەۋقۇلئاددە قىزىپ كېتىش** | ئاپتول تەمىنلەش يېتەرلىك ئەمەس | توغرا ماي تولۇقلاڭ |
| | ترانسمىسسىيون ماي فىلتىرى توسۇلۇپ قالغان | فىلتىرنى ئالماشتۇرۇڭ |
| | گىدراۋلىك سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېقىپ قېلىش بار | جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |
| | ئاپتول سوۋۇتقۇچ مەينەت ياكى توسۇلۇپ قالغان | ماتور مېيى سوۋۇتقۇچنى تازىلاڭ ياكى چايقاڭ |
| **ترانسمىسسىيون مېيىنىڭ بېسىمى تۆۋەن** | ئاپتول تەمىنلەش يېتەرلىك ئەمەس | سىستېمىنى توغرا ماي بىلەن توشقۇزۇڭ |
| | ترانسمىسسىيون ماي فىلتىرى توسۇلۇپ قالغان | فىلتىرنى ئالماشتۇرۇڭ |
| | بېسىم تۆۋەنلىتىش كىلاپانى بۇزۇلغان | كىلاپاننى تەكشۈرۈڭ، زۆرۈر بولسا ئالماشتۇرۇڭ |
| **چىشلىق چاق ساندۇقى بوش خوتتا قىسىلىپ قېلىش ياكى خوت يۆتكەش قىيىنغا توختاش** | يۆتكەش ئاچىمىقىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن | يۆتكەش ئاچىمىقىنى ئالماشتۇرۇڭ |
| | يۆتكەش ئاچىمىقىنىڭ قۇلۇپلاش پۇرژىنىسى ئاجىز | پۇرژىنىنى ئالماشتۇرۇڭ |
| | چىشلىق چاق ياكى چىشلىق تاياق كونىرىغان | دېتاللارنى ئالماشتۇرۇڭ |
| **مۇفتا تېيىلىپ كېتىدۇ** | قىسىش پۇرژىنى ئاجىز | پۇرژىنىنى ئالماشتۇرۇڭ |
| | مۇفتا پېدالىنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىش دائىرىسى قىسقا | ئەركىن ھەرىكەت قىلىش دائىرىسىنى تەڭشەڭ |
| | مۇفتىنىڭ باسما تۇتقۇچى ئوخشاش ئەمەس | مۇفتىنىڭ باسما تۇتقۇچىنى تەڭشەڭ |
| **مۇفتىدا تىترەش ئاۋازى بار** | ئالدى مۇفتىنىڭ ئوققازىنى بۇزۇلغان | ئوققازاننى ئالماشتۇرۇڭ |
| | زاپچاسلار كونىرىغان | كونىرىغان زاپچاسلارنى ئالماشتۇرۇڭ |
| **مۇفتا ئۈزۈلگەندە PTO ئوقى توختاپ قالىدۇ** | ئاساسىي مۇفتا بېسىم تاختىسى بىلەن تەڭشەش گايكىسى ئارىسىدىكى ئارىلىق بەك كىچىك | ئارىلىقنى 1.5±0.05 سانتىمېتىرغا تەڭشەڭ |
| **مۇفتا قېپىدىن ئاپتول ئاقىدۇ** | موتورنىڭ سۈرئەت تەڭشەش چاقىنىڭ بېشىدىكى ئاپتول ھىملىغۇچ بۇزۇلغان | ماي پېچەتىنى يەڭگۈشلەڭ |
| **چىشلىق چاق ساندۇقىدىن بىنورمال شاۋقۇن چىقىش** | چىشلىق چاق ساندۇقىنىڭ ياتقۇسى ياكى روللېرلىق ياتقۇ كونىرىغان ياكى بۇزۇلغان | ياتقۇلارنى تەكشۈرۈڭ ۋە يەڭگۈشلەڭ |
| | سىلىقلاش مېيى كەم | سىلىقلاش مېيى قۇيۇڭ |
| | چىشلىق چاقلار مۇۋاپىق چىشلەشمىگەن | زاپچاسلارنى ۋە ئارىلىقنى تەكشۈرۈڭ. جون دىئىر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |

N400041,0002032-UG-11MAR15-1/1

## گىدراۋلىك سىستېمىدىكى كاشىلىنى بىر تەرەپ قىلىش

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **بارلىق گىدراۋلىك سىستېما ئىشلىمەيدۇ** | ئاپتول تەمىنلەش يېتەرلىك ئەمەس | سىستېمىنى توغرا ماي بىلەن توشقۇزۇڭ |
| | گىدراۋلىك ماي فىلتىرى توسۇلۇپ قالغان | فىلتىرنى ئالماشتۇرۇڭ |
| | يۇقىرى بېسىملىق سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېقىپ قېلىش بار | جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |
| | گىدراۋلىك پومپىنىڭ نەيچىلىرى مۇۋاپىق ئۇلانمىغان | جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |
| **گىدراۋلىك ماي پەۋقۇلئاددە قىزىپ كېتىش** | ئاپتول تەمىنلەش يېتەرلىك ئەمەس | سىستېمىنى توغرا ماي بىلەن توشقۇزۇڭ |
| | خوت-گىدراۋلىك ماي سۈزگۈچ توسۇلۇپ قالغان | سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇڭ |
| | گىدراۋلىك سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېقىپ قېلىش بار | جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |
| | چاتقۇچنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش بىرلەشمە ھەرىكەت ئۇسكۇنىسى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن | چېتىش ئۇسكۇنىسىنى قايتا تەڭشەڭ John Deere سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |
| | ماتور مېيى سوۋۇتقۇچى پاسكىنا ياكى توشۇلۇپ قالغان | ماي سوۋۇتقۇچنى تازىلاڭ ياكى چايقاڭ |
| **سايمان تۆۋەنلىمەيدۇ** | پەسىيىش تېزلىك كېلاپانى توسۇلۇپ قالغان | كېلاپاننى تازىلاڭ |
| **سايمان كۆتۈرۈلگەندە تىترەيدۇ** | ئاپتول شىلانكىسىنىڭ ئۇلىنىش ئۇقتىسى بوشاپ قالغان | شىلانكىنى چىڭىتىڭ |
| | گىدراۋلىك سىستېمىدا ھاۋا بار | گىدراۋلىك سىستېمىدىن گاز قويۇپ بېرىڭ |

N400041,0002033-UG-11MAR15-1/1

## تورمۇز سىستېمىسىدىكى كاشىلىنى بىر تەرەپ قىلىش

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **تورمۇز ئىشلىمەيدۇ** | تورمۇز تەخسىسى ياكى سۈركىلىش دىسكىسى مەينەت بولۇپ كەتكەن | تورمۇز تەخسىسى ياكى سۈركىلىش دىسكىسىنى تازىلاڭ |
| | تورمۇز تەخسىسى ياكى سۈركىلىش دىسكىسى كونىرىغان | كونىرىغان زاپچاسلارنى ئالماشتۇرۇڭ |
| | ئەركىن ھەرىكەتلىنىش دائىرىسى بەك چوڭ | ئەركىن ھەرىكەت قىلىش دائىرىسىنى تەڭشەڭ |
| **تىراكتور تورمۇز قىلغاندا بىر چەتكە ئاغىدۇ** | ئىككى پېدالنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىش دائىرىسى تەكشى ئەمەس | ئەركىن ھەرىكەت قىلىش دائىرىسىنى تەڭشەڭ |
| | بىر تەرەپتىكى تورمۇز قۇرۇلمىسى مايلىشىپ كەتكەن | تورمۇز قۇرۇلمىسىنى تازىلاڭ |
| **تورمۇز تولۇق قويۇپ بېرىلمەيدۇ** | قايتۇرۇش پۇرژىنىسى ئاجىز | پۇرژىنىنى ئالماشتۇرۇڭ |
| | يەل تورمۇز تاختىسى بىلەن سۈركىلىش دىسكىسى ئارىسىدىكى ئارىلىق توغرا ئەمەس | ئارىلىقنى تەڭشەڭ |
| | ئەركىن ھەرىكەتلىنىش دائىرىسى بەك كىچىك | ئەركىن ھەرىكەت قىلىش دائىرىسىنى تەڭشەڭ |
| **پېدال پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ** | ئارقا تورمۇز پورشېنىنىڭ ھىملاش ھالقىسى ئېقىپ قالغان | جون دېئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |
| **پېدالنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىش دائىرىسى بەك چوڭ** | پېداللار مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن | جون دېئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |
| **يۆتكەش جەريانىدا تورمۇزدا سۈرۈلۈش بار** | تورمۇز مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن | جون دېئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |

N400041,0002034-UG-11MAR15-1/1

## ئېلېۋاتور ۋە 3 نۇقتىلىق ئېسىش قۇرۇلمىسىنىڭ كاشىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **توشۇش ۋاقتىدىكى يەر بىلەن بولغان بوشلۇق يېتەرلىك ئەمەس** | ئۇستۇنكى دەستە بەك ئۇزۇن | ئۇستۇنكى دەستىنى تەڭشەڭ |
| | سىگارىيان دەستە بەك ئۇزۇن | سىگارىيان دەستىنى تەڭشەڭ |
| | دېھقانچىلىق جابدۇقى تەكشىلەنمىگەن | سايماننى تەكشى قىلىڭ |
| | سايمان مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن | دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ مەشغۇلاتچى قوللانمىسىغا قاراڭ |
| | ئۇستۇنكى دەستىنىڭ ئالدى ئۇچىنى ئۇستۇنكى توشۇككە كىرگۈزۈڭ | ئۇستۇنكى دەستىنى تۆۋەنكى توشۇككە يۆتكەڭ |
| | چايقىلىشقا قارشى زەنجىر بەك قىسقا تەڭشىلىپ قالغان | چايقىلىشقا قارشى زەنجىرنى ئۇزارتىڭ |
| **ئېسىش قۇرۇلمىسى ئاستا تۆۋەنلەش** | ئېلېۋاتورنىڭ تۆۋەنلىتىش سۈرئىتى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن | تۆۋەنلىتىش سۈرئىتىنى كونترول قىلىش كۇنۇپكىسىنى تەڭشەڭ |
| **ئېسىش قۇرۇلمىسى كۆتۈرەلمەسلىك ياكى ئاستا كۆتۈرۈش** | چاتقۇچنىڭ يۈكى بەك كۆپ | يۈكنى ئازلىتىڭ |
| | ئاپتول مىقدارى ئاز | سىستېمىنى توغرا ماي بىلەن توشقۇزۇڭ |
| | گىدراۋلىك مېيى بەك سوغۇق | ئاپتولنى قىزىتىڭ |
| | خوت-گىدراۋلىك ماي سۈزگۈچ توسۇلۇپ قالغان | سۈزگۈچنى ئالماشتۇرۇڭ |
| **دېھقانچىلىق جابدۇقى تەلەپ قىلىنغان چوڭقۇرلۇقتا مەشغۇلات قىلالمايدۇ** | سىگارىيان دەستە بەك قىسقا | سىگارىيان دەستىنى تەڭشەڭ |
| | قېزىش چوڭقۇرلۇقى يېتەرلىك ئەمەس | سايماننىڭ ئىشلىتىش قوللانمىسىغا قاراڭ |
| | تاقاق گەۋدىسى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن | تاقاق گەۋدىسىنى قايتا تەڭشەڭ |
| | سۈرەش كونترول دەستىسى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن | "ئېلېۋاتور ۋە 3 نۇقتىلىق ئېسىش قۇرۇلمىسى" دېگەن بۆلەككە قاراڭ. |
| **ئېسىش قۇرۇلمىسى يۈك كۆتۈرەلمەيدۇ ياكى ئۇنىڭدا ئىنكاس يوق** | ئۇستۇنكى دەستىدىكى قوشۇلمىنىڭ ئالدى ئۇچىنى ئۇستۇنكى توشۇككە كىرگۈزۈڭ | ئۇستۇنكى دەستىدىكى قوشۇلمىنى تۆۋەنكى تەگلىك توشۇكىگە يۆتكەڭ |
| | ئىنتېرىشنى كونترول قىلىش كۇنۇپكىسى ئەڭ كىچىك ئورۇندا | كۇنۇپكىنى يۇقىرىغا تارتىڭ |
| | سىگارىيان دەستە بەك قىسقا | سىگارىيان دەستىنى تەڭشەڭ |
| | قېزىش چوڭقۇرلۇقى يېتەرلىك ئەمەس | دېھقانچىلىق جابدۇقىنىڭ مەشغۇلاتچى قوللانمىسىغا قاراڭ |
| | تۆۋەنلىتىش سۈرئىتى بەك ئاستا | تۆۋەنلىتىش سۈرئىتىنى كونترول قىلىش كۇنۇپكىسىنى تەڭشەڭ |

N400041,0002035-UG-11MAR15-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| ئالامەت | مەسىلە | نامال |
|---|---|---|
| **ئېسىش قۇرۇلمىسى بەك ئىنكاسچان** | ئۈستۈنكى دەستىدىكى قوشۇلمىنىڭ ئالدى ئۇچى تۈۋەنكى تەگلىك توشۇكىدە | ئۈستۈنكى دەستىدىكى قوشۇلمىنى ئۈستۈنكى تەگلىك توشۇكىگە يۆتكەڭ |
| | ئىنتىرىش سىنزورى مۇۋاپىق تەڭشەلمىگەن | كۆنۈپكىنى تۆۋەنگە ئىنتىرىڭ |
| **چاتقۇچ بەك تېز پەسىيىپ كېتىدۇ** | پەسىيىش تېزلىكى بەك تېز تەڭشەلگەن | پەسىيىش سۈرئىتىنى كونترول قىلىش تۇتقۇچىنى تەڭشەڭ |
| **تەۋرەنمە يەلكە ئوقىنىڭ كونترول دەستىسى سىلجىپ كېتىدۇ ۋە دەستە بوشا** | سۈركىلىش دىسكىسى بەك بوش | تەۋرەنمە ئوق كونترول دەستىسىنىڭ سۈركىلىش ئەھۋالىنى تەڭشەڭ. «تەۋرەنمە يەلكە ئوقى ۋە 3 پۇتلۇق چاتقۇچ» دېگەن بۆلەكتىكى تەرتىپلەرگە قاراڭ ياكى جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |

N400041,0002035-UG-11MAR15-2/2

## ئېلېكتىر سىستېمىسىنىڭ كاشىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| **ئاككۇمۇلياتور زەرەتلەنمەيدۇ** | ئۇلىنىش ئورنى بوشاپ قالغان ياكى چىرىپ كەتكەن | ئۇلىغۇچنى تازىلاڭ ۋە چىڭىتىڭ |
| | ئاككۇمۇلياتور سۇلفاتلىشىپ قالغان ياكى كونىرىغان | ئېلېكتروليت مىقدارى ۋە سېلىشتۇرما ئېغىرلىقنى تەكشۈرۈڭ |
| | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى ۋە شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسى بوشاپ قالغان ياكى بۇزۇلغان | تاسمىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى تەڭشەڭ ياكى ئۇنى يەڭگۈشلەڭ |
| **موتور مېڭىۋاتقاندا زەرەتلەش سىستېمىسىنىڭ ئىندىكاتورى يېنىپ قالىدۇ** | موتورنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى تۆۋەن | سۈرئەتنى ئاشۇرۇڭ |
| | ئاككۇمۇلياتور ئىشلىمەيدۇ | ئېلېكتروليت مىقدارى ۋە سېلىشتۇرما ئېغىرلىقنى تەكشۈرۈڭ |
| | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى ئىشلىمەيدۇ | جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |
| | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورى ۋە شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسى تېيىلىپ كېتىدۇ | تاسمىنىڭ تارتىش كۈچىنى تەڭشەڭ |
| **ئىستاتور ئىشلىمەيدۇ** | يۆتكەش دەستىسى خوتقا سېلىنغان | يۆتكەش دەستىسىنى بوش خوت ئورنىغا يۆتكەڭ |
| | PTO دەستىسى كىرىشتۈرۈش ئورنىدا تۇرغان | PTO دەستىسىنى بوش خوت ئورنىغا يۆتكەڭ |
| | باتارېيىنىڭ چىقىرىش ئېلېكتىر بېسىمى بەك تۆۋەن | جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ. |
| | بىخەتەرلىك سىم كۆيۈپ كەتكەن | بىخەتەرلىك سىمىنى يەڭگۈشلەڭ |
| **ئىستاتور بەك ئاستا قوزغىلىدۇ** | ئاككۇمۇلياتورنىڭ چىقىرىش توك بېسىمى بەك تۆۋەن | ئېلېكتروليت مىقدارى ۋە سېلىشتۇرما ئېغىرلىقنى تەكشۈرۈڭ |
| | جەينەكلىك ئوق ساندۇقىنىڭ مېيى بەك قويۇق | يېپىشقاقلىقى توغرا بولغان ئاپتول قۇيۇڭ |
| | ئۇلىنىش ئورنى بوشاپ قالغان ياكى چىرىپ كەتكەن | ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئۇلىنىش نۇقتىسىنى تازىلاڭ ۋە چىڭىتىڭ |
| **يورۇتۇش سىستېمىسى ئىشلىمەيدۇ، باشقا ئېلېكتىر سىستېمىسى ئىشلەيدۇ** | بىخەتەرلىك سىم كۆيۈپ كەتكەن | بىخەتەرلىك سىمىنى يەڭگۈشلەڭ |
| **بارلىق ئېلېكتىر سىستېمىسى ئىشلىمەيدۇ** | ئېرىشچان سىم كۆيۈپ كېتىدۇ | جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |
| | ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئۇلىنىش نۇقتىسى بۇزۇلغان | ئۇلىغۇچنى تازىلاڭ ۋە چىڭىتىڭ |
| | ئاككۇمۇلياتور سۇلفاتلىشىپ قالغان ياكى كونىرىغان | ئېلېكتروليت مىقدارى ۋە سېلىشتۇرما ئېغىرلىقنى تەكشۈرۈڭ |
| | بىخەتەرلىك سىم كۆيۈپ كەتكەن | بىخەتەرلىك سىمىنى يەڭگۈشلەڭ |
| **رېلې توسۇلۇپ قالغان ياكى نورمال ئىشلىمەيدۇ، كاشىلا تەكرار كۆرۈلىدۇ** | دىئود ئىشلىمەيدۇ | جون دىئېر سودىگىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ |
| **ئاككۇمۇلياتورنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى** | ئاككۇمۇلياتورنىڭ قۇتۇپلىرى ئارىسىدا قىسقا تۇتىشىش بار | يىغىلىپ قالغان نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ. قىسقۇچنى ئالماشتۇرۇڭ |

N400041,0002036-UG-11MAR15-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| ئالامەت | مەسىلە | ئامال |
|---|---|---|
| | زەرەتلەش توك كۈچى بەك يۇقىرى | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنى تەكشۈرۈڭ ۋە تەڭشەڭ. ئېلېكتىرولىت مىقدارىنى تەڭشەڭ |
| **ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ چىقىرىش توك كۈچى مۇقىم ئەمەس** | يۆرژىنىنىڭ بېسىمى ئاجىز، كاربون چوتكا ياخشى تېگىشمىگەن | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنى رېمونت قىلىڭ ياكى ئالماشتۇرۇڭ |
| | ئاككۇمۇلياتورنىڭ ئۇچى بوشاپ قالغان | ئۇچىنى چىڭىتىڭ |
| **ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىدا غەيرىي ئاۋاز بار** | ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ ئوققازىنى بۇزۇلغان | ئوققازاننى ئالماشتۇرۇڭ |
| | پىرقىراتقۇچ مۇقىملاشتۇرغۇچقا ياكى باشقا نەرسىگە تېگىشىپ قالىدۇ | توغرا ئورۇنغا تەڭشەڭ |

N400041,0002036-UG-11MAR15-2/2

## تىراكتورنى ئامباردا ساقلاش

**مۇھىم: ئەگەر تراكتور بىر قانچە ئايلاپ ئىشلىتىلمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ داتلىشىشى ۋە چىرىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى تەرتىپلەرگە ئەگىشىڭ.**

1. ھاۋا سۈزگۈچىنى تازىلاش. ("ئومۇمى ئاسراش ۋە تەكشۈرۈش" دېگەن بابتىكى "ھاۋا سۈزگۈچىنى تازىلاش" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )
2. ئەگەر سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقى تراكتورنىڭ ئىچىدە 2 يىل تۇرغان بولسا، ئۇ ھالدا سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى ئېقىتىپ تازىلاڭ. ("ئاسراش خىزمەتلىرى— سوۋۇتۇش سىستېمىسى" دېگەن بابتىكى "سوۋۇتۇش سىستېمىسىنى ئېقىتىپ تازىلاش" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. ) سۇ بىلەن توڭلاشتىن ساقلايدىغان دورىنى 1:1 نىسبەت بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىغان سۇيۇقلۇقنى قويۇڭ. سوۋۇتۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ سوغۇق ھاۋاغا چىدامچانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ.
3. موتور مېيىنىڭ مىقدارىنى ۋە موتور ماي سۈزگۈچىنى تەكشۈرۈڭ. ("مايلاش" دېگەن بابتىكى "موتور مېيى ۋە سۈزگۈچىنى يەڭگۈشلەش" دېگەن مەزمۇنغا قاراڭ. )
4. يېقىلغۇ باكىنى ئېقىتىپ قۇرۇتقاڭ. ئاۋال 4 لىتىر (1 .gal) يېقىلغۇ قويۇڭ. ئاندىن، چىرىشتىن چەكلەش دورىسىدىن 0.4 L (12 .oz) قويۇڭ.
5. ترانسمىسسىيون مېيىنى ئۆلچەش تايىقى (A) ۋە گىدراۋلىك مېيىنى ئۆلچەش تايىقى (D) نى چىقىرىڭ. ترانسمىسسىيون ۋە گىدراۋلىك سىستېمىلارنىڭ توشۇكىدىن 0.25 L (8.45 .oz) چىرىشىنى چەكلىگۈچ قويۇڭ.
6. مۇفتا پېدالىنى دەسسەپ تۇرۇپ، موتورنى قوزغىتىڭ. موتورنى تاكى ئۇ نورمال مەشغۇلات تېمپىراتۇرىسىغا يەتكەنگە قەدەر ماڭدۇرۇڭ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەۋرەنمە ئۇقنى بىر قانچە نۆۋەت يۇقىرىغا كۆتۈرۈڭ ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرۈڭ. ماتورنى ئۆچۈرۈڭ.
7. قاپقاق (B) نى ئېچىڭ. يېقىلغۇ باكىغا .5 لىتىر (16 .oz) چىرىشىنى چەكلەش دورىسى قويۇڭ.
8. قاپقاق (C) نى ئېچىڭ. موتور جەينەكلىك ئوقىنىڭ باكىغا .5 لىتىر (16 .oz) چىرىشىنى چەكلەش دورىسى قويۇڭ.
9. تارماق نەيچىلىك قۇرۇلمىدىكى ھاۋا سۈمۈرۈش تۇرۇبىسىنى ئاجرىتىڭ. تارماق نەيچىلىك قۇرۇلمىغا 0.1 لىتىر 0.1 L (3 .oz) مىقداردا چىرىشىنى چەكلەش دورىسى قويۇڭ. شلانكىنى يەڭگۈشلەڭ. قول ماي كىلاپانىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ ئاستا سۈرئەتتە ئايلىنىش ئورنىغا ئەكىلىڭ. ماتورنىڭ جەينەكلىك شافتىسىنى بىر نەچچە ئايلانما ئايلاندۇرۇڭ.
10. ئۇ سوۋۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ / شامالدۇرغۇچنىڭ تاسمىسىنى بوشىتىڭ.
11. ئاككۇمۇلياتورنى چىقىرىڭ ۋە تازىلاڭ. ئۇنى سوغۇق ۋە قۇرغاق جايدا ساقلاڭ. باتارىيىنى زەرەتلەنگەن ھالەتتە ساقلاڭ.[1]
12. تانا ياكى تاختاي پارچىسى بىلەن مۇفتا پېدالىنى ئۈزۈلگەن ئورۇنغا بېخەتەر مۇقىملاشتۇرۇڭ.
13. ئەگەر تەگشەشكە بولىدىغان ئالدى ئوق ئۈزارتقۇچى سەپلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈزىراپ يالىڭاچلىنىپ قالغان مېتال قىسمىغا بىر قەۋەت سىيىلقلاش مېيى ياكى چىرىشىنى چەكلەش دورىسى سۈركەپ قويۇڭ.
14. پىلاستىر ئىشلىتىپ كېرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش تۇرۇبىسى،




PUC2878—UN—02MAR10




PUC5065—UN—07OCT10




PUC2879—UN—02MAR10

**A—ترانسمىسسىيون ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى**
**B—يېقىلغۇ باكى توشقۇزغۇچىنىڭ قالپىقى**
**C—ماتور مېيى توشقۇزغۇچىنىڭ قالپىقى**
**D—گىدراۋلىك ماي سەۋىيىسىنى ئۆلچەش تايىقى**

جەينەكلىك شافتا ساندۇقىنىڭ فىلتىرى / ئاسپىراتور، يېقىلغۇ قالپىقى ۋە ترانسمىسسىيون / گىدراۋلىك سىستېمىسىنىڭ فىلتىرى / قالپىقىنى پېچەتلەڭ.

15. ئۆز ئۆتكۈزمەيدىغان ماتېرىياللار بىلەن كونترول تاختىسىنى ياخشى ئوراپ، ئۇنىڭ ئۆكۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىڭ.
16. چاقلارنى يەردىن كۆتۈرۈپ قويۇڭ. ئۇنى كۈن نۇرى ۋە ئىسسىقلىقتىن ساقلاڭ.
17. تراكتورنى ئومۇمىي يۇزلۇك تازىلاڭ. سىرى چۈشۈپ كەتكەن ياكى جىرىلىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن جايلارنىڭ بىرنىمۇ قالدۇرماي تۈزەشتۈرۈڭ.

N400041,0002037-UG-11MAR15-1/2

داۋامى كېيىنكى بەتتە

18.تراكتورنى تاشقىرىدا ساقلاشقا مەجبۇر قالغان ئەھۋالدا، ئۇنى چوقۇم سۇ ئۆتمەس ماتېرىياللار بىلەن تولۇق چۈمكەپ قويۇش لازىم.

[1] قىسقا مۇددەتلىك (يەنى 20-90 كۈنگىچە)ساقلىماقچى بولغاندا، باتارىيىنىڭ يەر كابېلىنى ئاجرىتىۋېتىڭ.

N400041,0002037-UG-11MAR15-2/2

## تراكتورنى ئامباردىن ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىش

1. بالوننىڭ يەل بېسىمىنى تەكشۈرۈڭ. (چاق، بالون ۋە رېزبا» دېگەن بۆلەككە قاراڭ. ) چاقنى يەرگە تۇۋەنلىتىڭ.
2. ساقلاش جەريانىدا ھىمايىلانغان دېتاللارنى ئېچىڭ. (بۇ باپتىكى «تىراكتورنى ئامباردا ساقلاش» دېگەن بۆلەككە قاراڭ. )
3. باتارېيىنى ئورنىتىڭ.
4. مۇقتا پىداللىرىنى مۇقىملاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن تانا ياكى تاختاي پارچىسىنى چىقىرىپ ئېلىۋېتىڭ.
5. ئاپتول، خوت-گىدراۋلىك مېيى ۋە موتور سوۋۇتقۇچنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈڭ. زۆرۈر بولسا سۇيۇقلۇق قۇيۇڭ.
6. يېقىلغۇ باكىدىن ئازراق يېقىلغۇ ئېقىتىۋېتىپ، يىغىلىپ قالغان سۇنى چىقىرىۋېتىڭ.
7. يېقىلغۇ باكىنى توشقۇزۇڭ.
8. ئۈتۈپ كەتكەن ئامبارلاش ۋاقتىغا ئاساسەن، "پەرۋىش قىلىش ۋە ئاسراش ئىنتېرۋاللىرى" دېگەن بۆلەكتە كۆرسىتىلگەن بارلىق ئالاقىدار تۈرلەر بويىچە ئاسراش ئېلىپ بېرىڭ.
9. ئاچقۇچنى مېڭىش ئورنىغا بۇراڭ. بارلىق مېتىرلار ۋە ئىندىكاتورلارنى تەكشۈرۈڭ.

N400041,0002038-UG-11MAR15-1/2




**مۇھىم: ئىستاتورنى بىر قېتىمدا 20 سېكۇنتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئىشلەتمەڭ. قايتا قوزغىتىشتىن بۇرۇن، ئاز دېگەندە 2 مىنۇت ساقلاپ موتورنى سوۋۇتۇڭ.**

10.قول ماي كىلاپانىنى (A) ئالدىغا ئىتتىرىڭ. مۇقتا پېداللىرىنى دەسسەڭ. دائىرە يۆتكەش دەستىسىنىڭ بوش خوت ئورنىدا تۇرۇشى ۋە PTO دەستىسىنىڭ "ئاجرىتىش" ئورنىدا بولىشىغا جەزىم قىلىڭ.

11.موتورنى قوزغىتىڭ. موتورنى قۇرۇق ھالەتتە بىر نەچچە مىنۇت ماڭدۇرۇڭ. تىراكتور موتورىغا يۈك چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن، موتور مەشغۇلات تېمپىراتۇرىسىغا كەلگىچە ساقلاڭ. بارلىق سىستېمىنى تەكشۈرۈڭ.

**A—قول ئېقىم كلاپانى**

N400041,0002038-UG-11MAR15-2/2

## تىراكتورنىڭ ئاساسىي تېخنىكىلىق پارامېتىرلىرى

ئىزاھات: تېخنىكىلىق ئۆلچەملەر ۋە قۇرۇلما لايىھەلەر ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلىنماي تۇرۇپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

| تىراكتورنىڭ ئاساسىي تېخنىكىلىق پارامېتىرلىرى | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پۈتۈن ماشىنىنىڭ پارامېتىرلىرى | | | | | | | |
| مودېلى | | 300 | 320 | B350 | 304 | 324 | 2C-354 |
| تىپ | | 2WD | | | 4WD | | |
| كۆلەملىرى (mm) | ئۇزۇنلۇقى (ئېسىش قۇرۇلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | 3150 | | | | | |
| | كەڭلىكى | 1650~1750 | | | | | |
| | ئېگىزلىكى (ئېگزوس تۇرۇبىسىنىڭ تۆپىگىچە) | 2030 | | | 2050 | | |
| | ئېگىزلىكى (رولنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىغىچە) | 1405 | | | | | |
| | ئېگىزلىكى (مۇداپىئە قۇرۇلمىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىغىچە) | 2300 | | | | | |
| چاق ئارىلىقىنىڭ كەڭلىكى (مىللىمېتىر) | ئالدى چاقى (زاۋۇت ھالىتى) | ( 1200 ) , 1400 , 1300 | | | 1200 | | |
| | ئارقا ھەيدەش چاقى (زاۋۇت ھالىتى) | ( 1330 ) ,1430 | | | | | |
| چاق بازىسى (مىللىمېتىر) | | 1570 | | | 1627 | | |
| ئەڭ كىچىك يەرگىچە بوشلۇق (مىللىمېتىر) | | 345 | | | 250 | | |
| ماسسىسى (كلوگرام) | قۇرۇلما ماسسىسى | 1270 | | | 1430 | | |
| | ئەڭ كىچىك ئىشلىتىش ماسسىسى | 1410 | | | 1580 | | |
| ماسسا تەقسىملىنىشى (%) | ئالدى يېتەكچى چاق | 40 | | | 45 | | |
| | ئارقا يېتەكچى چاق | 60 | | | 55 | | |
| تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىق ماسسىسى (كلوگرام) | ئالدى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقى | ئۆلچەملىك: 0; ئىختىيارى: 91 (7 دانە) ياكى 104 (8 دانە) | | | | | |
| | ئارقا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئېغىرلىقى | ئۆلچەملىك: 80 (2 دانە); ئىختىيارى: 0 ياكى 160 (4 دانە) ياكى 240 (6 دانە) | | | | | |
| تراكتورنىڭ نەزەرىيەۋى سۈرئىتى (سائىتىگە/كلومېتىر) | | | | | | | |
| ئارقا بالون مودېلى | | 11.2-24 R-1 | | | | | |
| | | ئۆلچەملىك ترانىسپورت تىپى | ئۆلچەملىك | ئۆلچەملىك ترانىسپورت تىپى | ئۆلچەملىك | ئۆلچەملىك | ئۆلچەملىك |
| تۆۋەن خوت | I | ( 1.6 ( 2.0 | 1.7 | ( 1.7 ( 2.1 | 1.6 | 1.7 | 1.7 |
| | II | ( 2.1 ( 2.6 | 2.1 | ( 2.1 ( 2.6 | 2.1 | 2.1 | 2.1 |
| | III | ( 3.4 ( 4.2 | 3.3 | ( 3.4 ( 4.3 | 3.4 | 3.3 | 3.4 |
| | IV | ( 6.5 ( 8.2 | 6.6 | ( 6.7 ( 8.3 | 6.5 | 6.6 | 6.7 |
| يۇقىرى خوت | V | ( 7.6 ( 9.4 | 7.5 | ( 7.7 ( 9.6 | 7.6 | 7.5 | 7.7 |
| | VI | ( 9.5 ( 11.9 | 9.6 | ( 9.8 ( 12.2 | 9.5 | 9.6 | 9.8 |
| | VII | ( 15.5 ( 19.4 | 15.6 | ( 15.9 ( 19.8 | 15.5 | 15.6 | 15.9 |
| | VIII | ( 30.1 ( 37.7 | 30.2 | ( 30.8 ( 38.5 | 30.1 | 30.2 | 30.8 |
| ئارقىغا | I | ( 1.5 ( 1.9 | 1.6 | ( 1.6 ( 2.0 | 1.5 | 1.6 | 1.6 |
| | II | ( 7.0 ( 8.8 | 7.1 | ( 7.2 ( 9.0 | 7.0 | 7.1 | 7.2 |
| ئەسكەرتىش 1: قۇرۇلما ماسسىسى بولسا ماي، سۇ، تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ۋە 75 kg شوپۇرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ؛ ئەڭ كىچىك ئىشلىتىش ماسسىسى بولسا قۇرۇلما ماسسىسى + ماي، سۇ ۋە 75 kg شوپۇرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. | | | | | | | |
| ئەسكەرتىش 2: ئالدى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ماسسىسى - ھەر بىر دانىسى 13 kg؛ ئارقا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىق ماسسىسى - ھەر بىر دانىسى 40 kg. | | | | | | | |
| **States II ماتورى** | | | | | | | |
| مودېلى | | 300 | 304 | 320 | 324 | B350 | 2C-354 |
| مودېل نومۇرى. | | SL2108ABT-2 | | SL2108ABT-21 | | SL2110ABT-2 | |

N400041,0002986-UG-16DEC15-1/4

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تىپى | ئىچكى لىنىيە، سۇ بىلەن سوۋۇتۇلىدىغان، تۆت ئەركىن ھەرىكەتلىنىش دائىرىسى، بىۋاسىتە پۈركۈش كۆيۈش بۆلمىسى | | | | | |
| ھاۋا سۈمۈرۈش ھالىتى | تەبىئىي سۈمۈرۈشچان | | | | | |
| سىلىندىر سانى × سىلىندىر دىيامېتىرى × ئەركىن تاكت (mm) | 2×108×117 | | 2×108×117 | | 2×110×117 | |
| سىقىپ چىقىرىش مىقدارى | 2.144 | | 2.144 | | 2.224 | |
| 12 سائەتلىك نورمىلىق قۇۋۋىتى (كلوۋات) | 22.1 | | 23.5 | | 25.7 | |
| نورمىلىق سۈرئىتى (مىنۇتىغا/قېتىم<br>دەۋرىيلىنىش) | 2200 | | 2350 | | 2400 | |
| ئەڭ چوڭ مومېنت (نيۇتون مېتىر) | 112.2≤ | | 111.7 | | 119.6≤ | |
| ئەڭ چوڭ مومېنتتىكى سۈرئەت<br>(مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش) | 1500 ~ 1680 | | 1500 ~ 1680 | | 1600 ~ 1800 | |
| ئەڭ كىچىك يۈكسىز سۈرئىتى<br>(مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش) | 750±30 | | | | | |
| ئەڭ يۇقىرى يۈكسىز سۈرئىتى<br>(مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش) | 2376≥ | | 2538≥ | | 2592≥ | |
| كالىبىرلانغان شارائىتتىكى يېقىلغۇ سەرپىيات<br>نىسبىتى (g/kWh) | 258≥ (بويىچە GB 20891-2007) | | | | | |
| ئېقىنتىۋېتىڭ | 2- ھالەت (GB 20891-2007 بويىچە) | | | | | |
| **State III ماتورى** | | | | | | |
| مودېلى | 300 | 304 | 320 | 324 | B350 | 2C-354 |
| مودېل نومۇرى. | SL2108ABT-3 | | SL2108ABT-31 | | SL2110ABT-3 | |
| تىپى | ئىچكى لىنىيە، سۇ بىلەن سوۋۇتۇلىدىغان، تۆت ئەركىن ھەرىكەتلىنىش دائىرىسى، بىۋاسىتە پۈركۈش كۆيۈش بۆلمىسى | | | | | |
| ھاۋا سۈمۈرۈش ھالىتى | تەبىئىي سۈمۈرۈشچان | | | | | |
| سىلىندىر سانى × سىلىندىر دىيامېتىرى × ئەركىن تاكت (mm) | 2×108×117 | | 2×108×117 | | 2×110×117 | |
| سىقىپ چىقىرىش مىقدارى | 2.144 | | 2.144 | | 2.224 | |
| 12 سائەتلىك نورمىلىق قۇۋۋىتى (كلوۋات) | 22.1 | | 23.5 | | 25.7 | |
| نورمىلىق سۈرئىتى (مىنۇتىغا/قېتىم<br>دەۋرىيلىنىش) | 2200 | | 2350 | | 2400 | |
| ماكسىمۇم ئايلىنىش مومېنتى (N.m) | 112.3≤ | | 112.3≤ | | 120.2≤ | |
| ئەڭ چوڭ مومېنتتىكى سۈرئەت<br>(مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش) | 1400~1600 | | 1500 ~ 1650 | | 1500 ~ 1650 | |
| ئەڭ كىچىك يۈكسىز سۈرئىتى<br>(مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش) | 750±30 | | | | | |
| ئەڭ يۇقىرى يۈكسىز سۈرئىتى<br>(مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش) | 2376≥ | | 2538≥ | | 2592≥ | |
| كالىبىرلانغان شارائىتتىكى يېقىلغۇ سەرپىيات<br>نىسبىتى (g/kWh) | 250≥ (بويىچە GB 20891-2014) | | | | | |
| ئېقىنتىۋېتىڭ | 3- ھالەت (GB 20891-2014 بويىچە) | | | | | |
| **ھەرىكەتلەندۈرۈش سىستېمىسى** | | | | | | |
| مودېلى | 300 | 320 | B350 | 304 | 324 | 2C-354 |
| ماتور ۋە ھەيدەش لىنىيىسىنىڭ ئۇلىنىش<br>مودى | بىۋاستە ھەيدەش | | | | | |
| مۇفتا | قۇرغاق تىپلىق، ئىزچىل كىرىشتۈرۈلىدىغان، يەككە دىسكىلىق، نامۇستەقىل كونتروللۇق، تاق ھەرىكەتلىك مۇفتا | | | | | |
| چىشلىق چاق ساندۇقى | كومپوزىتسىيىسى (1+4)×2، 8 ئالدى خوت، 2 ئارقا خوت، تۈز چاقلىق چىش، يېقىلما خوت يۆتكەش | | | | | |
| مەركىزىي ھەيدىگۈچ | ئىسپىرال كونۇسسىمان چىشلىق چاق | | | | | |
| دىففېرېنسىيال | بېيىق تىپلىق، ئىككى پلانېتا تۈز كونۇسسىمان چىشلىق چاقلىق تىپ | | | | | |
| دىففېرېنسىئال قۇلۇپى | تاللىۋالغىلى بولىدۇ: مىخ تىپلىق، مېخانىكىلىق كونترول قىلىش | | | | | |
| ئاخىرقى ھەيدىگۈچ | ئىچكىي تاق باسقۇچلۇق سىرتىدىن چىشلىشىدىغان تۈز چىشلىق چاقلىق تىپ | | | | | |
| ئالدى بېتەكچى ئوق | | | | | | |
| ئالدى ھەيدەش ترانسمىسسىيون شافتىسى | — | | | ئوتتۇرىغا ئورنىتىلىدىغان تىپ | | |
| ئالدى مەركىزىي ھەيدىگۈچ | — | | | ئىسپىرال كونۇسسىمان چىشلىق چاق | | |
| ئالدى دىففېرېنسىيال | — | | | بېيىق تىپلىق، ئىككى پلانېتا تۈز كونۇسسىمان چىشلىق چاقلىق تىپ | | |
| ئالدى ئاخىرقى ھەيدىگۈچ | — | | | قوش كونۇسسىمان چىشلىق چاق تىپلىق | | |
| ھەيدەش يۆتكۈزۈش ساندۇقى | — | | | تۈز چىشلىق چاق تىپلىق، چېتىش-ئۈزۈش مېخانىزملىق | | |
| **يەردە ھەيدەش، رول، تورمۇز سىستېمىسى** | | | | | | |

N400041,0002986-UG-16DEC15-2/4

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| مودېلى | | 300 | 320 | B350 | 304 | 324 | 2C-354 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يۈرۈش ھەيدەش سىستېمىسى | | | | | | | |
| رامكا | | رامكا يوق | | | | | |
| ئالدى ئاكسىل | | تەڭشىگىلى بولىدىغان U شەكىللىك رېزىبىلىق يېغىلىدىغان يەڭگىلەك تىپ | | | مۇقىم تىپلىق | | |
| بالوننىڭ تېخنىكىلىق ئۆلچەملىرى | ئالدى چاقلار | 5.00-15 F-1 | | | 6.00-16 R-1<br>(تاللىۋالغىلى بولىدىغان 6.5-16 RP-1 شاللىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق) | | |
| | ئارقا بېتەكچى چاق | 11.2-24 R-1<br>(تاللىۋالغىلى بولىدىغان 9.5-24 R-1)<br>(تاللىۋالغىلى بولىدىغان 9.5-24 PR-1 شاللىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق) | | | 11.2-24 R-1<br>(تاللىۋالغىلى بولىدىغان 9.5-24 R-1)<br>(تاللىۋالغىلى بولىدىغان 9.5-24 PR-1 شاللىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق)<br>(تاللىۋالغىلى بولىدىغان 11.2-24 PR-1 شاللىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۇمىلاق) | | |
| بالون بېسىمى (كلوپاسكال) | ئالدى چاقلار | 165 ~ 220 | | | 120~160 | | |
| | ئارقا بېتەكچى چاق | 120 ~ 150 | | | | | |
| ئالدى چاقنىڭ ئىچ كالىگى (مىللىمېتىر) | | 3 ~ 11 | | | | | |
| رول سىستېمىسى | | | | | | | |
| رولنىڭ چىشلىق چاق تىپى | | مېخانىكىلىق رول، قۇم سائەت قۇرۇت روللىر تىپلىق<br>تاللىۋالغىلى بولىدۇ: تولۇق گىدراۋلىك رول، يۇمىلاق ئايلانما كىلاپان، ئوچۇق ۋە ئىنكاسسىز تىپ | | | تولۇق گىدراۋلىك رول، يۇمىلاق ئايلانما كىلاپان، ئوچۇق ۋە ئىنكاسسىز تىپ | | |
| رول ترابېتسىيە تىپى | | ئالدىغا ئورنىتىلىدىغان تىپ | | | ئارقىغا ئورنىتىلىدىغان تىپ | | |
| رولنىڭ دىئامېتىرى (مىللىمېتىر) | | 406 | | | | | |
| رول دەستىسىنىڭ قىيسىيىشى | | 60° | | | 73.5° | | |
| ئالدى چاقنىڭ ماكسىمۇم ئايلىنىش بۇلۇڭى | | 45° | | | | | |
| گىدراۋلىك رول باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى | مودېل نومۇرى. | BZZ1-E80C تولۇق گىدراۋلىك رول چىشلىق چاقى | | | | | |
| | نومىنال سىقىپ چىقىرىش مىقدارى (ml/r) | 80 | | | | | |
| رولنىڭ ماي پومپىسى | مودېل نومۇرى. | CBT-E306HL062BR | | | | | |
| | نومىنال سىقىپ چىقىرىش مىقدارى (ml/r) | 6 | | | | | |
| | تۇراقلىق ئېقىم مىقدارى (L/min) | 6 | | | | | |
| | نورمىلىق بېسىم (مېگاپاسكال) | 7.5±.5 | | | | | |
| | بىخەتەرلىك كىلاپانىنىڭ بېكىتىلگەن بېسىمى (مېگاپاسكال) | 12.5±.5 | | | | | |
| رول سىلىندىرىنىڭ دىيامېتىرى (مىللىمېتىر) | | تاللىۋالغىلى بولىدۇ: 40 | | | 40 | | |
| رول سىلىندىرىنىڭ مۇساپىسى (مىللىمېتىر) | | تاللىۋالغىلى بولىدۇ: 172 | | | 146 | | |
| تورمۇز سىستېمىسى | | | | | | | |
| ئاسرىلىدىغان تورمۇز | | قۇرغاق تىپ، تاقا تورمۇز، ئۆزىنى تولۇقلاش ئۈپراش بوشلۇقى بولغان، مېخانىكىلىق كونترول قىلىنىدىغان | | | | | |
| پارك تورمۇزى | | پېدالى قۇلۇپلىنىدىغان تىپ | | | | | |

**خىزمەت قىلىش ئۈسكۈنىسى**

| مودېلى | 300 | 304 | 320 | 324 | B350 | 2C-354 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| گىدراۋلىك سۇسپېنزىيە سىستېمىسى | | | | | | |
| تىپ | ئوچۇق، يېرىم ئايرىلغان تىپلىق | | | | | |
| ئاغدۇرۇش چوڭقۇرلۇقىنى كونترول قىلىش مودى | كۈچ كونترول، ئورۇن كونترول ۋە لەيلىتىش كونترول | | | | | |
| گىدراۋلىك پومپا تىپى | CBN-L310 (سول) ياكى CBN-E310BLB (سول) | | | | | |
| گىدراۋلىك پومپىنىڭ نورمىلىق ئېقىمى (L/min) (ماتور سۈرئىتى) | 18 (2200 مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش) | | 19.2 (2350 مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش) | | 19.6 (2400 مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش) | |
| سىلىندىر دىئامېتىرى x مۇساپىسى (مىللىمېتىر) | 80×101 | | | | | |
| سىستېمىنىڭ نورمىلىق بېسىمى (مېگاپاسكال) | 16 | | | | | |

N400041,0002986-UG-16DEC15-3/4

داۋامى كېيىنكى بەتتە

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ماكسىمۇم بېسىمى (مېگاپاسكال) | 17 ~ 18 | | | | | |
| ئەڭ چوڭ گىدراۋلىك چىقىرىش قۇۋۋىتى (كلوۋات) | موتورنىڭ توغرىلانغان قۇۋۋىتىنىڭ 12% ىدىن ئاز ئەمەس | | | | | |
| لەيلىتىش ئۇسكۇنىسى | ئارقىغا ئورنىتىلغان، 1- دەرىجە | | | | | |
| PTO ئوقى | | | | | | |
| تىپ | ئارقىغا ئورنىتىلىدىغان، بېقىندى، چىشلىق چاق تىپىلىپ يۆتكىلىدىغان | | | | | |
| سۈرئەت (مىنۇتىغا/قېتىم دەۋرىيلىنىش) (ترانسمىسسىيون نىسبىتى) | ئاساسىي سەپلىمە 540 (13/48), 720 (16/45)<br>تاللىۋالغىلى بولىدۇ: 540, 1000 (21/42) | | | | | |
| شافتا دىئامېتىرى (مىللىمېتىر) | ئاساسلىق تىپ: 8، 38 چىشلىق تىك توت بۇلۇڭلۇق دولقۇنسىمان چىشلىق شافتا<br>تاللىۋالغىلى بولىدۇ: 6، 35 چىشلىق تىك تۆت بۇلۇڭلۇق دولقۇنسىمان چىشلىق شافتا | | | | | |
| ئايلىنىش يۆنىلىشى | سائەت ئىستربلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە (ئارقىدىن كۆرۈنىشى) | | | | | |
| تراكسىيە قۇرۇلمىسى | | | | | | |
| تىپ | تەۋرەنمە دەستە تىپلىق | | | | | |
| تارتما پىننىڭ دىئامېتىرى (مىللىمېتىر) | 33 | | | | | |
| كوزۇپ ئۇسكۇنىسى | | | | | | |
| تىپ | تاقىسىمان ئىلغۇچ | | | | | |
| ئىلغۇچ پىننىڭ دىئامېتىرى (مىللىمېتىر) | 33 | | | | | |
| **ئېلېكتىرىك ۋە ئۆلچەش ئۇسكۇنىسى** | | | | | | |
| مودېلى | 300 | 304 | 320 | 324 | B350 | 2C-354 |
| ئېلېكتىر سىستېمىسىنىڭ تىپى | 12V، يەر سىمى | | | | | |
| باتارىيە | 12V, 85Ah | | | | | |
| ئىستاتور | 12V, 3kw | | | | | |
| ئالتېرناتور | 14V, 350W | | | | | |
| ئالدى چىراغلار | 12V, 2 55W/60W دانە | | | | | |
| ئالدى بۇرۇلۇش سىگنال چىراغلىرى | 12V, 21W, ئىككى دانە | | | | | |
| ئالدى ئورۇن چىراغلىرى | 2 ،10W ،12V دانە | | | | | |
| ئارقا بۇرۇلۇش سىگنال چىراغلىرى | 12V, 21W, ئىككى دانە | | | | | |
| ئارقا چىراغلار | 2 ،5W ،12V دانە | | | | | |
| تورمۇز چىراغلىرى | 2 ،21W ،12V دانە | | | | | |
| نۇر قايتۇرغۇچ | قىزىل، 2 دانە | | | | | |
| خىزمەت چىرىغى | 1 ،35 W ،12 V ياكى 2 دانە | | | | | |
| گۈدۈك | 12V, 105dB, 3.5A(A), 1 دانە | | | | | |
| ئۆلچىگۈچىلەر | سۇ تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچى، ئىندىكاتور ئۆلچىگۈچى (بۇرۇلۇش سىگنالى، ماتور مېيىنىڭ تۆۋەن بېسىمىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئالدى چىراغلار، باتارىيە زەرەتلىنىش ۋە يەل تورمۇزنىڭ تۆۋەن بېسىمىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئىندىكاتورلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | | | | | |
| **ئىختىيارى قوشۇمچىلار** | | | | | | |
| مودېلى | 300 | 304 | 320 | 324 | B350 | 2C-354 |
| مۇداپىئە قۇرۇلمىسى | ئىككى تۈۋرۈكلۈك قاتلىنىدىغان تىپ | | | | | |
| پرېتسېپىنىڭ تورمۇز قۇرۇلمىسى | | | | | | |
| تىپ | يەل تورمۇز سىستېمىسى، كۆپىدىغان تورمۇز | | | | | |
| يەل غەملەنمىسىنىڭ سىغىمى (لىتىر) | 18 | | | | | |
| تورمۇز كىلاپانىنىڭ ئىشلەش بېسىمى (كلوپاسكال) | 400≤ | | | | | |
| بىخەتەرلىك كىلاپانىنىڭ ئېغىزىنىڭ بېسىمى (كلوپاسكال) | 700~800 | | | | | |

N400041,0002986-UG-16DEC15-4/4

## ماكسىمۇم كونترول كۈچى

| كونترول مېخانىزمى | | ماكسىمۇم كونترول كۈچى N |
|---|---|---|
| تورمۇز | پۇت پېداللىرى | 600≥ |
| يالغۇز ھەرىكەتلىك مۇفتا | | 350≥ |
| مېخانىكىلىق رول | رول | 250≥ |
| گىدراۋلىك رول | | 30≥ |
| گىدراۋلىك رول سىستېمىسى ئىشلىمەس بولۇپ قالغاندا | | 400≥ |
| گىدراۋلىك يۇقىرى كۆتۈرۈش سىستېمىسى | تۇتقۇچ | 70≥ |

N400041,0002987-UG-01DEC15-1/1

## مىنىمۇم ئايلىنىش رادىئۇسى

| مودېلى | تۈر | |
|---|---|---|
| | يالغۇز تەرەپلىك تورمۇز ئىشلىتىلمىگەن m | يالغۇز تەرەپلىك تورمۇز ئىشلىتىلگەن m |
| 300 | 3.5 | 3.0 |
| 304 | 4.0 | 3.3 |
| 320 | 3.5 | 3.0 |
| 324 | 4.0 | 3.3 |
| B350 | 3.5 | 3.0 |
| 2C-354 | 4.0 | 3.3 |

N400041,0002988-UG-01DEC15-1/1

## PTO شافتىسىنىڭ خاسلىقى

| تۈر | مودېلى | | |
|---|---|---|---|
| | 300、304 | 320、324 | 2C-354 ,B350 |
| موتورنىڭ بەلگىلەنگەن تېزلىكىدە ماكسىمۇم چىقىرىش قۇۋۋىتى، kW | 18.9≥ | 20.2≥ | 22.1≥ |
| ئۈزگىرىشچان يۈك سىناش ئوتتۇرىچە يېقىلغۇ سەرپىيات نىسبىتى، g/kW.h | 350≥ | | |
| تەسىرلەنمە ئېنېرگىيە ئۇنۇمىنىڭ چېكى kg/(kWh) | 3.09≥ | | |
| ئايلىنىش مومېنتىنىڭ زاپاس نىسبىتى % | 15≥ | | |
| ماكسىمۇم ئايلىنىش تېزلىكى بىلەن بەلگىلەنگەن تېزلىكنىڭ نىسبىتى % | 75≥ | | |

N400041,0002989-UG-01DEC15-1/1

## تارتىش كۈچىنىڭ خاسلىقى

| مودېلى | تۈر | | | |
|---|---|---|---|---|
| | ماكسىمۇم ئىتتىرىش كۈچى kN | ماكسىمۇم ئىتتىرىش قۇۋۋىتى kW | ماكسىمۇم ئىتتىرىش قۇۋۋىتى شارائىتىدا يېقىلغۇ سەرپىياتىغا نىسبەتەن ئىتتىرىش (kW·h)g/ | ئالدى/ئارقا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئېغىرلىقى kg |
| 300 | 9≥ | 16.5≥ | 340≥ | 104/240 |
| 304 | 11.25≥ | 16.5≥ | | |
| 320 | 9.5≥ | 17.3≥ | | |
| 324 | 12≥ | 17.3≥ | | |
| B350 | 9.75≥ | 19.3≥ | | |
| 2C-354 | 12≥ | 19.3≥ | | |

ئەسكەرتىش: جەدۋەلدە بېرىلگەن ئالدى-ئارقا تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچ ھالىتىدە ماكسىمۇم تارتىش كۈچىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

N400041,000298A-UG-01DEC15-1/1

## گىدراۋلىك لەيلىتىش سىستېمىسىنىڭ خاسلىقى

| مودېلى | تۈر | | |
|---|---|---|---|
| | ماكسىمۇم كۆتۈرۈش كۈچى (ئاستىنقى ئېسىش نۇقتىسىدىن 610 مىللىمېتىر) kN | كۆتۈرۈش تاكتى (ئاستىنقى ئېسىش نۇقتىسىدا) مىللىمېتىر | 30 مىنۇت ستاتىك چۆكۈش قىممىتى مىللىمېتىر |
| 300 | 5.79≤ | 610≤ | يۈك نۇقتىسىنىڭ كۆتۈرۈش دائىرىسى 4% ≥ |
| 304 | | | |
| 320 | | | |
| 324 | | | |
| B350 | | | |
| 2C-354 | | | |

N400041,000298B-UG-01DEC15-1/1

## تۆكۈش سىغىمى (L)

| رەت نومۇرى | تۆكۈش ئورنى | پەسىل | ئاپتول ماركىسىنىڭ ئىسمى | تۆكۈش سىغىمى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | يېقىلغۇ باكى | ياز | 0- نومۇرلۇق ئادەتتىكى دىزېل GB 252-2011 | 40 |
| | | قىش | 10-- نومۇرلۇق ئادەتتىكى دىزېل GB 252-2011 | |
| 2 | سۇ باكى | تۆت پەسىل | پاكىز يۇمشاق سۇ | 2WD: 7.2<br>4WD: 8 |
| 3 | ماتور | تۆت پەسىل | CD 15W-40 دىزېل يېقىلغۇسى GB 11122-2006 (State 2)<br>CF 15W-40 دىزېل يېقىلغۇسى GB 11122-2006 (State 3) | 6~6.5 |
| 4 | هاۋا پومپىسى | | | 0.12 |
| 5 | ماي ۋاننىسىنىڭ هاۋا فىلتىرى | | | 0.25 |
| 6 | مېخانىكىلىق رولنىڭ چىشلىق چاقى | تۆت پەسىل | 26- نومۇرلۇق ياكى 80W/90 چىشلىق چاق مېيى، SH/T 0350-1992 | 0.9 |
| 7 | گىدراۋلىك رول باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى | تۆت پەسىل | گىدراۋلىك مېيى L-HM 32 (بىرىنچى دەرىجە) GB 11118.1 | 1.8 |
| 8 | ئالدى هەيدەش ئاكسىلى (1200 رېزبىلىق) | تۆت پەسىل | N100D ترانسمىسسىيون ۋە گىدراۋلىك قوش ئىقتىدارلىق مېيى | 5.5 |
| 9 | ئالدى هەيدەش ئاكسىلى (1300 رېزبىلىق) | | | 6 |
| 10 | چىشلىق چاق ساندۇقى | | | 16 ~ 2WD: 15<br>17.5 ~ 4WD: 16.5 |
| 11 | ئېلېۋاتور | | | 7~8 |
| 12 | ماي سۈرتۈش پۈركۈش ئېغىزى | تۆت پەسىل | 2 -نومۇرلۇق كالتسىينى ئاساس قىلغان سىلىقلاش مېيى GB/T 491-2008 | مۇۋاپىق مىقدار |
| ئەسكەرتىش: تراكتورنىڭ ترانسمىسسىيون ۋە گىدراۋلىك قوش ئىقتىدارلىق مېيىنىڭ ئاساسىي سۈپەت كۆرسەتكۈچلىرى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بېرىلدى. | | | | |

تۆكۈش سىغىمى

N400041,000298C-UG-16DEC15-1/1

## تىراكتورنىڭ سىلىقلاش ۋە گىدراۋلىك قوش ئىقتىدارلىق مېيىنىڭ ئاساسىي سۈپەت كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈر | سۈپەت ئىندىكاتورلىرى |
|---|---|
| كىنېماتىك يېپىشقاقلىق mm2/s<br>℃40<br>℃100 | 90 ~ 110<br><br> |
| ئۆلچەنگەن | |
| يېپىشقاقلىق كۆرسەتكۈچى | 90≤ |
| چاقناش نۇقتىسى (ئوچۇق) ℃ | 200≤ |
| قېتىشىش نۇقتىسى ℃ | 33-≥ |
| مىسنىڭ چىرىشى، دەرىجىسى | 1≥ |
| داتلىشىش قارشىلىقىنى سىناش (دىستىللەنگەن سۇ) | داتلاشمىغان |
| سۇ تەركىبى % (m) | ≥ .03 (ئىز) |
| مېخانىكىلىق ئارىلاشما % (m) | 01.≥ |
| تۆت شارمەكلىك يۈك سىنىقى kg (PB) | ≥834(85) |
| تۆت شارمەك تىرەپ ئۆرىدىغان ئۇپراش (30 min 50 kg,) mm | 0.5≥ |
| كۆپۈكلىشىش (5.±93℃) mL/mL | 75/0 |
| كۆتۈرۈش سىغىمى، كاشىلا، دەرىجە | 10≤ |

N400041,000298D-UG-01DEC15-1/1

## مۇھىم زاپچاسلارنىڭ چىڭىتقۇچلىرىنىڭ چىڭىتىش ئايلىنىش مومېنتى

| رەت نومۇرى | ئىسمى ۋە قۇراشتۇرۇش زاپچاسلىرى | رېزبا چوڭلۇقى | چىڭىتىش مومېنتى | |
|---|---|---|---|---|
| | | | N.m | Kgf·m |
| 1 | موتور ۋە مۇفتا ئوقفازىنىڭ چېتىش بولتىسى | M12×1.75 | 73 ~ 89 | 7.4 ~ 9.1 |
| 2 | موتور ۋە تىرەكنى چېتىش بولتىسى | M16×2 | 144 ~ 160 | 14.7 ~ 16.3 |
| 3 | مۇفتا ساندۇقى بىلەن چىشلىق چاق ساندۇقىنى ئۇلايدىغان گايكا | M14×1.5 | 100 ~ 120 | 10.2 ~ 12.2 |
| 4 | ئالدى شافتىنىڭ ئەستىرى ۋە قوشۇمچە ئەستەرنىڭ ئۇلاش گايكىسى | M14×1.5 | 100 ~ 120 | 10.2 ~ 12.2 |
| 5 | يېرىم ئوق ئوقفازىنى ۋە ئالدى ساندۇق ئالدى ئاخىرقى تېزلىك كوروپكىسىنىڭ ئوقفازىنىنى چېتىش بولتىسى | M10×1.5 | 37 ~ 59 | 3.8 ~ 6 |
| 6 | ھەيدەش چاقىنىڭ شادىسى ۋە رامىنىڭ تۇتتۇرما گايكىلىرى | M14×1.5 | 146 ~ 180 | 14.9 ~ 18.3 |
| 7 | يېتەكچى چاق شادىسى ۋە يېتەكچى ئوقنى چىڭىتىش گايكىسى | M14×1.5 | 199 ~ 235 | 20.3 ~ 24 |
| 8 | چىشلىق چاق ساندۇقى ۋە ئاخىرقى ترانسمىسسىيون ساندۇقىنى تۇتاشتۇرىدىغان بولتا | M10×1.5 | 37 ~ 59 | 3.8 ~ 6 |
| 9 | مۇفتا ساندۇقى بىلەن ئېلېۋاتور ساندۇقىنى ئۇلايدىغان گايكا | M10×1.5 | 37 ~ 59 | 3.8 ~ 6 |
| 10 | رولنىڭ چىشلىق چاق ساندۇقى بىلەن مۇفتىنىڭ چىشلىق چاق ساندۇقىنى ئۇلايدىغان گايكا | M10×1.5 | 14.3 ~ 24.7 | 1.5 ~ 2.5 |
| 11 | يېتەكچى چاقنىڭ شادىسى ۋە چاق كۇدىسىنىڭ تۇتتۇرما گايكىلىرى | M14×1.5 | 199 ~ 235 | 20.3 ~ 24 |
| ئەسكەرتىش: موتورنىڭ رېزبىلىق چىڭىتقۇچلىرى زاۋۇتتا تەكشۈرۈلگەن. | | | | |

N400041,000298E-UG-01DEC15-1/1

## مېترىك بولتا ۋە ۋىنتىنىڭ مومېنت قىممەتلىرى




TS1670—UN—01MAY03

| سىنىپ 12.9 | | | | Class 10.9 | | | | سىنىپ 8.8 ياكى 9.8 | | | | سىنىپ 4.8 | | | | بولتا ياكى قالپاقلىق ۋىنتىلارنىڭ ئۆلچەملىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇرغاق تىپلىق[b] | | سىلىقلانغان[a] | | قۇرغاق تىپلىق[c] | | سىلىقلانغان[a] | | قۇرغاق تىپلىق[b] | | سىلىقلانغان[a] | | قۇرغاق تىپلىق[b] | | سىلىقلانغان[a] | | |
| .lb.-in | N·m | .lb.-in | N·m | .lb.-in | N·m | .lb.-in | N·m | .lb.-in | N·m | .lb.-in | N·m | .lb.-in | N·m | .lb.-in | N·m | |
| 172 | 19.5 | 137 | 15.5 | 146 | 16.5 | 115 | 13 | 100 | 11.3 | 79 | 8.9 | 53 | 6 | 42 | 4.7 | M6 |
| .lb.-ft | N·m | .lb.-ft | N·m | .lb.-ft | N·m | .lb.-ft | N·m | | | | | | | | | |
| 35 | 47 | 27.5 | 37 | 29.5 | 40 | 23.5 | 32 | 243 | 27.5 | 194 | 22 | 128 | 14.5 | 102 | 11.5 | M8 |
| | | | | | | | | .lb.-ft | N·m | .lb.-ft | N·m | .lb.-ft | N·m | | | |
| 70 | 95 | 55 | 75 | 59 | 80 | 46 | 63 | 40 | 55 | 32 | 43 | 21 | 29 | 204 | 23 | M10 |
| | | | | | | | | | | | | | | .lb.-ft | N·m | |
| 120 | 165 | 95 | 130 | 105 | 140 | 80 | 110 | 70 | 95 | 55 | 75 | 37 | 50 | 29.5 | 40 | M12 |
| 190 | 260 | 150 | 205 | 165 | 220 | 130 | 175 | 110 | 150 | 88 | 120 | 59 | 80 | 46 | 63 | M14 |
| 300 | 400 | 235 | 320 | 255 | 350 | 200 | 275 | 175 | 240 | 140 | 190 | 92 | 125 | 74 | 100 | M16 |
| 410 | 560 | 325 | 440 | 350 | 475 | 275 | 375 | 245 | 330 | 195 | 265 | 125 | 170 | 100 | 135 | M18 |
| 580 | 790 | 460 | 625 | 500 | 675 | 390 | 530 | 350 | 475 | 275 | 375 | 180 | 245 | 140 | 190 | M20 |
| 800 | 1080 | 625 | 850 | 680 | 920 | 535 | 725 | 480 | 650 | 375 | 510 | 245 | 330 | 195 | 265 | M22 |
| 1000 | 1350 | 800 | 1080 | 850 | 1150 | 680 | 920 | 600 | 820 | 480 | 650 | 315 | 425 | 245 | 330 | M24 |
| 1475 | 2000 | 1160 | 1580 | 1250 | 1700 | 1000 | 1350 | 885 | 1200 | 700 | 950 | 460 | 625 | 360 | 490 | M27 |
| 2000 | 2700 | 1580 | 2140 | 1700 | 2300 | 1350 | 1850 | 1200 | 1630 | 950 | 1290 | 625 | 850 | 490 | 660 | M30 |
| 2730 | 3700 | 2150 | 2900 | 2325 | 3150 | 1850 | 2500 | 1625 | 2200 | 1300 | 1750 | 850 | 1150 | 665 | 900 | M33 |
| 3500 | 4750 | 2770 | 3750 | 3000 | 4050 | 2350 | 3200 | 2100 | 2850 | 1650 | 2250 | 1075 | 1450 | 850 | 1150 | M36 |

بۇ جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن ئايلىنىش مومېنتىنىڭ قىممىتى بولتا ياكى ۋىنتىلارنىڭ كۈچىگە ئاساسلانغان بولۇپ، پەقەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. بەزى قوللىنىشلار ئۈچۈن، ئەگەر بەلگىلەنگەن ئايلىنىش مومېنتىنىڭ قىممىتى ياكى چىڭىتىش ئۇسۇلى پەرقلىق بولسا، يۇقىرىدا تەۋسىيە قىلىنغان قىممەتنى ئىشلەتمەڭ. داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان چىگىتقۇچلار ياكى تاقىسىمان بولتىلارنىڭ گايكىلىرى ئۈچۈن، ئالاھىدە قوللىنىشلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن چىڭىتىش تەلەپلىرىگە قاراڭ. ئەگەر چىڭىتىش تەلەپلىرى ئالاھىدە قوللىنىشلار ئۈچۈن بولمىسا، سۇلياۋ شايبا ياكى پۈرمە بار بولغان پولاتتىن ياسالغان قۇلۇپلاش گايكىسىنى چىڭىتىش ئۈچۈن جەدۋەلدە بېرىلگەن قۇرغاق ھالەتتىكى ئايلىنىش مومېنتىنىڭ قىممىتى بويىچە ئىش قىلىڭ.

ئالدىن لايىھەلەنگەن يۈك ئاستىدىكى بىخەتەرلىك بولتىلىرى ئىناۋەتسىز بولىدۇ. ئۇلارنى ئوخشاش خاسلىق كاتېگورىيىسىدىكى بىخەتەرلىك بولتىلىرى بار بولغانلىرىغا ئالماشتۇرۇڭ. چىگىتقۇچلارنى ئوخشاش ياكى ئۇنىڭغاين يۇقىرى بولغان خاسلىق دەرىجىسى بار بولغان چىگىتقۇچلارغا ئالماشتۇرۇڭ. ئەگەر يۇقىرى خاسلىق دەرىجىسىدىكى چىگىتقۇچلار ئىشلىتىلسە، ئۇلارنى ئەسلىدىكى تەلەپ قىلىنغان كۈچ بويىچە چىڭىتىڭ. چىگىتقۇچ رېزبىسى پاكىز بولسۇن ھەمدە رېزبا بېشى نورمال جىپسىلاشسۇن. ئالاھىدە قوللىنىشلار ئۈچۈن ئوخشىمىغان چىڭىتىش تەلەپلىرى قويۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇمكىن بولغاندا، قۇلۇپلاش گايكىلىرى، چاق بولتىلىرى ياكى گايكىلاردىن باشقا ئادەتتىكى ياكى سىنىك يالىتىلغان چىگىتقۇچلارنى مايلاڭ.

[a] «سىلىقلانغان تىپ» سىلىقلاش قەۋىتى ئارقىلىق مايلانغانلارغا قارىتىلغان، مەسىلەن، ئاپتول، ياكى فوسفات ۋە ماي قەۋىتى يالىتىلغانلىرىغا قارىتىلغان، ياكى F13C, F13F ياكى F13J ئۆلچىمى بويىچە سىنىك يالىتىلغان M20 ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان چىگىتقۇچلارغا قارىتىلغان.

[b] «قۇرغاق تىپ» ئادەتتىكى ياكى سىنىك يالىتىلغان سىلىقلاش يوق بولغان چىگىتقۇچلارغا قارىتىلغان، ياكى JDM F13B, F13E ياكى F13H ئۆلچىمى بويىچە سىنىك يالىتىلغان M6 -M18 تىپلىق چىگىتقۇچلارنى كۆرسىتىدۇ.

[c] «قۇرغاق تىپ» ئادەتتىكى ياكى سىنىك يالىتىلغان سىلىقلاش يوق بولغان چىگىتقۇچلارغا قارىتىلغان، ياكى JDM F13B, F13E ياكى F13H ئۆلچىمى بويىچە سىنىك يالىتىلغان M6 -M18 تىپلىق چىگىتقۇچلارنى كۆرسىتىدۇ.

N400041,0002042-UG-11MAR15-1/1

## ئىنگلىز سىستېمىسىدىكى بولتا ۋە ۋىنتىنىڭ ئايلىنىش مومېنتىنىڭ قىممىتى



TS1671—UN—01MAY03

| SAE دەرىجىسى 8 ياكى8.2 | | | | SAE دەرىجىسى 5, 5.1 ياكى 5.2 | | | | SAE دەرىجىسى 2[a] | | | | SAE دەرىجىسى 1 | | | | بولتا ياكى قالپاقلىق ۋىنتىلارنىڭ ئۆلچەملىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
